87.7.22

ABDUL CELİL
Yeni Doğan Mah. Sok. 41
No. 7/4 Tel. : 558 40 92
Zeytinburnu - İst.

# ديوان زليلى

١٤٠٥

# زەلىلى دىۋانى

TURAN KİTAPLIĞI

مىللەتلەر نەشرىياتى

ش ئۇ ئار ئازسانلىق مالەتلەرنىڭ قەرىمتى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشىنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن

TURAN KİTAPLIĞI

## مۇندەرىجە


زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە.................... ( 1 )

«زەلىلى دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاشقا دائىر بەزى ئىزاھاتلار
.................................................................. ( 21 )

غەزەللەر .................................................... ( 1 )

رۇبائى، مۇخەممەس ۋە مۇستەھزادلەر ........................ (367)

رۇبائىيلار............................................. (369)

مۇخەممەسلەر........................................... (383)

مۇستەھزادلەر ......................................... (430)

قەسىدە، ساقىنامە، تەزكىرە، سەپەرنامە........................ (441)

بىرىنچى قەسىدە .......................................... (443)

ئىككىنچى قەسىدە ......................................... (448)

ساقىنامە................................................ (451)

چىلتەن تەزكىرىسى ....................................... (456)

خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار تەزكىرىسى.................... (478)

سەپەرنامە................................................ (556)

TURAN KİTAPLIĞI

# زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە (تەخمىنەن 16 — 18 ـ ئەسىرلەردە)، ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتى دولقۇنسىمان ھالەتتە راۋاجلاندى. بۇنىڭغا سىياسى ـ ئىجتىمائى ھادىسىلەر ئەلۋەتتە تەسىر قىلغان ئىدى.

1678 ـ يىلى ھىدايەتۇللا ئىشان — "ئاپاق خوجا"، مەلۇم ۋاستىلەر بىلەن، "سەئىدىيە خانلىقى"نى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتە شەھەردە "ئاپاق خوجا"نىڭ سۇلۇكى ئاساس بولغان ئىشانلىق يامراپ كەتتى. ھەر خىل ئۇلۇغ ناملارنى يەنى ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ ناملىرىنى سۈيئىستىمال قىلىش بىلەن تۈرلۈك "مازارلار" كۆرۈنگەنلا جايدا تىكلىنىۋەردى. "سەئىدىيە خانلىقى"نىڭ 160 يىل داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىنچ ئۆتكەن مەزگىللىرىدە، ئىلىم ـ مەرىپەت خېلى راۋاج تاپقان ئىدى. لېكىن "ئاپاق خوجا" باشلىغان مالىماندىن كېيىن، پەقەت سوفىلەرچە تائەت ـ ئىبادەت ۋە مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا سەدىقە ـ ساخاۋەت قىلىشنىلا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىردىن ـ بىر يولى دەپ تەكىتلەيدىغان رىياكار ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىنىڭ ئەڭ تەسىرچان نامايەندىسى بولغان ئەدەبىيات مەزكۇر مۇھىت ئىچىدە خىلمۇ ـ خىل ئىدىيىۋى تۈس ئالدى. شۇڭا، بۇ دەۋردە ياشىغان ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى

تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىپ، پوستىغا يەنى شەكلەن زاھىرىغا ئەمەس، مېغىزىغا يەنى ئىچكى-باتىنىغا كۆز يۈگۈرتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

زەلىلى مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان زاماندا ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائى مۇھىتتا ياشىغان ھەم ئىجات ئەتكەن شائىرلىرىمىزدىن بىرى.

تەۋفى ئىمام ئەتكەلى كەتتى بۇ زەلىل،
ياركەند ئىچىدە نەيلەسۇن ئابۇزەمىنى يوق؛

دېگەن مىسرالىرىغا قارىغاندا، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ياركەنتتە، كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان "جاھانگەشت" شائىر.

شائىر ھىجرى 1157-يىلى («كىچىك دىۋان» بويىچە ھىجرى 1155-يىلى) يازغان «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۈزرۈگ-ۋار» داستانىدا، "ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئۆلمادى"، "قىرىق يىلدىن تابۇدەمغە خىرقە پوش" دەپ يازغان مىسرالىرى ھەمدە ھىجرى 1131-(مىلادى 1718-) يىلى يازغان «سەفەرنامە»سىدىكى "خەستە زەلىلىدۇر چۇ نادان ھۇنۇز، بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھۇنۇز" دېگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان "قىرىق يىل" ياكى قىرىق ياش" ۋە "ئۆمرى يەتمىش" دېگەن سانلار بويىچە ھېساپلىغاندا، زەلىلى تەخمىنەن ھىجرى 1087-ياكى 1091-يىللىرى (مىلادى 1676-ياكى 1680-يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما قانچە يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

زەلىلى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى تاكى 30 ياشقا كىرگىچە،



«سەفەرنامە»سىدە تەرىپلىگىنىدەك:

شەھەر ئىدى شان نىشىنى كانى رەخت،
بارچە موغۇلىيە ئارا پايى تەخت؛

مۈلكى مۇرەسسەئ شەھەرى تازە،
ئاقسۇ-كۇچانىڭ يۈزىگە غازە؛

بولغان ياركەنتتە، ئوقۇش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. "سەئىدىيە خانلىغى"نىڭ ئىككىنچى پادىشاسى ئابدۇرەشىدخان زامانىسى (1511-1570-يىللىرى) تەسىس قىلىنغان "خانلىق مەدرەسە" زەلىلى ئاساسىي بىلىم ھاسىل قىلغان يۇقۇرى ئوقۇش يۇرتى بولسا كېرەك. بۇ مەدرەسە ھەققىدىمۇ زەلىلى شۇنداق يازىدۇ:

چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملەكەت،
رەۋنەقى باغۇ چىمەنى مەئرىفەت.

بىر تەرەفى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستانىدۇر.

جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان...

گەرمى مۇتالىئەدە ھەنگامە،
دەرس بېرۇر ۋەقتىدە ئەللامە.

تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىپ، پوستىغا يەنى شەكلەن زاھىرىغا ئەمەس، مېغىزىغا يەنى ئىچكى-باتىنىغا كۆز يۈگۈرۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

زەلىلى مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان زاماندا ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىغان ھەم ئىجات ئەتكەن شائىرلىرىمىزدىن بىرى.

تەۋفى ئىمام ئەتكەلى كەتتى بۇ زەلىل،
ياركەند ئىچىدە نەيلەسۇن ئابۇزەمىنى يوق؛

دىگەن مىسرالىرىغا قارىغاندا، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ياركەنتتە، كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان "جاھانگەشت" شائىر.

شائىر ھىجرى 1157-يىلى («كىچىك دىۋان» بويىچە ھىجرى 1155-يىلى) يازغان «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار» داستانىدا، "ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئۆلمادى"، "قىرىق يىلدىن تابۇدەمغە خىرقە پوش" دەپ يازغان مىسرالىرى ھەمدە ھىجرى 1131-(مىلادى 1718-) يىلى يازغان «سەفەرنامە»سىدىكى "خەستە زەلىلىدۇر چۇ نادان ھۇنۇز، بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھۇنۇز" دىگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان "قىرىق يىل" ياكى قىرىق ياش" ۋە "ئۆمرى يەتمىش" دىگەن سانلار بويىچە ھىساپلىغاندا، زەلىلى تەخمىنەن ھىجرى 1087-ياكى 1091-يىللىرى (مىلادى 1676-ياكى 1680-يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما قانچە يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

زەلىلى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى تاكى 30 ياشقا كىرگىچە،



«سەفەرنامە»سىدە تەرىپلىگىنىدەك:

شەھەر ئىدى شان نىشىنى كانى رەخت،
بارچە موغۇلىيە ئارا پايى تەخت؛

مۇلكى مۇرەسسەئ شەھەرى تازە،
ئاقسۇ-كۇچانىڭ يۈزىگە غازە؛

بولغان ياركەنتتە، ئوقۇش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۆزىدۇ. "سەئىدىيە خانلىغى"نىڭ ئىككىنچى پادىشاسى ئابدۇرەشىدخان زامانىسى (1511-1570-يىللىرى) تەسىس قىلىنغان "خانلىق مەدرەسە" زەلىلى ئاساسىي بىلىم ھاسىل قىلغان يۇقۇرى ئوقۇش يۇرتى بولسا كېرەك. بۇ مەدرەسە ھەققىدىمۇ زەلىلى شۇنداق يازىدۇ:

چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملەكەت،
رەۋنەقى باغۇ چىمەنى مەئرىفەت.

بىر تەرەفى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستانىدۇر.

جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان...

گەرمى مۇتالىئەدە ھەنگامە،
دەرس بېرۇر ۋەقتىدە ئەللامە.

ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۈچۈن،
مەسنەدى ھىكمەتدە فلاتۇن ئۈچۈن...

زەلىلى شۇ زاماننىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان خانلىق مەدرەسەدە، ئەرەب-فارس تىللىرىنى ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇلى ۋە باسقۇچلىرى بويىچە پىششىق ئۆزلەشتۈرىدۇ. مەدرەسەدە ئوقۇشقا تېگىشلىك ئومۇمى ساۋاتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەرەب-فارس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇمتاز شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىدىكى ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بارلىق چوڭ-كىچىك ۋاقىئە ۋە شەخسلەر پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە دېتاللىرىغىچە پۇختا ئۆگىنىدۇ. (بۇنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەقەلىك ئىبارىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ). ئۇ چاغلاردا، ئومۇمەن مەدرەسە تالىپلىرىدىن "نەزمە تەرتىب" قىلمايدىغانلىرىنى يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. لېكىن زەلىلىنىڭ ئىجادىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ياش چېغىدىنلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا "مەجنۇنلارچە ئاشىق" بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەۋەسكار تالىپلاردەك شېئىرنى "ئويناپ" يازماي، "ئويلاپ" يازغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. زەلىلىنىڭ ياشلىق-يىگىتلىك دەۋرىگە ئائىت بىۋاستە ماتېرىيال بولمىغىنى ئۈچۈن، ئېنىق پىكىر ئېيتىش تەس.

زەلىلىنىڭ راسا يىگىتلىك قىرانىغا يەتكەندە، بىردىنلا سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ قېلىشى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان مەسىلە. دەرۋەقە، ئۇنىڭغا بىرەر ئىجتىمائىي ھادىسە، ياكى ئۇنىڭ ئىدىيە-ئاڭىدا يۈز بەرگەن بىرەر تاسادىپىي زىددىيەت سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:



سورماغاندىن مېنى بېدادلەر،
زالىمۇ بى رەھىم پەرىزادلەر.

ياخشىراق ئولدۇركى سەفەر ئەيلەيىن،
داغ چېكىپ يار جەفاسىنى دەيىن.

نەتىجىدە، "ئەلەم ۋە جەفا" دەستىدىن، "جەندە كىيىپ، كەمەر باغلاپ" يار كەنتىنى تاشلاپ، ئۇكسى دەلىلى ۋە دوستى موللا غەزەلنى ھەمراھ قىلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

لېكىن، زەلىلى بىردىنلا سەپەرنى ئىختىيار قىلغانلىقىنى "ئىشق يولىغا قەدەم قويغانلىقى ۋە "ياخشى-يامانىنى ئىمتىھان قىلىش" كويىغا كىرگەنلىكى بىلەن ھەقلىق ئىش دەپ ھىساپلىماق بولىدۇ:

ئىلىم ئەيدى ئىبتىدا قىل، ئەقىل ئەيدى ئىنتىھا قىل،
بۇ ئىككىنى رەھاقىل، ئىشق ئېتىبار ئەمەسمۇ؟

زەلىلىنىڭ ئىنىسى دەلىلى ھەم "موللا غەزەل" دەپ ئاتالغان يەنە بىر ھەمراھىمۇ زەلىلىگە ئوخشاشلا ئەدەبىيات ئەھلى بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇكسىمۇ زەلىلىنى دوراپ ئۆزىگە "دەلىلى" دەپ تەخەللۇس قويغان ۋە ھەمراھىمۇ "موللا غەزەل" دەپ ئاتالغان. ئەپسۇسكى، "دەلىلى بىلەن "موللا غەزەل"نىڭ قالدۇرغان يادنامىلىرى تېخىچە بىزگە مەلۇم ئەمەس.

زەلىلى "ئىشق ئېتىبارى" بىلەن، قىرىق يىللاپ، سەپەر مۇشكۇلىنى چېكىپ، نۇرغۇن مەنزىللەرنى كېزىدۇ: ئارتۇچ (مەشھەد)،

كاشغەر، خوتەن، ھەتتا ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرفان، قۇمۇللار-
غىچە ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە "دىۋانە ئاشىقلار"نىڭ
تەرزىدە، "مازارلار"نى تاۋاپ قىلىدۇ. گوياكى "قەلەندەر سىفەت"
(نان تىلەگۈچى دىۋانە ئەمەس، "ئاشىق قەلەندەر" ئەلۋەتتە)
بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ يىل، بۇ يەردە ئىككى يىل ئىستىقامەت قىلىدۇ.
ئاخىردا، ئانىسىنىمۇ ئالدۇرۇپ كېلىپ، خوتەندە تۇرۇپ قالىدۇ.
زەلىلىنى شائىرلا ئەمەس، ئۇنى يېتۈك مۇغەننىي (مۇزىكانت)
دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ نەغمىگە ئالاھىدە خۇشتار بولغىنى ۋە ھاياتتا
نەغمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوينايدىغان رولىنى ياخشى چۈشەنگىنى
ئۈچۈن، نەغمە توغرىسىدىمۇ كېزى كەلگەندە چىرايلىق بېيىتلىرىنى
يېزىپ قالدۇرغان.

نەغمە بىلەن تازەدۇر جانلەر،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلەر.

نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۆزدى مىھارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر.

نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن،
نەغمە بىلەن قىلدى فەراموش ۋەتەن.

زەلىلى ئادەتتىكى نەغمە ھەۋەسكارى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر
كلاسسىك-ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى — مۇقاملاردىنمۇ ئوبدان خەۋەردار
ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىدىنمۇ بىلىش مۇمكىن:



مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى ئىراق،
مەشق جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم.

ئەجايىب مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتى بەيابانىكىم،
نەۋايى نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇكەباب ئەردى.

زەلىلى چالغۇئەسۋاپلىرى بىلەنمۇ ئوبدانلا تونۇش بولسا كېرەك.
ئۆز شېئىرلىرىدا بىرقانچە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى (نەي، ئۇد، ئەرغەنۇن،
قانۇن، چاڭ، راۋاپ ۋە باشقىلار) تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئەرغە-
نۇننى شېئىرلىرىدە كۆپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، زەلىلى
ئۇستا ئەرغەنۇنچى بولسا كېرەك.

چۇ قانۇنى مۇھەببەت ئۇستىخانىم پۇرسەدا بولدى،
رەگى ئەئزالەرىمدىن ئەرغەنۇنغە تار بولغايمۇ؟

مەن نەۋايى نالەئى نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،
ئەرغە نۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر.

شۇنىڭدەك "ئەرغەنۇننىڭ سەداسىدىن كۆيدۇم، شۆئلە تاشلايدۇ
زىرئىلە بومدە"، شېئىرلىرىمىنىڭ "ھەرفى ھەر بېيىتىمدە يۈز مىڭ
ئەرغەنۇن ئەيلەپ فىغان" دېگەن مىسرالىرى يۇقۇرقى پىكرىمىزنى
تەستىقلايدۇ.
زەلىلىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەخمىنى مۇلاھىزىلىرىمىز شۇنچە-
لىكلا.

زەلىلىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەم ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ماھىيەتلىرى توغرىسىدا تېخى چوڭقۇر تەھلىل ۋە تەتقىق ئېلىپ بارمىدۇق. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۈچۈن، شائىرنىڭ 50 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا يازغان ھەممە ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە ئۇلار بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىشىمىز لازىم ئىدى. تېخىچە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، زەلىلىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت يولىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئاساسلىق-ئېنىق مۇلاھىزىلەرنى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنىڭ قاسناقلىرىغا ياندىشالىغان دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىلا ئېيتىمىز.

زەلىلى ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنىڭدەك زەلىلى "قەسىدە" ۋە "تەزكىرە"لەر ئۈچۈنمۇ ئىجادىي كۈچ ۋە زېھنىنى كۆپ سەرپ قىلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سەفەرنامە»سى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە، زەلىلى دەۋرىگە كەلگىچە، لىرىكىنىڭ غەزەل، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، رۇبائىي، مەسنەۋى قاتارلىق ژانىرلىرىدا بەلگىلىك ئەنئەنە شەكىللىنىپ بولغان ۋە باي تەجرىبىلەر يارىتىلغان ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، لۇتفى، سەككاكى، نەۋايى كەبى ئۇستازلار ئۆز زامانلىرىدا لىرىك ژانىرلارنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان ۋە يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان بولسا، خىرقەتى، زەلىلى، نەۋبەتى زامانىسىغا كەلگەندە، لىرىك ژانىرلار ئۆز ھاياتىنى شۇ ئاساستا داۋاملاشتۇردى ۋە يەنىمۇ مول تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتتى.

زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى. بۇ جەھەتتە، خۇسۇسەن غەزەلخان-



لىقتا، نەۋايى ئۇستاز بولسا، زەلىلى شاگىرت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدا نەۋايىنى كۆپىنچە تەشبىھ يولى بىلەن يادلاپ ئۆتىدۇ.

ئالدى بىلەن، زەلىلى غەزەللىرىنىڭ شەكىللىرىدىن سۆز باشلايلى. نەۋايى ئومۇمى غەزەللىرىدە ئارۇزنىڭ ئاساسىي بەھرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك (مەسلەن، ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇنسەرىھ، مۇزارى، مۇجتەس، ھەفىف، مۇشاكىل، مۇتەقارىب، مۇتەدارىك، كامىل، تەۋىل بەھرىلىرىنى) ماھارەت بىلەن ئىشلەتكەن①. زەلىلىمۇ ئۆز غەزەللىرىدە ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇتەقارىب، مۇنسەرىھ، تەۋىل، ھەفىف بەھرىلىرىنى ئىشلەتكەن.

كلاسسىك شائىرلار غەزەلنى كۆپىنچە 5-7 بېيت بىلەنلا تۈگەللەيدۇ. زەلىلىمۇ ئۆز غەزەللىرىنى تولاراق 5 ياكى 7 بېيىتلىك قىلىپ يازىدۇ. لېكىن زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە 9، 15، 17، ھەتتا 25 بېيىتلىكلىرىمۇ بار. مۇنداق غەزەللەر قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قەسىدە ياكى مۇناجاتقا ياتىسىمۇ، زەلىلى دىۋانلىرىدا ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە غەزەللەر رېتىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، غەزەل ھېساپلىدۇق. مەسلەن، زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە 5 بېيىتلىك 70 غەزەل، 7 بېيىتلىك 65 غەزەل؛ ئۇنىڭدىن قالسا 6 بېيىتلىك (15 غەزەل)، 8 بېيىتلىك (13 غەزەل)، 9 بېيىتلىك (15 غەزەل) بار.

ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە 16 خىل ژانىر

① قاراڭ: ياقۇبجان ئىساقوف «نەۋايى پوئېتىكىسى» («خەزايىنۇل مەئانى» ئاساسىدا). تاشكەنت، ئۆز. س س ر. «پەن» نەشرىياتى. 1983 - يىل.

ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ. زەلىلىنىڭ قولىمىزدىكى ئەسەرلىرى بولسا، 8 خىل ژانىردىن (غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىدە، ساقىنامە، تەزكىرە ياكى داستان، سەفەرنامە) تەركىب تاپقان.

زەلىلىنىڭ غەزەللىرى مەزمۇن جەھەتتىن كۆپىنچە پىشىپ يېتىلگەن، تۈزۈلمىسى پۇختا مەنتىقى ئاساستا شەكىللەنگەن. زەلىلى غەزەللىرى ئاساسەن دىداكتىكىلىق غەزەللەردۇر. دىداكتىكىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەتتە پەندى-نەسىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردۇر. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە ئۆزگىلەر ئۈچۈن بېغىشلانغان "ئۆگۈتنامە" ۋە "ئىبرەتنامە"، ياكى قۇرۇق نەسىھەتۋازلىقتىن ئىبارەت دېيىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە توغرا باھا بېرىلگەن بولمايدۇ. دەرۋەقە، زەلىلى غەزەللىرى ئومۇمىيەتتە دىداكتىكىلىق ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەخلاقىي-تەربىيىۋى خاراكتېردىكى غەزەللەردىن ئىبارەت. لېكىن بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

زەلىلىنىڭ ھايات يولى ئۇنى تەسەۋۋۇف روھىدىكى ئىشقى شېئىرلارنى يېزىشقا ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا، تەسەۋۋۇف روھىدا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئۆزىدە، ئىشقى، ئىجتىمائىي-سىياسىي مەزمۇنلار دىداكتىكىلىق ۋاستە بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداق شېئىرلار ئەلۋەتتە پەلسەپىي شېئىرلار دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەرقانداق شائىرنىڭ زامانغا تۇتقان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پوزىتسىيىسى ۋە كۆزقاراشلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغىنىدەك، زەلىلىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەسەۋۋۇف پەلسەپىسىنىڭ ئېتىكىلىق-ئەخلاقىي تەرىپىگە بېغىشلىغان. تەسەۋۋۇف پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەر زەلىلىنىڭ كۆپىنچە غەزەللىرىدە، بولۇپمۇ تەزكىرە



(داستان)لىرىدىكى ئاساسىي خاھىش-مايىللىق ھېساپلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇف پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادە ۋاستىسى ئىشقتۇر. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئومۇمى كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسىمۇ ئىشق ئىدى. مەزكۇر زاماننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، ئىشق ئىككى قات مەنىگە ئىگە ئىدى. بىرى، مەجازى ئىشق (يەنى ئىنسانغا ۋە مەۋجۇدىيەتكە بولغان زاھىرى — رىيال مۇھەببەت)، يەنە بىرى ھەقىقى ئىشق (يەنى ئىنساننى ۋە مەۋجۇدىيەتنى ياراتقۇچى — ھەققە بولغان مۇھەببەت). ھەرقانداق كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە، ئىشقنىڭ بۇ ئىككى تەرەپى ھېچقاچان بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇلمايدۇ. مەجازى ئىشق ھەقىقى ئىشقنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. زەلىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇنىڭ ئىشق توغرىسىدىكى كۆزقاراش ياكى چۈشەنچىسىنى مۇنۇ شېئىرلاردىن كۆرۈش مۇمكىن:

باغى جۇنۇننىڭ سەمەرى ئىشقدۇر،
ئىككى جەھان ھەم ئەسەرى ئىشقدۇر.

كەئبەدە ھەم بۇتكەدە دۇر ئىشقدىن،
بادەۋۇ مەيكەدەدۇر ئىشقدىن.

ئىشق ئەگەر بولماسا پەرۋەردەگار.
ھەرگىز ئۆزىن قىلماس ئىدى ئاشكار.

ئىشق بىلەن زاھىر ئولۇپ مۇنچە نۇر،
ئىشق ئۇچۇن كەلدى شەرابەن تەھۇر.

ئىشق پەيدا ئەيلەدى بۇ كايىنات،
ئىشق ئەگەر بولماسا بۇ كوھنە رەبات.

زەلىلى بۇ مىسرالىرى بىلەن شۇنى ئۇقتۇرغانكى، ئىشقنىڭ سەۋەبىدىن دۇنيا يارالغان، ئىشقنىڭ پەيلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا دەپ ئايرىلغان، ئىشقنىڭ تەسىرىدىن ئادەملەر كەئبىدە ياكى بۇتكەدە (بۇتخانا)دە بولغان، ئىشقنىڭ تۇغيانىدىن كىشىلەر شاراب ۋە شارابخانىنى پەيدا قىلغان.

زەلىلى شېئىرلىرىدا، خۇددى باشقا كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، "ئىشق" ماۋزۇسى بىلەن باغلىق بولغان مۇھىم بىر مەسىلە ــ "يار" ("مەشۇقە")دۇر. زەلىلى غەزەللىرىدىمۇ لىرىكىلىق قەھرىمان "مەن" ("ئاشىق") ۋە "يار" ("مەشۇق") ۋاستىسى بىلەن بېرىلگەن. "مەن" ــ شائىر ئۆزى بولسا، "يار"مۇ خۇددى "ئىشق"دەك ئىككى تەرەپلىمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ: تار مەنىدە، "يار" ــ "مەن"نىڭ سۆيگىنى، كەڭ مەنىدە بولسا، "يار" ــ "مەن"نىڭ دوستى، ھەمدەمى، بۇرادىرىدۇر. زەلىلى غەزەللىرىدىكى "يار" كۆپىنچە "مەن" ۋە سۆيگىنى، "مەن" ۋە پەلەك (تەقدىر، زامان، دەۋران)، "مەن" ۋە "دەھرى ئېلى" (زامان ئەھلى) ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

زەلىلى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇستازلىرىغا ئوخشاش، "ئىشق" مەسىلىسىدە، ھېچقانداق كىشىدە ئىمتىياز بولمايدۇ دىگەن



چۈشەنچىنى ئالغا سۈرىدۇ. مەسىلەن، زامان ئەھلى (ئالەم ئەھلى) دىگىنىدە، گادايدىن تارتىپ تاكى پادىشاغىچە، نادانىدىن تارتىپ تاكى ئۆلىماغىچە، پاسىقتىن تارتىپ تاكى پازىلغىچە بولغان ھەممە ئىنسان نەزەردە تۇتۇلغان. ئىشقى غەزەللىرىدىكى لىرىكىلىق قەھرىمان ــ "مەن" (ئاشىق)نىڭ ھەقىقى پەزىلىتى ۋاپادارلىق، مەردلىك قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

زەلىلىنىڭ ئومۇمى نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، "ئاشىق" نوقۇل "كۆيدۈم"، "ئۆچتۈم" دەيدىغان تار مەنىدىكى "ئاشىق" بولماستىن، بەلكى يۈكسەك غايەلىك (تەسەۋۋۇفچىلىق ئارقىلىق خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ، بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىش ھىساۋىغا يېتىشمەك بولغان غايە ئەمەس، بەلكى دىداكتىكىلىق چۈشەنچە بويىچە توغرا يول بىلەن ئىنسانىي بۇرچىنى ئۆتەپ مەڭگۈلۈك راھەت كۆرىدىغان باقىيلىق غايەسىگە ئىگە بولغان) ۋاپادار ئاشىقدۇر. شۇڭا زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدە "ۋاپا" ۋە "مەذەتكارلىق" ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغدا ساڭا يار ئولماسا،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەتكار ئولماسا.

زەلىلى ئۆزىمۇ "دىلبەر"گە كۆڭۈل بەرگەن ئىكەن، ۋىسالغا ئېرىشمىگۈنچە، يولىدىن يانمايدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ ۋە "دىلبەر"نى جەننەت چارباغىدىن ئۈستۈن قويىدۇ:

زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانىڭلەر،
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇتەرسانى يىغماغلىق.

ياكى:

سەبزى خەتتى دىلبەزان شەھرى ماچىن بىزگەدۇر،
سىزگە جەننەت چارباغىدىن رەيھان كېرەك.

زەلىلى ھەتتا ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ۋاپاسىزلارنى "مۇنافىق" دەپ "تىل تىغى" بىلەن جازالايدىغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ:

مۇنافىقلەرغە بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقار، ئەقىل دۇلدۇل.

زەلىلى "ھەقىقى ئىشىق" كويىدا يۈرگەن "دەرۋىش" سۈپەت "ئاشىق شائىر" بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن، "خۇدبىن زاھىدلار"ۋە "رىياكار شەيخلەر"گە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى "تائەت-ئىبادەتنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان تاماخورلار" ۋە "مەنمەنلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكنى كەسپ قىلغان كۆز-كۆزچىلەر" (ئۇجبى ۋە رىيا-دىن سۆھبەت قىلىدىغان مەجازى شەيخلەر) دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ.

تائەت بىلەن جەننەتكە كىرەرلەر دىدى زاھىد،
فەردايى قىيامەتدە بۇ سۆز بىرلە قەباھەت.

ياكى:

قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەيمىكنلەر زۇھد ئېلى،
خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.



ياكى:

ئەربەئەين ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا.

شائىر زەلىلى، ئىجتىمائى ئەخلاقنىڭ مىنىموم تەلىبى سۈپىتىدە، كىشىلەرنى سۆز-ھەركەتتە ھەمىشە راستچىل بولۇشقا، لاپ ئۇرماسلىققا ناھايىتى چىرايلىق ئوخشىتىشلىرى بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. مەسىلەن، «سەفەرنامە»سىدە يالغانچى، تۈزنى ئەگرى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ياغلامچىلارنى ئىندە ياتىدىغان يىلانغا، چىرايلىق گۈللەر ئارىسىدىكى تىكەنگە ئوخشىتىدۇ.

راستلىغىدىن "ئەلىف" ئەژدەھا،
بولدى بارى ھۈرۈف ئۈزە پېشىۋا.

راست ئۈچۈن قامەتى سەرۋى بەلەند،
تىفلى تاشىدىن ئاڭا يوقتۇر گەزەند.

ئەگرى يۈرىگەن سەبەبىدىن يىلان،
خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بىگۇمان،

ئەگرىلىكىدىن چىمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئۆزرە ۋەتەن.

زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدە، ئىنساپ، ئادالەتنى تەرغىپ قىلىدۇ ۋە

ھۆكۈمرانلارنى ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ؛ مال-دۇنيا توپلاشقا ۋە ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان پادىشاھلارنى بولسا، "قارغۇ"، "ئىمانسىز"لار دەپ تەنقىتلەيدۇ.

يەئنى بۈگۈن قايدا سىلەر شاھلەر،
يولنى غەلەت قىلغۇچى گۇمراھلەر...

شاھ رەئىيەتكە سىتەم قىلماغاي،
بىر نەفەسى ئەدلىنى كەم قىلماغاي...

قارغۇ ئەيلەپ دۇكۆزۈك ھىردىسى ئاز،
سەندە نە ئىمان، نە زەۋقى نەماز.

زەلىلى خۇددى باشقا كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدەك، كىشىلەرنى "نەفس"، بولۇپمۇ "شەيتانى نەفس" ياكى "ھەيۋانى نەفس"دىن ئۆزىنى تېيىشكە دەۋەت قىلىدۇ؛ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ يامان دۈشمەن "نەفس" ئىكەنلىكىنى، "شىرى بېشە" (جاڭگال شىرى)نى يېڭىشتىن كۆرە، "سەگى نەفس" (نەفس ئىتى)نى ئۆزىدىن نېرى قوغلاش ئەڭ يۇقۇرى پەزىلەت بولىدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. زەلىلى يەنە ئادەمنىڭ ياخشى-يامىنى ئەمەلىيەتتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سىنىلىدىغانلىقىنى، ھەقىقى ئادەمنى پەقەت ھەقىقى ئادەم تونۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

زەرنى سىيەھ تابىدە زەرگەر تونۇر،
ئەرنى تونۇر بولسە يەنە ئەر تونۇر.



شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، زەلىلى ئادەتتىكى "ئاشىق" شائىر ئەمەس، خېلى كۆپ ئىلىمدىن خەۋەردار ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، "ئىشق مەكتەپخانىسىغا" كىرمىگەن بولسا، ئۇ ئىلىمدە ئەسفىھان، روم ۋە رەي (ھىندۇستان نەزەردە تۇتۇلىدۇ)لىقلارغا ئۇستاز بولالايدىغان بىلىم ئىگىسى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئىشقى مەكتەب خانەسىدە ئىزتىرابى قىلماسام.
ئۇستادى ئەسفەھانى، رومۇرەي ئەزىم بۈگۈن.

شۇڭا ئۇ "ھىچقانداق شەھەردە ئىمام ياكى مەزىن" ياكى "رىياكار سوفى"، ھىلىگەر قەلەندەر-يولچى كوچا تىجىمەلى، ئالدامچى شەيخ ياكى "خۇدادىن نەفس تەلەپ قىلىدىغانلار" تەرزىدە ماڭماي، "ئىشق"قە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نىيەت-ئىقبالىنى بېغىشلايدۇ.

زەلىلى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، زەلىلى غەزەللىرىدە ياكى باشقا ئەسەرلىرىدە، كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تەسۋىر ئۇسۇللىرى ۋە يۈكسەك ئۇسلۇپ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى پوئېتىكىلىق ۋاستىلەرنى ئوبدان قوللانغانلىقى پايقىلىدۇ. بەزى ئىنچىكە مەنىلەرنى بايان قىلىشتا، رىتورىكىلىق (مۇنازىرىلىك) سوراق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەمسىللەر بىلەن خۇلاسىلاش — زەلىلى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەتتۇر.

زەلىلى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، زەلىلى ئىستىئارە-رەمزىلىك تەسۋىرلەر، بولۇپمۇ تەشبىھ (ئوخشىتىش) ئاسا-

سىدىكى ئىستىئارىلەر، يەئنى ئىما-ئىشارەت ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان ۋە كۆتىرەڭگۈ روھلۇق ئىبارىلەرنى كۆپ قوللانغان. مەلۇم مەنىدە ئالغاندا، زەلىلىنى "ئىستىئارە ئۇستىسى" دىسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

زەلىلى مەۋجۇدىيەتكە، ھاياتقا نىسبەتەن، "گۈلشەن" "گۈلىستان"، "چىمەن" تەشبىھلىرىنى، "دەھرى باغى"، تىرىكلىك جامى"، "ھۆسنى گۈلىستانى"، "مەيدانى مۇھەببەت" قاتارلىق ئىستىئارىلىق ئىبارىلەرنى كۆپ قوللانغان. بولۇپمۇ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان "يار"، "ئىشق" مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەشتە، "ھۆسنى گۈلىستانى"، "ئىشق بەيابانى"، "رەمۇزى ئىشق"، "كۆڭۈل قۇشى"، "تەن ئۆيى"، "لەشكەرى ھىجران"، "كىرپىك ئوقى" قاتارلىق ئىستىئارە ئىبارىلىرىنى، ۋاپاسىزلىقتا ۋە ناكەسلىك، ھىلىگەرلىككە، رىياكارلىقتا بولسا، "تىغى زەبان" (تىل تىغلىرى)، "ئەقلىم چىرىكى"، "زۇلۇم ئايۋانى" قاتارلىق ئۆتكۈر ئىستىئارىلىك تەسۋىرىي ئىبارىلەرنى كەڭ قوللانغان. شۇڭا، زەلىلى تىلىنىڭ گۈزەللىگى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇغى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ چىرايلىقلىغى بىلەن ئالاھىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر.

زەلىلى غەزەللىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتقا، سۇيىنى ئىچكەن ۋە تۇزىنى يىگەن شەھەرلەرگە قىزغىن مۇھەببەت ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئىزھار قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ياركەنت بىلەن خوتەننى چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى ۋە پاساھەتلىك تىلى بىلەن تەرىپلەيدۇ. ياركەنتنى پۈتۈن ئون سەككىز شەھەرنىڭ كۆزى دىسە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب-ئەجەم شائىرلىرى نەزەرىدە "چىنى ماچىن" دەپ ئاتالغان خوتەننى



"ھەممە يارنىڭ فىداسى" دەپ تەۋسىپلەيدۇ. ياركەنت ۋە خوتەنلەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى، ئەلۋان-تۈرلۈك نازى-نىمەتلەر ۋە مال-ماتالار بىلەن تولغان بازارلىرىنى، ھەتتا چىرايلىق ھۆسنلىرى جىمى كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قىلغان "گۈزەل جانانلىرى"نى ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى ۋە تاڭسىق ئىبارىلىرى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

زەلىلى شېئىرلىرىنىڭ تولىسى دەرۋىشلىك ھاياتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى ئىچىدە يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ھايات يولىنىڭ ئايرىم دېتاللىرىنى خېلىلا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سەفەرنامە»سىدە بىئوگرافىك دېتاللار ئاساسى ئورۇن تۇتىدۇ.

زەلىلىنىڭ كۆپچىلىك شېئىرلىرىدە ئايرىم گۇمانىستىك قاراشلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەندىن باشقا، ئومۇمەن ئۇنىڭ ھاياتقا پانتېئىزم① پوزىتسىيىسى تۇتقانلىغى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى شائىر ئىجادىي ئەمگىگىنىڭ خېلى سالمىغىنى "ئەۋلىيالار"نىڭ تەرجىمە ھاللىرىنى يېزىشقا ۋە "ھەمدۇ سەنا"غا سەرپ قىلغان. زەلىلى شېئىرلىرىدە ھەر بىر ھەرف ھەمد ياكى نەئت خاراكتېرىدىكى غەزەللەر ياكى بېيىتلەر بىلەن باشلانغانلىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ پەقەت زەلىلىگىلا خاس خاھىش ئەمەس، شۇ زامان شائىرلىرىغا ئومۇمىي خاراكتېر بولغان مىستىتسىزم② قارىشىنىڭ زەلىلىدىكى قېنىق ئىپادىسى.

شۇڭا، زەلىلى شېئىرلىرىگە تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەردە قاراپ، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائى-ئومۇمى ئەدەپ-ئەخلاقىقا تەئەللۇق

① پانتېئىزم — خۇدا ھەممىنى ياراتقۇچى، خۇدا بىلەن تەبىئەت بىر نەرسە دەپ قارايدىغان دىنىي-پەلسەپىي تەلىمات.

② مىستىتسىزم — تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق ئالەمگە ئىشىنىش تەلىماتى، بۇ سىرنى بىلىپ بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

بولغان ئىلغار ئامىللارنى، شۇ زاماندىكى هاياتنىڭ ئومۇمى تەسۋىرىي مەنزىرىسىنى (جەمئىيەتتە هۆكۈمران بولغان قاراش، ئەخلاقىي ئۆلچەم، ئادەملەر ئارا مۇئامىلە مىزانى) ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم جەهەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، پايدىلىق ئوزۇقلۇق قىسمىنى قوبۇل قىلىمىز. زەلىلى بىزگە شېئىرىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئىپادە ۋاستىلىرى جەهەتتىن ماھارەتلىك ئۇستاز بولىدۇ ۋە گۈزەل تەشبىهلىرى بىزگە ئۈرنەك بولىدۇ.

غەزەل پەردازى بۇ دىباچەئى دىۋانى ئىشق ئولغاچ،
خىرەد ئەهلىدە شۆهرەتتىن زەلىلى تەلبە ئاتىمدۇر،

دەپ زەلىلى "ئىشقى دىۋانى" (توپلىمى)نىڭ بۇ "دىباچە"سى (كىرىش سۆزى)گە پەدەز ھىساپلانغان غەزەللىرى شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۆچمەس مىراسىدۇر، شائىر ئۆزى ئېيتقاندەك، بىز زەلىلىدىن تېگىشلىك ئىجابى نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ "زەبان تىغى" بىلەن "مۇهەببەت مەيدانى"دە "ئەقىل چېرىكى"نى ئىشقا سېلىپ، "هۆسنى گۈلىستانى"نىڭ "تەن ئۆيى"دە، "ئوغۇل" (ئىجادىيەت)لەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، زەلىلىنىڭ دىۋانىنى داۋاملاشتۇرۇمىز.

"نەسلى جەهاندا قالمادى تەلبە زەلىلىنى دېمەك،
ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈڭ هەرغەزەلىدۇر بىر ئوغۇل".

**ئىمىن تۇرسۇن**
1985 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.



# «زەلىلى دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاشقا دائىر بەزى ئىزاھاتلار

1. بۇ كىتاپ هازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان زەلىلى ئەسەرلىرى توپلاملىرىدىن رەتلەپ چىقىلغاچقا، ئومۇملاشتۇرۇپ «زەلىلى دىۋانى» دەپ ئاتالدى.

قولىمىزدا زەلىلىنىڭ ئىككى توپلام ۋە بىر رىسالى قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئىككى توپلامنىڭ بىرى چوڭراق. بىرى كىچىكرەك بولغاچقا، هازىرچە «چوڭ دىۋان» ۋە «كىچىك دىۋان» دەپ پەرقلەندۇردۇق.

ئا. «چوڭ دىۋان» قاتتىق قەغەز مۇقاۋىلىق، قىرىم تۇپچەكلىك، پەتلەنگەن ئۆژمە (قوۋزاق) قەغىزىغە كۆچۈرۈلگەن، ئانچە خۇشخەت ئەمەس.

"حمد واجب الوجودیکه اون سکیزمنك عالمنی اوز آثارقدرتی برلان برقرار توتوب دور انبیا و اولیانینك آینهٔ کونکلنی انوارجما الله برلان یاروتوبدور" دەپ باشلانغان.

بەتنىڭ بويى 18.5 س.م.، ئېنى 12 س.م. بەتنىڭ خەتلىك يۈزىنىڭ بويى 12.5 س.م، ئېنى 7 ۋە 8 س.م. ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن هەر بەتتە 11 قۇر (هەر قۇر 2 مىسرا)، جەمئىي 246 ۋاراق (492 بەت). بۇنىڭ ئىچىدە زەلىلىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى 183 ۋاراق (366 بەت) بىلەن تۈگەيدۇ. تۈگەنچىسى:

عمرسيت كه ناتوان زليلى
بكشاده دورست خوددعاكوى.

بۇ توپلامدا، ئۆز تەرتىۋى بويىچە، «تەزكىرەئى چىل تەن»، «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار»، «سەفەرنامە»، 156 غەزەل، 13 رۇبائى، 18 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزاد، 2 قەسىدە، 2 ساقىنامە، 3 پارچە ھەمد، نەئت ۋە مۇنـقەبەت، فارسچە 56 غەزەل بار. زەلىلى ئەسەرلىرىدىن كېيىن، مۇنىس خوجا دېگەن كاتىپ ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئەبۇ شەھىم توغرىسىدىكى راۋايەتنى داستان قىلىپ يېزىپ قويغان. ئۇنىڭ ئايىغىغا موللا قابىل ۋە مۇھەممەد مىراد بەش ئېرىقى قاتارلىق كاتىپلار «تەزكىرەئى ھەفت مۇھەممەدان»، «تەزكىرەئى زۇبدە تۇل-ئارىفەين»، «دەربەيان ئىمامى زەينىل ئابىدىن»، «دەر بەيان روزى قىيامەت پەيغەمبەرسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم»، «دەربەيان ھەزرەتى بى بى فاتىمە»، «ئەلقىسسە ئەل-ئىبلىس ئەلەيھى لەئنە»، «دەر بەيان فەزىلەتى نەمازى جەما-ئەت» (كاتىپ مۇنىس خوجا)، «دەربەيان شەيخ ئابدۇرەھمان ۋە شەيخ غىياسىددىن» قاتارلىق نەسرى بايانلار كۆچۈرۈپ قويۇلغان.

ب. «كىچىك دىۋان» قېنىق بىنەپشە قىزىم (گۇللۇك) مۇقاۋىلىق، سۇپىتە ئۇژمە قەغىزىغە يېزىلغان. خۇشخەت.

"نەجانم بلبلى حمدينك غە يوزمينك تيل بيله كويا
كلى صنعونك تماشاسيغه بربحريدور جويا"

دەپ باشلانغان.

بەتنىڭ بويى 15.5 س.م، ئېنى 12 س.م.، بەتنىڭ خەتلىك



يۈزىنىڭ بويى 12 س. م.، ئېنى 8س. م.؛ ھەر بەتتە 9 قۇر (ھەر قۇر 2 مىسرادىن)، جەمئى 131 ۋاراق (262 بەت)، بۇنىڭ ئىچىدە زەلىلىنىڭ ئەسەرلىرى 124 ۋاراق (248 بەت). تۈگەنچىسى:

شمع جمن' شاهد ساقى جانيم سين،
نظارەسيكا زەليلى' قل بولغاى.

بۇ توپلامدا، ئۆز تەرتىۋى بويىچە، 128 غەزەل، سەپەرنامە، 26 رۇبائى بار. ئاخىرىغا 12 پارچە مۇھەببەتنامە خەتلىرى پۈتۈپ قويۇلغان.

پ. رىسالە.

قاتتىق قىزىم (گۇللۈك) مۇقاۋىلىق، سۇپىتە ئۇژمە قەغىزىغە خۇشخەت بىلەن يېزىلغان.

بەتنىڭ بويى 20.5 س.م.، ئېنى 11.5 س.م، بەتنىڭ خەتلىك يۈزىنىڭ بويى ئاساسەن 14 س.م.، گايى بەتلىرى 15 س.م.؛ ھەر بەتتە 13 قۇر (ھەر قۇر 2 مىسرادىن)، جەمئى 29 ۋاراق (58 بەت). بۇ پەقەت «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار»دىنلا ئىبارەت ئايرىم رىسالە. بېشى:

اىخداى اكرم' الاكرام جود.
جملهٔ موجودغه بردينك وجود.

ئاخىرى:

وزنەنظم اتكايمو مضمونى كتاب
بيلماين والله اعلم بالصواب.

2. بۇ «زەلىلى دىۋانى»غا 196 غەزەل (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دىۋاندا يوق بولۇپ، كىچىك دىۋاندىن ئېلىنغان 40 غەزەل بار)، 27 رۇبائىي (بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك دىۋاندىن ئېلىنغان 14 رۇبائىي)، 18 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزاد، 2 قەسىدە، 2 ساقىنامە، 2 تەزكىرە، 1 سەپەرنامە رەتلەپ كىرگۈزۈلدى. غەزەللەرگە باشتىن-ئۇچقا رەت نومۇرى قويۇلدى، كىچىك دىۋاندىن ئېلىنغان غەزەللەرنىڭ نومۇرلىرى يالاڭ تىرناق (ئىسكوپكا) ئىچىگە ئېلىندى. شۇنىڭدەك گايى غەزەللەر كىچىك دىۋاندا تولۇق بولسا، كىچىك دىۋاندىكى ئاساس قىلىنىپ، نومۇرى تىرناق ئىچىدە بېرىلدى. كىچىك دىۋاندىن ئېلىنىپ تولۇقلانغان بېيىتلارمۇ غەزەل ئارىسىدا تىرناق ئىچىگە بېرىلدى. ئايرىم ئىبارە ياكى مىسرا ۋە بېيىتلاردا (ئىككى دىۋاندىكى كۆچۈرۈلمىدە) ئوخشىماسلىقلار ئۇچرىغاندا، بەت ئاستىغا شەرتلىك بەلگە بىلەن ("چ" — چوڭ دىۋان، "ك" — كىچىك دىۋان) ئىزاھلاندى.

غەزەل ئايىغىغا شۇ غەزەلدە ئۇچرىغان ئەرەبى-فارسى ياكى كونا سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلاپ قويۇلدى. ئىزاھ نومۇرلىرى ئىككى خىل بېرىلدى: بىرى غەزەللەر ئايىغىغا بېرىلگەن دۆڭگۈلەك ئىچىدىكى ئەرەب سىفىرى — بۇ سۆزلەرنىڭ چۈشەنچە بېرىش نومۇرى؛ يەنە بىرى بەت ئايىغىغا بېرىلگەن دۆڭگۈلەك ئىچىدىكى قارا سىفىر — بۇ ئىككى دىۋاندىكى پەرقلەرنىڭ ئىزاھ نومۇرى.

3. "تەزكىرە"لەر ۋە "قەسىدە"لەرنىڭ بېشىدىكى بەزى جايلار قىسقارتىلدى. ئىككى دىۋاندا غەزەللەر گەرچە ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، قاپىيىلىرى تەركىۋىدە ئوخشاش بىر ھەرپ بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئىككى دىۋاندا مۇقەد-



دەم-ئاخىرلىق بولغانلىقتىن، بەزى غەزەللەرنىڭ رەت تەرتىپى ئورۇن ئالماشتۇرۇلدى.

دىۋاننىڭ غەزەل قىسمىنى نەشرگە تەييارلاشتا، پېشقەدەم شائىر ئەھمەد زىيائىي باشتىن-ئاخىر ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ چىقتى. يولداش ئەھمەد زىيائىغە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرگەن ياردىمى ئۈچۈن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

سەۋىيەمنىڭ چەكلىك ۋە ۋاقىتنىڭ قىس بولغانلىقىدىن، بەزى سەھۋەنلىكلەرگە ئۇقۇشماي يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. كەسىپداشلىرىمىزنىڭ ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ كېتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.**

# غرة الدرر

# 1

نه جانىم بۇلبۇلى ھەمدىمگغه① يۈز مىلڭ تىل بىله گويا②،
گۈلى سۇنئۇڭ③ تاماشاسىغه بەررى بەھرىدۇر④ جويا⑤.❶

فەلەكدۇر يەتتە خىرگاھىكى⑥ بىر-بىر ئۈزره تىكمىشلەر،
ئاڭا قەندىل ئېتىپ خۇرشىددىن⑦ ھەي قادىرى دەنا.

تەفەررۇج⑧ گاھى سۇنئۇڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن⑨،
مەشائىل⑩ ياندۇرۇپ❷ تۈن-كېچەلەردە گۈنبەزى خەزرا⑪.

نىشانى رەھمەتى ئامبىگنى⑫ كۆرگۈزمەك ئۈچۈن زاھىر،
ساچار مەرۋارىدىنى مەۋجىدىن ھەر قەترەئى دەريا.

چېمەن سارىغه ناگەھ تۇندبادى⑬ يەتسه قەھرىگدىن،
نه قالغاي لالەئى ئەھمەر⑭ نه قالغاي سۇنبۇلى رەئنا.

گۈلىستانۇ جەھانغه ئەي سەبا كەم-كەم تەفەررۇج قىل،
مۇبادا باغبانى ئەيلەگەي بىر فىتنەئى بەرپا.❸

سەنا ئەيتۇرغە، يارەب، شۆئلەئى تىغى زەبان بەرگىل،
زەلىلى بۇ تەلەبىدىن گوشەدە⑮ ئولتۇرۇر تەنھا.

---

① ھەمد — ماختاش.
② گوي (گويا) — سۆزلەش.
③ سۇنئ — ياساش، قۇدرەت، ھۈنەر.
④ بەرر — قۇرۇقلۇق، بەھر — سۇ، دېڭىز.
⑤ جوي (جويا) — ئىستىگۈچى، تەلەپكار.
⑥ خىرگاھ — چېدىر.
⑦ خۇرشىد — كۈن، قۇياش.
⑧ تەفەررۇج — سەيرى تاماشا.
⑨ كەۋاكىب — يۇلتۇزلار.
⑩ مەشائىل — مەشئەللەر.
⑪ گۇنبەزى خەزرا — يېشىل گۈمبەز.
⑫ ئام — ئومۇم، ئاممە.
⑬ تۇند — ئاچچىق، بادى ـ شاراب.
⑭ ئەھمەر — قىزىل.
⑮ گوشە — بۇلۇڭ، چەت، خىلۋەت؛ (بىر نەرسىنىڭ) بىر ئۇچى.
❶ «چ»دە: چىمەندە ئەندە لىبۇسەرۇ ئۆزرە قۇمرىدۇر گويا.
❷ «ك»دە: ياندۇرۇر.
❸ «چ» دە: پەيدا.



## 2

ۋۇجۇدۇم خىرمەنىدىن ھاسىلىم بىردانەدۇر پەيدا،
ۋەلې① ئول دانەدىن ئالەمدە يۈز ئەفسانەدۇر پەيدا.

چىراغى مەجلىسى ئازادەلەرنى بىسمىل② ئەتمەكلەر،
بىۋەقتى سۇبھى سادىق ماتەمى پەرۋانەدۇر پەيدا.

بۇگۈن ھۆرانى جەننەت سۆھبەتىغە ئىلتىپاتىم يوق،
بەلې جانىم ئىچىدە جىلۋەئى جانانەدۇر پەيدا.

مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ نالەسى ئەۋجىگە يەتمەيدۇر،
بەرەھمەن باش كۆتەردى كۇفرىدىن بۇتخانەدۇر پەيدا.

قەدى شەمشادى شوخى③ ئەنبەرىن پوشى④ پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇررە⑤ سۆزىنى يەزەرگە شانەدۇر⑥ پەيدا.

نەھاجەت نالەئى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قانۇن،
سۇرۇدى⑦ ئەرغەنۇندىن شۇرىشى⑧ پەيمانەدۇر⑨ پەيدا.

مىنىڭ ئەۋارە كۆڭلۈم زەخمىتى دەغى جۇنۇن دەرلەر،
بۇ سەھرانىڭ يۈزىدە لالەدىن پەيدا.

جەھان مەيخانەسىنىڭ مەيپۇرۇشى بادەسىن نەتسۇن،
زەلىلى مىسرەئىدىن نەشئەئى⑩ مەستانەدۇر پەيدا.

---

① ۋەلې ــ لېكىن، ئەمما.
② بىسمىل ــ سويماق، بوغۇزلىماق.
③شوخ ــ شوخ، ئويناق.
④ پوش ــ كيگەن، كيىنگەن، ئەنبەرىن پۇش ــ ئەنبەردەك (قارا) كيىنگەن.
⑤ تۇررە ــ كۇكۇلا، ئۆرۈمە چاچ، تۈگۈلگەن چاچ.
⑥ شانە ــ تاغاق.
⑦ سۇرۇد ــ كۇيلەش، چېلىش.
⑧ شۇرىش (شۇر) ــ قوزغالماق، غەۋغا، سۈرەن.
⑨ پەيمانە ــ مەي پىيالىسى، قەدەھ.
⑩ نەشئە ــ ئاستا ئىچمەك، ئوتلاش (مەي).



## (3)

ئەي تولۇن ئاينى بىشارەت بىرلە بۆلگەن مۇستەفا،
ۋاي ئەبۇجەھل لەئىندىن بارھا① چەككەن جەفا.

يەتتە ئەفلاك ئۆزرەكىم مىئراج ئۈچۈن قويدۇڭ قەدەم،
گەردى② نەئلىيىڭنى③ قىلمىشلەر مەلائىك تۇتىيا.

روزى مەھشەر④ زىلزىلە تۈشكەندە ئالەم ئەھلىغە،
كۆز تۇتار سەندىن شەفائەت ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا.

ۋادەئى ھەيرەتدە⑤ ئەزبەسكى⑥ ھەرارەت چەكمىشەم،
سايەبەخش ئولغىل مىنىڭ باشىمغە گوياكى ھۇما⑦.

يا رەسۇلىللاھ مەدىنە كىشۋەرىغە⑧ يەتمىسەم،
رەۋزەئى پاكىڭغە⑨ تۆھفە مىڭ دۇرۇدۇمىڭ سەنا.

خانىقاھى فەقر سەندىن بارھا مەئمۇردۇر⑩،
ئەي شەھى كەۋنەين⑪ مەمنۇن ئەيلەگىل كەلمىش گەدا.

مىسرەئى بەرجەستە⑫ۋۇ نە ئىتىك⑬ زەلـىلى ئەيتەدۇر،
سەن كەرەم بىرلە كەچۇرگەيسەن سۆزى بولسا خەتا.

① بارھا — قېتىم، قايتا ـ قايتا.
② گەرد — چاڭ، توزاڭ.
③ نەئل — كەش، كالاش.
④ روزى مەھشەر — مەھشەر كۈنى، مالىمان كۈنى، قىيامەت كۈنى.
⑤ ۋادەئى ھەيرەت — ھەيرانلىق ۋادەسى.
⑥ ئەزبەسكى — قانچە، شۇنچە.
⑦ ھۇما — بەخت قۇشى.
⑧ كىشۋەر — ۋىلايەت، ئەل.
⑨ رەۋزە — باغ؛ قەۋرە.
⑩ مەئمۇر — ئاۋات.
⑪ كەۋنەين — ئىككى دۇنيا، ئىككى ئالەم.
⑫ بەرجەستە — كۆزگە كۆرۈنەرلىك، گەۋدىلىك.
⑬ نەئت — سۈپەتلەش، تەرىپلەش، ماختاش.



## (4)

مەرھەبا سۇلتان ساتۇقــى بۇغراخانىم مەرھەبا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۈلكى ئەجەم دەرلەر راۋا.

كاشغەرنى سەيقەلى① ئايىنەئى ئىسلام ئېتىپ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ نىدا.

بارەكاللاھ تىيرەئى② كۇففارنى مەھۋە③ ئەيـلەبان،
رەۋشەنايى تىغى ئەدلىڭدىن تاپىپدۇر دىن زىيا.

قىلماغىل كەم گوشەئى لۇتفى ئىنايەتنى، دەرىغ،
بىر نەزەر قىلساڭ قارا تۇپراغلەردۇر كىمىيا④.

پەردەدارى⑤ ھەزرەتى ھەق بولغانىڭ مەئلۇم ئۈچۈن،
مەرقەدىڭ⑥ نۇرى تەجەللى⑦ جىلۋەسى نۇرى ھۇدا⑧.

مەرغزارى ئەقلى جانىم ئۆرتەدى بەرقى⑨ جۇنۇن،
ئەبرى⑩ فەيزىڭنى ئىبەر، ئەي، كەئبەئى سىدقى سەفا.⑪

پايمالى غەم بولۇپ قالغان زەلىلى زاردىن،
سەدھە زاران⑫ بەندەكى يەتكۈر ئەگەر يەتسەڭ سەبا.

① سەيقەل — پارلاق، پارقىراق.
② تىيرە — قارا، قاراڭغۇ.
③ مەھۋە — يوقىلىش، تۈگەش.
④ كىمىيا — خىمىيە.
⑤ پەردەدار — پەردە تۇتقۇچى، دەرۋازىۋەن.
⑥ مەرقەد — گۆر، قەۋرە.
⑦ تەجەللى — كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش.
⑧ ھۇدا — توغرا يول.
⑨ بەرق — چاقماق، چېقىن.
⑩ ئەبر — بۇلۇت.
⑪ سىدقى سەفا — چىن (ھەقىقىي) يورۇقلۇق (پارلاقلىق).
⑪ سەدھەزاران — يۈز مىڭلاپ.



(5)

قەلەندەرمەن جەھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەفەر تەنھا،
چۇ سىمۇرغىكى پەرۋاز ئەيلەگەي بى بالۇ-پەر①تەنھا.

شەھى رويى زەمىنىڭ تەختۇ تاجىن ئاررزۇ قىلماي،
گەدايى فەقر بولدۇم سەير ئېتەرمەن بەھرۇ بەرتەنھا.

فەنا شەھرىدەكى ئەۋارە بولغان خەلقىنى كۆردۈم،
جۇنۇن تۇغيان② ئېتىپدۇر ھەر بىرىنى دەر بەدەر③ تەنھا.

نەزەر تاقۇتبى ئالەم④ قىلماغۇنچە بىگۇمان بىلگىل،
نىچۈك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىب نەزەر⑤ تەنھا.

بەلادەشتى ئەگەرچە پۇر⑥ خەتەردۇر يانماغىل زىنھار،
قەدەم مەردانە قوي بۇۋادىغە چۇن شىرى نەر⑦ تەنھا.

كۆكۈل گەنجىنە⑧سىنى غارەت⑨ ئەيلەپدۇر سىپاھى⑩ غەم،
تاماشاقىل بۇجەۋلانىمنى بى‌تىغۇ سىپەر تەنھا.

مۇھەببەتدىن نەسىمى⑪ سۇبھى سادىق بۇيى گۇل ئىستەر،
قەنى بۇ بۇلبۇلى بىچارەدىن ئاھى سەھەر تەنھا.

سېنى ئەي نازەنىن تا ئۆلگۇچە تەگرىگە تاپشۇردۇم،
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەدى دەۋرى قەمەر تەنھا.

مۇيەسسەر بولسەگەر مەھرەم سارايى خىلۋەتى مەئشۇق،
زەللى غەيرى بىرلەن كىرگەلى بولماس مەگەر تەنھا.

---

① بال ـ پەر — قانات ـ قۇيرۇق.
② تۇغيان — تاشماق، قوزغالماق.
③ دەربەدەر — سەرسان، ساياق.
④ قۇتبى ئالەم — ئالەمنىڭ پېشۋاسى.
⑤ ساھىب نەزەر — كۆرگۈچى، كارامەت ئىگىسى.
⑥ پۇر — كۆپ، تولا.
⑦ شىرى نەر — ئەركەك شىر (ئارسلان).
⑧ گەنجىنە — قىممەتلىك نەرسىلە يىغىلغان جاي؛ ھوجرا.
⑨ غارەت — تالاڭ قىلماق، بۇلىماق.
⑩ سىپاھ — قوشۇن، چېرىك.
⑪ نەسىم — تاڭ شامىلى، غۇر ـ غۇر شامال.



# 6

سەھەر رۇخسارىدىن① بۇرقەئ② ئالىپ چىقتى سەنەم تەنھا.
چۇ خۇرشىدى رەخشان③ شۆئلە ئەيلەپ دەمبەدەم تەنھا.

مەگەر شۇرى قىيامەت قامەتىنىڭ جىلۋەسىدىندۇر
كى ھەر يان ئاھىدىن چەكمىشكى كىم ئوتلۇغ ئەلەم تەنھا.

جەفا مەكتۇبىنى ھىجران ئېلىگە شەرھ ئېتە ئالماي،
تىلىم تەقرىر④ ئېتەرگە ئاجىز ئولدى ھەم قەلەم تەنھا.

زەبان سەيقەل گەرى⑤ ئايىنەئى ئىقلىمى مەئنىدۇر،
ئەيان ئەيلەرگە باتىن مەخزەنىنى⑥ لاجەرەم⑦ تەنھا.

تەبرى⑧ بېشەئى⑨ مەيدان دىۋانى سۇخەندۇرمەن،
كۆڭۈلدىن ماسىۋا قەتئ ئەتكەلى تىغى دۇدەم⑪ تەنھا.

غۇرۇرى تائەتىڭدىن زاھىدا مەنزىلگە يەتمەس سەن،
مەقامى ماۋۇمەندىن⑫ ئۆتمەيىن ـ كىم بىر قەدەم تەنھا.

بۆگۈن باغى جۇنۇننىڭ بۇلبۇلىدىن نالە كەلمەيدۇر،
گۈلىستان خالىئى گۈل پەردەدە نەۋھى⑬ ئەلەم تەنها.

سەفايى خاتىرىڭ بىگانەدىن بىهۇدە ئىستەرسەن،
ئۆزۈڭدە جىلۋە گەردۇر ئەي رەلىلى جامى جەم ⑭ تەنها.

---

① رۇخسار — يۈز، بەت، چىراي.
② بۇرقەئ — نىقاب، چۈمبەت.
③ رەخشان — تاۋلانغان، پارلاق.
④ تەقرىر — مەقسەدنى ئېغىزدا ئاڭلىتىش.
⑤ گەرى — گۇرۇھ، توپ.
⑥ مەخزەن — خەزىنە.
⑦ لاجەرەم — چارەسىز، بىچارە.
⑧ تەبرى — دۇمباق.
⑨ بىشە — جاڭگال.
⑩ ماسىۋا — باشقا، تاشقىرى.
⑪ دۇدەم — ئىككى بىسلىق.
⑫ ماۋۇمەن — ماختانچاقلىق، چوڭچىلىق.
⑬ نەۋھە — ھۆڭگىرەپ يىغلاش، يىغا - زار.
⑭ جامى جەم — يوغان جام (جەم — جەمشىدنىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى).



## (7)

دامەنى① سەھرا دىمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىننەتى گۈلشەن بىرۇرمۇ سەبزەزارى② بولماسا.

مۇستەفا فەردايى③ مەھشەردە نېچۈك قىلغاي ئىدى،
يەئنى ئۈممەتكە شەفا ئەتدىن ھىسارى④ بولماسا.

شۆھرەتىم ئىقلىمى تۈركىستان زەمىندىن چىقمادى،
ئەژدەھانىڭ بىشەدە گەردۇ غۇبارى بولماسا.

كى مەقامىم دەيرى ئەيلەرمەن گەھى بەيتىل ھەزەن⑤،
ئۇشتۇرى⑥ ۋەيسى قەرەننىڭ⑦ گەر مىهارى⑧ بولماسا.

ئەھلى دىلنى بىهۇزۇر ئەيلەر فىغانى بۇلبۇلان،
خاكدانى⑨ دەھرىنىڭ⑩ ھەرگىز بەھارى بولماسا.

ئافتابى ئاسمانى مەئرىفەت چەكمەس ئەلەم،
لامەكان⑪ سەرھەددىدە⑫ بىر شەھسۇۋارى⑬ بولماسا.

بۇ زەللى تەلبەدىن تەقسرى ياشەيخى جەھان،
خانىقاھدىن چىقماغاي ئەردى خۇمارى بولماسا.

---

① دامەن — چەت، ياقا؛ ئېتەك.
② سەبزەزار — ئوتلاق، مايسازار.
③ فەرداي — ئەتە، تاڭلا.
④ ھىسار — قورغان.
⑤ بەيتىل ھەزەن — غەم ئۆيى.
⑥ ئۇشتۇر (شۇتۇر) — تۆگە.
⑦ ۋەيسى قەرەن — زامان دەرۋىشى، ئەسىر تەلەپكارى، بىر ئەۋلىيانىڭ ئۇنۋانى.
⑧ مىھار — بۇرۇندۇق، تىزگىن.
⑨ خاكدان — يەر يۈزى، دۇنيا.
⑩ دەھر — ئالەم، دۇنيا؛ زامان، دەۋر.
⑪ لامەكان — ماكانسىز.
⑫ سەرھەد — چېگرا، ئەل.
⑬ شەھسۇۋار — ئات مىنگۈچى، چەۋەنداز.



## 8

سەيد①بى پەرۋا يۈرۈر گەر شەھبازى② بولماسا،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى ③ بولماسا.

چۇن كۇدۇراتى④ تەبايىئىدىن⑤ نىچۇك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئەشكىدە⑥ تا سوزى گۇدازى⑦ بولماسا.

ئەربەئەين⑧ ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا.

خەلفەئى ئاخىر زەمانلەرغە بۇ مىسرەئدۇر نىياز،
بەرگى سەبزى⑨ خانىقاھ بىر باش پىيازى بولماسا.

غەفلەت ئەھلىنى بۇ ئىسيان بىرلە يەر يۇتغاي ئىدى،
ھەر نەفەس مەردى خۇدانىڭ كى نەمازى بولماسا.

ئەي زەللى بۇ نىچۇك سۆزدۇر دىبان ئەيب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇر ھەقىقەتنىڭ مەجازى⑩ بولماسا.

① سەيد ــ ئوۋ، ئوۋلىنىدىغان جانىۋار.
② شەھباز ــ لاچىن.
③ ئاياز ــ قىش، سالقىن شامال، سوغاقلانلىق.
④ كۇدۇرات ــ غەم ـ غۇسسە، دىل غەشلىك.
⑤ تەبايىئ ــ خۇي، خۇلق، خاراكتىر.
⑥ ئەشك ــ كۆز يېشى.
⑦ سوز ــ كۆيدۈرۈش، گۇداز ــ ئېرىش، كۆيۈش.
⑧ ئەربەئەين ــ قىرىق كۈن، چىللە.
⑨ بەرگى سەبزى ــ ئوتنىڭ يوپۇرمىغى، ئەرزىمەس نەرسە ھەدىيە قىلىنىشقا كىنايە.
⑩ مەجاز ــ زاھىرى، مېتافورا؛ ھەقىقى ئەمەس.



# 9

يار ئەمەس دەرماندە① بولغان چاغ ساڭا يار ئولماسا،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەتكار ئولماسا.

ئەندەلىبى② بىنەۋا ياڭلىغ قاچانغا يىغلايىن،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە بىر دەم بەختى بىدار ئولماسا.

سۇبھى سادىقدىن بۇرۇنراق ئادەمى ئويغانماغاي،
فەيزى ئەسرارى ئىلاھادىن خەبەردار ئولماسا.

كۆزلەرىم چۇن شىشە ھايى قىرمىزىدەك بولماغاي،
تەلبە كۆڭلۈم گەر جەمالىغە گىرىفتار ئولماسا.

ئەيلەدىم سەر پۇشى خۇمى خۇسرەۋانى③ ئۆزرەمەن،
گەۋھەرى گەنجى مۇئايىنە④ خەرىدار ئولماسا.

سۇبھەئى سەددانە⑤ سوفىلەر فەراموش⑥ ئەيلەگەي،
سومنات⑦ ئىچرە بەرەھمەنلەر⑧دە زۇننار ئولماسا.

تاشلاپ ئۆزلۈكنى زەلىلى سەن فەنا يولىغە كىر،
چۈن مۇشەققەتدۇر سەفەر ئۆزرە سەبۇكبار⑨ ئولماسا.

---

① دەرماندە — تەڭلىك، قىيىنچىلىق.
② ئەندەلىب — بۇلبۇل.
③ خۇمى خۇسرەۋانى — خۇسراۋچە (شاھانە) كوزا.
④ مۇئايىنە — كۆزدىن كەچۈرىدىغان.
⑤ سۇبھە — تەسبىھ، سەددانە — يۈزدانە.
⑥ فەراموش — ئۇنتۇلماق.
⑦ سومنات — بۇتخانا.
⑧ بەرەھمەن — بۇتخانا شەيخى.
⑨ سەبۇكبار — سەبۇك — يەڭگىل، يېنىك، بار - يۈك.



# 10

يۈزۈڭنى پۈركەگەچ ئول سۇنبۇلى① سىياھ قارا،
سەھەر سىتارە②نى ئەيلەيدۇر دۇدى ئاھ③ قارا.

قەلەم لەبىڭدەكى خالىڭنى نۇقتەئى خەت دەر،
كى ئىككى تىللىغىدىن تەلئەتى④ گۇۋاھ قارا.

نە كافىر، نە مۇسۇلمان، تالىڭ ئاتتى زەررىن پۇش⑤،
كىيەر يەنە كېچەلەردە گەداۋۇ شاھ قارا.

چۇ كەربەلا تەرەفىدىن سەۋاد⑥ زاھىردۇر،
گەھى قىزىل كۆرۈنۇر كۆزلەرىمگە گاھ قارا.

قارا كۆزۈم كۆلۈپ ئېيتۇر: زەلىلنى كۆرگىل.
كۆڭۈل قارالىغىدىن جەندەۋۇ كۇلاھ قارا.

① سۇنبۇل — خۇشبۇي قارا تۇسلۇك ئۆسۈملۈك؛ يارنىڭ چېچىدىن كىنايە.
② ستارە — يۇلتۇز.
③ دۇدى ئاھ — ئوتلۇق ئاھ، ئاھنىڭ دۇدى.
④ تەلئەت — يۈز، بەت ھۆسىن، گۈزەللىك.
⑤ زەررىن پۇش — زەرباب (زەر بىلەن زىننەتلەنگەن) كىيىم كېيمەك.
⑥ سەۋاد — قارا، قاراڭغۇلۇق — (بىر نەرسىنىڭ ياكى جاينىڭ) قارىسى.
سەۋاد زاھىر — قارىسى كۆرۈنمەك.



# 11

سوفى سەھەر ئاھىدىن گەر ئەسەرى بولماسا،
ئەلگە ئۇنىدىن بىخەبەر دەردى سەرى بولماسا.

يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە① رەھى② مۇستەقىم③،
ئاندا قەدەم راست قويىكىم خەتەرى بولماسا.

رويى زەمىن④ ئۆزرە كۆر سۇبھى دەرەختى بەلەند،
سايە پەدىد⑤ ئولمادى تا نەزەرى بولماسا.

يىغلاچۇ يازۇ قىشى، نالەچۇ بۇلبۇل ئىشى،
ئاشىق ئەمەس ئول كىشى، سىيم⑥ زەرى بولماسا.

رىزقى ئۈچۈن دەربەدەركەزمە يۈرۈپ بىخەبەر،
بەس ساڭا خۇنى جىگەر، ماھەزەرى⑦ بولماسا.

مۇندا قەنى زۇفۇنۇن⑧، جۇملە بىقەيدى⑨ جۇنۇن،
بولماس ئىدى بۇ يوچۇن، يارى پەرى بولماسا.

هەر تەرەفى كۇهسار⑩، چەكمەس ئىدى زۇلفىقار،
ئالتىندە سەد هەزار كېبكى دەرى⑪ بولماسا.

بولدى خەزان بەرگى رېز⑫، قوي قەدەملىك تېز-تېز،
بارى بۇلۇك سۇبھى خېز⑬، گەر سەھەرى بولماسا.

تەلبە زەلىلى هۇنۇز، مەشقى جۇنۇنۇ رۇمۇز⑭،
تۇتى كەبى نالە سوز⑮، لەب شېكەرى بولماسا.

---

① تۇرفە — قىزىق، ئەجايىب؛ يېڭىلىق.
② رەھ(راھ) — يول.
③ مۇستەقىم — توغرا، چىن؛ تۈزۈك؛ تۇرغۇن.
④ رويى زەمىن — يەر يۈزى.
⑤ پەدىد — پەيدا بولماق.
⑥ سىيم — كۈمۈش؛ ئاق.
⑦ ماھەزەر — تەييار (هازىر بار) نەرسە، بېرى، مەزە.
⑧ زۇفۇنۇن — پەنلەر (هۈنەرلەر) ئىگىسى، ئالىم، هۈنەرۋەن.
⑨ بېقەيد — باغلانغان، بەنت قىلىنغان.
⑩ كۇهسار — تاغلىق جاي.
⑪ كېبكى دەرى — تاغ كەكلىگى، (كېبك - كەكلىك).
⑫ بەرگى رېز — بەرگ (يوپۇرماق) تۆككۈچى، كۈز.
⑬ سۇبھى خېز — تاڭنى تېزلەتكۈچى، سەھەر قوپقۇچى.
⑭ رۇمۇز — رەمزلەر، ئىما - ئىشارەتلەر.
⑮ نالە سوز — نالە قىلغۇچى.



## 12

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل مەئۋاغە① دىلبەر بولماسا،
شىشە پۇشى② تۇشمەگەي دەرياغە گەۋھەر بولماسا.

خالى خەتتىنىڭ سىپاھىدىن جەهانگىر③ ئولدى يار،
ۋەرنە④ شاھ ئىقلىمنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.

بولمادى مەئلۇم ھىكمەت ئەھلىغە سەيرى قەمەر،
ئەسمانى نىلگۇنى⑤ سەھنىدە ئەختەر⑥ بولماسا.

تاپماغاي ئەردى رەۋاجى قىسسەئى ئابى ھەيات⑦،
زۇلمەت ئىچرە نەچچە يىل خىزرى⑧ سىكەندەر بولماسا.

سۆھبەتى ساھىب دىلان⑨ گەرم⑩ ئولدى زاھىد تۇرماغىل،
خىرمەنى ئاتەشكە كىم كىرگەي سەمەندەر⑪ بولماسا.

ھويى بۇ ژۇلىدەمولەردىن⑫ چۇ دىلگىر⑬ ئولماغىز،
زاھىر ئولماس زىننەتى شەھرى، قەلەندەر بولماسا.

نەقشبەندىلەركى[14] نەقشى بورىيايى بەس دۇرۇر،
ئەتلەسى گەردۇن[15] ئەگەر بالىنى بىستەر[16] بولماسا.

ئەژدە ھايى بىشەنى ھەيبەتدە كىم قىلغاي خەراب،
دۇلدۇل ئۆزرە نەئرەئى ئاۋازى ھەيدەر[17] بولماسا.

ئەي زەلىلى كىچەۋۇ كۈندۈز ئىشىم دىۋانەلىك،
تاجۇنۇن ئىقلىمىدىن مۈلكى مۇسەخخەر[18] بولماسا.

---

① مەئۋا — تۇرار جاي، باشپانا.
② شىشەپۇش — شىشە مونچاقچى.
③ جەھانگىر — جاھاننى ئالغۇچى (ئىگىلىگۈچى).
④ ۋەرنە — باشقىچە، ئەكسىچە، ھەر ھالدا، بولمىسا.
⑤ نىلگۇن — نىل رەڭ.
⑥ ئەختەر — يۇلتۇز؛ بەخت.
⑦ ئابى ھەيات — تىرىكلىك سۈيى، تىرىلدۈرىدىغان سۇ.
⑧ خىزر — يول باشلىغۇچى، رەھبەر.
⑨ ساھىب دىلان — دىل ئىگىلىرى، ساپ كۆڭۈللۈكلەر.
⑩ گەرم — قىزغىن، قىزىماق، قىزىتماق.
⑪ سەمەندەر — ئوت كەسلەنچۈكى (ئوت - يانغىن ئىچىدە تۇغۇلىپ، ئوت ئىچىدە يۈرەرمىش).
⑫ ژۇلدەمو — پاخماق چاچ؛ تىجىمەل، كىزىپ يۈرگۈچى.
⑬ دىلگىر — كۆڭلى بۇزۇلۇش، ئىچى پۇشۇش.
⑭ نەقشبەندىلەر — خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى يولغا قويغان سوپىلىق تارىمىنىڭ تەرەپدارلىرى، نەقشبەندى مۇرىتلىرى.
⑮ گەردۇن — ئاسمان (ئەتلەسى گەردۇن — كۆك ئاسمان).



⑯ بالىن بىستەر — ياستۇق - كۆپە.
⑰ ھەيدەر — يولۋاس، شىر، ھەزرەت ئەلىنىڭ لەقىمى.
⑱ مۇسەخخەر — ئۆزىگە تەسخىر قىلماق (قاراتماق، بويسۇندۇرماق).

## 13

گۈل قەددى قامەتىنى شەمشاد ئەگەر قىلـماسا،
بۇلبۇلدە ئەيب يوقتۇر فەرياد ئەگەر قىلماسا⓫.

دەۋزەخدەكى گۇناھكار ئوتدىن قۇتۇلماغايلەر،
ئەھمەد شەفائەتىدىن ئازاد ئەگەر قىلماسا.

زۇلمەتدىن ئول سىكەندەر چىقماسلىق ئەردى مۇمكىن،
خىزرى مۇرۇۋۋەت① ئەيلەپ ئەمـداد② ئەگەر قىلماسا.

سەرپا③ بەرەھنەلىكدىن④ بولماس كىشى قەلەنـدەر،
دۇنياۋۇ ئاخىرەتنى بەرباد ئەگەر قىلماسا.

ھاجى ھەرەم ئىچىدە تەۋف⑤ ئەيلەمەك نە ھاسىل،
ۋەيرانەئى كۆڭۈلـنى ئاباد ئەگەر قىلماسا.

تۇغيان ئىتەر جۇنۇنۇم زەنجىرى ئىشق كەلتۇر،
ئەفسۇنگەران⑥ ئەزايىم⑦ بۇنياد⑧ ئەگەر قىلماسا.



شەھدۇ شىكەر⑨ تۆكەرمۇ شىرىن تەكەللۇمىدىن،
ئىشقىڭ زەلىلى قۇلنى فەرھاد ئەگەر قىلماسا.

① مۇرۇۋۋەت ـــ مەرتلىك، ئادەمگەرچىلىك.
② ئەمداد ـــ مەدەتلەر.
③ سەرۇپا ـــ ئۇستى ـ باش.
④ بەرەھنە ـــ يىلىڭ، يالاڭغاچ.
⑤ تەۋف ـــ تاۋاپ، زىيارەت.
⑥ ئەفسۇنگەران ـــ ئەپسۇنچىلەر.
⑦ ئەزايىم ـــ دۇئا.
⑧ بۇنياد ـــ ئاساس، ئۇل، ئەسلى "چىقماسلىق"، پەيدا بولماق.
⑨ شەھدۇ شىكەر ـــ بال ـ شىكەر.
⓫ «چ»دە: بۇلـبۇل دىـمەك ھەر سەھەر فـەرياد ئەگەر قىلـماسا،
گۈلنى فەرامۇش ئىلە بەرباد ئەگەر قىلماسا.

## 14

زۇلفۇ يۈزۈڭنى ئەي پەرى لەيلى نەھار① ئۇقۇپ،
شەھلا كۆزۈڭنى ئاھۇيى مەردۇم② شىكار ئۇقۇپ.

كاكۇلى لىۋايى④ ئەھمەدى دەپ قىلمىشەم تەۋاف،
پەيۋەستە④ قاشلەرىڭنى ئەجەب زۇلفىقار ئۇقۇپ.

ھەم قامەتىڭنى غۇنچەئى گۈل دەستە چاغلادىم،
رەيھان خەتىڭنى گۈل يۈزۈڭگە سەبزەزار ئۇقۇپ.

قىلدى شەھىد ئىشقى مېنى بىر نەزەردە ئول،
گۈلگۈنى قەبايى⑤ زالىم كافىرخۇمار ئۇقۇپ.

(سەرۇپا بەرەھنەلەرنى كۆرۈپ ۋەئىز ئىبىتادۇر،
زاھىد غۇرۇرى غەفلەت ئىلەگىرۇدار⑥ ئۇقۇپ.)

باردىم ئول خوش دىيارغە❶ غۇربەتدە يىغلادىم،
رەئنا قەددىڭنى گۈلشەن ئارا مەن ھەزار ئۇقۇپ.



كەلدى زەلىلى تەلبە قاراسايدىن بۇگۈن،
قەبرى ئىمام جەئفەرى سادىق مازار ئۇقۇپ.

---

① لەيلى نەھار — تۈن - كۈن، كېچە - كۈندۈز.
② مەردۇم — ئادەملەر؛ (كۆز) قارچۇق.
③ لىۋا — تۇغ.
④ پەيۋەستە — تۇتاش، قوشۇما؛ ھەمىشە.
⑤ قەبا — تون.
⑥ گىرۇدار — ھۆكۈمرانلىق.
❶ «ك»دە: كەلدىم خوتەن دىيارىغە.

## 15

پەردە پۇش① بولغاچ⑩ چىمەندە جەئفەرى كەلدۇك چىپىپ،
مەن سەراپا② ھايى ھويى نالەدىن چۇن ئەندەلىب.

يار رەنجۇر③ ئۇلدى مەن ئاندىن دەغى رەنجۇرراق،
ھالەتىم دىشۋار④ ئەي پەرۋەدىـگارا بول تەبىب.

دۇر زەنجىرى سەرى زۇلفىدە گويا ئىككى كۆز،
ئاھۇيىدۇر كافىرستان ئىلكىدە تۇتقۇن غەرىب.

ئەي گۆرستان ئەھلى بىر-بىر تۇتۇگىز راھى ئەدەم⑤،
كىم مەلۇل⑥ ئۇلماك بۇگۇن تاكىلا قىيامەت ئەنقەرىب⑦.

بولدى تۇركىستان زەمىن ئىچرە زەلىلى نەغمە سەنج⑧،
مۇستەمىئدۇر⑨كىم گۇلىستان قۇشلەرى ئەمدى كىلىپ.

---

① پەردە پۇش — پەردە ياپقۇچى ياكى يېپىنغۇچى، پەردىچى.
② سەراپا — باشتىن-ئاياق.
③ رەنجۇر — كېسەل، ئاجىز، سىقىلماق.



④ دىشۋار — قىيىن، ئېغىر، مۇشكۇل.
⑤ راھى ئەدەم — راھ- يول، ئەدەم-يوقلۇق- يوق.
⑥ مەلۇل — مالالىق، قايغۇلۇق، خاپا.
⑦ ئەنقەرىب — چاپسان، پات ئارىدا.
⑧ سەنج — تەرمەك، چەكمەك، چالماق (نەغمە) مەنىلىرىدىكى ياردەمچى سۆز.
⑨ مۇستەمىئ — ئاڭلىغۇچى.
⑩ «چ»دە: ئۇلدى.

## 16

تابى زۇلفۇڭدىن چىكەر كان ئىچرە سىماب ئىزتىراب،
ئاي يۈزۈڭنىڭ رەشكىدىن كىردى بۇلۇتغا ئافتاب.

كاكۈلى مۇشكىن① سەنەمنىڭ چېھرەسىن پۇشدە② تۇت،
جىلۋەئى ھۆسنىدە ئەيلەر ۋەرنە ئالەمنى خەراب.

چۇن تەرىقەت يولىغا كىرمەكنى قىلدىڭ ئىختىيار،
ئەۋۋەلا بىر مۇرشدى③ ھادىنى④ قىلغىل ئىنتىخاب⑤.

مەرھەبا ساقى خۇمارىمنى بۇگۈن دەفئ ئەيلەسەڭ،
شىشەئى ساغەرنى⑥ تولدۇرغىل قۇيۇپ گۈلگۈن شاراب.

ئەي زەلىلى گۈلشەنى ماچىندە ئەمدى بادە ئىچ،
مۆھتەسىب⑦ گەر شەھر ئىچىدە ئەلنى ئەيلەر ئىھتىساب⑧.

---

① مۇشكىن — مۇشك (ئىپار) رەڭلىك، ئىپار ھىدلىق؛ قارا تۇسلۇك.
② پۇشدە — يوشۇرۇن، مەخپى، ياپماق.
③ مۇرشد — يول كۆرسەتكۈچى؛ (سوپىلىقتا) پىر، ئىشان.
④ ھادى — توغرا يول باشلىغۇچى، يېتەكچى.



⑤ ئىنتىخاب — تاللاش، ئىلغاش،
⑥ ساغەر — مەي پىيالىسى، قەدەھ.
⑦ مۆھتەسىب — ئىھتىساپ قىلغۇچى، خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، بازاردىكى جەڭ، تارازا ۋە باھا ئۈستىدە نازارەت قىلغۇچى.
⑧ ئىھتىساب — ھىساپ ئېلىش، تەھقىقلەش، تەكشۈرۈش.

## 17

كۆكۈلدە ساقلامادى هەر كىشى كى بىر مەهبۇب،
ئانىڭكى بولغانىدىن مۇندا بولماغانى خوب.

دەرىخ ئۆمۇر ئۆتۇپ كەتتى قىلمايىن پەرۋاز،
كەبۇتەرىكى قاناتىغا باغلادىم مەكتۇب.

هەقىقەت ئەهلىغە سەن تەئىنە قىلماغىل هەرگىز،
جەهان-جەهان غەم ئارا قالسا گەر ئۇلەر مەهجۇب①.

غۇرۇر هۆسن بولۇپ يۇسۇفانە② غافىل سەن،
ئىشتمەدىڭمۇ دەغى ئاه نالەئى يەئقۇب③.

نە ئاخىرەتۇ نە دۇنيا زەلىلى تەرك ئەيلەر،
جەمال تەگرى تەئالادۇر مەقسەدۇ مەتلۇب.

---

① مەهجۇب — ئورالغان، پەردىلەنگەن؛ ئۇياتلىق.
② يۇسۇفانە — يۇسۇپلەرچە، يۇسۇپدەك.
③ يەئقۇب — يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى.



## 18

نەمايان بولدۇڭ ئەي دىلبەر يۇزۇڭنى ئافتاب ئەيلەپ،
قارا كاكۇل بىلە زۇلفى پەرىشانىڭ نىقاب ئەيلەپ،

لەبىڭ خالىنى كۆرگەچ تەن ئۆيىدە ناتەۋان كۆڭلۇم،
قۇشدۇر كىم قەفەسدە تەلپىنىپ كۆپ ئىزتىراب ئەيلەپ.

جەمالىڭ دەفتەرىدىن نۇكتەنى① شەرهى ئىتە ئالمان،
يىلى ئۆمرۇم ئىچىدە ئەي پەرى يۇز مىڭ كىتاب ئەيلەپ.

نە كافىر② كۆزلەرىڭ ئالەمنى تەنها ئەيلەدى تاراج،
شەبىخۇن③ كەلتۇرۇر غەم جانىمە يۇز مىڭ ئىتاب④ ئەيلەپ.

ۋەفا هەرفىنى سورغانىدا ماڭا سەن تازە جان بەردىڭ،
مەسىها⑤ لەبلەرىڭ ئەئجازىدىن⑥ گويا جەۋاب ئەيلەپ.

سەهەر تەرفى چىمەندە گۇل بىلە تەنها شەراب ئىچتى،
ئەجايىب باغبانى سىنەئى⑦ بۇلبۇل كەباب ئەيلەپ.

گۈلىستانى سۇخەن سەيرى ئېتەردە ساھىبى دىۋان،
چىكەر باشىغە گۈلدەك مىسرەئىنى ئىنتىخاب ئەيلەپ.

نە كۈندۈز شەرتدۇرمەي ئىچكەلى شۇربى⑧ مۇدامىمدىن⑨،
قەدەھ تۇت ساقىئى سىيمىن⑩ بەدەنكىم ماھتاب⑪ ئەيلەپ.

ھەقىقەت جىلۋەگەردۇر دەرھەقىقەت ياشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەھلى زەلىلى تەلبەگە مۇنداغ قەباب⑫ ئەيلەپ.

---

① نۇكتە — نازۇك مەنىلىك سۆزلەر، مەنىسى چوڭقۇر ۋە چىرايلىق سۆز.
② كافىر — رەھىمسىز، ئىنكار قىلغۇچى.
③ شەبىخۇن — تۇندە تۇيۇقسىز ھۇجۇم.
④ ئىتاب — قەھرى، غەزەپ، قىيناق.
⑤ مەسىھا — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.
⑥ ئەئجاز — مۆئجىزىلەر.
⑦ سىينە — كۆكۈس، كۆكرەك، يۈرەك، باغىر.
⑧ شۇرب — ئىچمەك.
⑨ مۇدام — ھەمىشە،دائىم (ئىچىشكە) بېرىلمەك.
⑩ سىيمىن — كۈمۈش؛ كۈمۈشتەك ئاق.
⑪ ماھتاب — تاۋلانغان ئاي، ئايدىڭ.
⑫ قەباپ — قاباب قىۋاپ، ئۆزىنى چىرايلىق ۋە ئىسىل كۆرسەتمەك.



(19)

چىندە مۇسافىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غەرىب،
يار يۈزىنى كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغارىپ.

كەتتى بەسى زۇفۇنۇن، كەلدى بەس ئەھلى جۇنۇن،
بولمادى مەندەك زەبۇن① دىلبەرىدىن ئايرىلىپ.

چەكتى كۆڭۈل ئۇتلۇغ ئاھ، چېھرەم ئۇلۇپ بەرگى كاھ②،
ھەق بۇ سۆزۈمگە گۇۋاھ سەن،سە كۆڭۈلدە ھەبىب.

بۇلبۇلى جان سايراغىل، كۆز ياشى دەغى ياغىل،
غافىل ئۇلۇپ تۇرماغىل، گۈلنى كۆرۈپ ئەندەلىب.

ۋەقتى سەھەر بىقەرار، يىغلاچۇ ئەبرى باھار،
دەرد ئەگەر سەندە بار، كەلگەي ئۆزىدىن تەبىب.

ئاڭلاغىل ئەي سىيمبەر③ جان قۇلاغىدا گەۋھەر،
ئانچە ماڭا بەردىلەر مەكتەبى ئىشقىڭ ئەدىب.

بەسكى غەنىمەت مەھەل، ساقى قۇيۇپ تېز كەل،
باغلادى بېيتۇ غەزەل، تەلبەزەللى كېلىپ.

① زەبۇن — ئاجىز، بىچارە؛ مەغلۇپ، يېڭىلگەن.
② بەرگى كاھ — سامان پارچىسى (تەننىڭ زەئىپلىگىدىن كىنايە).
③ سىيمبەر — كۈمۈش بەدەن، ئاق بەدەن، ئاپپاق؛ گۈزەل.



## 20

بىرنەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان بېرۇرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەئى① مەئشۇقى ياستانۇرنى نىيەت تۇت.

باۋەر② ئەيلە بۇ سۆزگە، سۇرمە قىل سۆزۈم كۆزگە،
يوقتۇر ياردىن ئۆزگە، غەيرىدىن ھەر ھىممەت تۇت.

كوھنەلەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىپ ئۆتەر بىر دەم، سەن بۇ دەم غەنىمەت تۇت.

سەرۋ قامەتى گۈل پۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش③،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش④، ئەقلىڭ ئۇلسە ئىبرەت تۇت.

ھەشەرگاھقا بارغاندا، قىلنى قىرىق يارغاندا،
تەلمۈرۈپۇ ھارغاندا، دامەنى شەفائەت تۇت.

گەر تاپاي دىسەڭ سەن يول، تەرك ئېتىپ قەلەندەر بول،
خۇمى خۇسرەۋدەك تول، كوچەئى مۇھەببەت تۇت.

بادەششەگە تولدى، خۇنى دىل بەجۇش ئۇردى،
مۆھتەسسب يېقىن بولدى، رىند⑤ بىرلە سۆھبەت تۇت.

ئەي زەللى بى ھاسىل، ئىشق ئېلىگە بول ۋاسىل⑥،
بولما بىر نەفەس غافىل، گوشەدە خىلۋەت تۇت.

① ئاستانە ــ بوسۇغا؛ ساراي؛ بىرەر كىشىنىڭ ھۇزۇرى.
② باۋەر ــ ئىشەنچ، ئىشەنمەك؛ تەستىقلىماق.
③ بەردۇش ــ يەلكە، ئۇچا، يەلكىسىدە.
④ ئاغۇش ــ قۇچاق، قۇچاقلىماق؛ باغرىغا باسماق، باغرى.
⑤ رىند ــ سالپى، بىپەرۋا، لاغايلاپ يۈرەر؛ نازۇك تەبىئەت.
⑥ ۋاسىل ــ ئېرىشكۈچى، ئېرىشكەن.



# 21

تاتىغ غەمىڭ قىلماغۇچە سىينە جەراھەت،
كۆڭلۈمدە ئاچىلمايدۇ مىڭ بىر گۈلى راھەت.

مەن سەيقەلى ئايىنەئى كۆڭلۈم بىلە مەشغۇل،
تۇتى قەنى بەرگەي ئىدى بۇ دادى① فەساھەت②.

ئېيتۇرلەر قىيامەت قەددىنى ئەينى③ بەلادۇر،
لېكىن قاشى بىرلە كۆزىدۇر ھەر بىرى ئافەت.

تائەت بىلە جەننەتكە كىرەرلەر دىدى زاھىد،
فەردايى قىيامەتدە بۇ سۆز بىرلە قەباھەت④.

مەكتۇبى جۇنۇن سەربەسەرى⑤ مىسرەئى رەنگىن⑥،
كۆرگۈزدى زەلىلگە گۈلىستان فەساھەت.

① داد ــ دادىغا (ۋايىغا) يەتمەك.
② فەساھەت ــ سۆزنىڭ ئوچۇق، روشەن، راۋان، چىرايلىق ۋە قائىدىگە مۇۋاپىق بولۇشى.
③ ئەين ــ خۇددى ئۆزى، ئەينى، ئېنىق؛ كۆز، بۇلاق، چەشمە.
④ قەباھەت ــ يامانلىق، ئوساللىق، قەبىھلىك.
⑤ سەربەسەر ــ باشتىن-ئاياق، پۈتۈنلەي.
⑥ رەنگىن ــ رەڭدار، گۈزەل، تاۋلىنىپ تۇرىدىغان.

## 22

هالا① ئەجايىپ ئەرمەس قىلسام سوراغ غۇربەت②،
روز③ ئەزەلدە بەرگەنى بىزگە ئاياغ غۇربەت.

قان يىغلادى چۇ لالە گۈلگۈن④ شۇكۇفە⑤ ئەيلەپ،
دەرد ـ ئەلەم گۈلىدىن كۆڭلۈمدە داغ غۇربەت.

زىنھار⑥ ئەي مۇسافىر قىلماڭ تەفەررۇج گۈل،
گۈلخەن كەنارەسىدۇر⑦ بوستان باغ غۇربەت.

ھەي ـ ھەي زەلىل تەلبە كۆڭلۈم ساڭا فەرىشان،
ئاشۇفتەرەك⑧ كۆرەرمەن سەندە دىماغ⑨ غۇربەت.

---

① هالا — شۇ تاپتا، مۇشۇ تۇرقى.
② غۇربەت — غېرىپلىق، مۇساپىرلىق، يالغۇزلۇق.
③ روز — كۈن، كۈندۈز.
④ گۈلگۈن — گۈل رەڭلىك، قىپ ـ قىزىل؛ چىرايلىق ۋە چاپقۇر ئات.
⑤ شۇكۇفە — چېچەك، غۇنچە، پورەك.
⑥ زىنھار — زادى، ھەرگىز.
⑦ كەنارە — چۆرىسى، چەت.
⑧ ئاشۇفتە — پەرىشان، چېچىلاڭغۇ؛ بىرىلگەن، مەپتۇن، شەيدا.
⑨ دىماغ — مېڭە بىلەن بۇرۇن ئوتتۇرىسى، دىماق؛ كەيپىيات.



## 23

ئەي دەفتەرى جەماللىڭ تەفسىرى بىنەھايەت،
لەئلى لەبىڭدە زاھىرى لۇتۇف ھەدىس ـ ئايەت

زىبرۇ زەبەر① خەتىڭنىڭ مەزمۇنىدىن بىلۇرمەن
ھەر ھەرفىدۇر رىسالە، ھەر نۇكتەسى رەۋايەت.

تۇبى② قەددىڭ قاشىدە بىر جىلۋەلىك دەرەختى،
ھۆسنۈڭ ھىكايەتىدە يۈسۈف سۆزى كىنايەت.

شەمشىركىن چەپ ـ راست③ قىلدىڭ بۇگۈن ھەمايىل④،
بىسمىل ئەگەر غەرەزدۇر بىر غەمزەئى كىفايەت.

ئالەم ئەھلى سەراسەر⑤ غافىل ئەگەر ئەمەسدۇر،
بۇ نالەئى جۇنۇنۇم قىلماسمىدى سىرايەت⑥.

بىر قەترەئى ئىشقى رەمزەئى "ئەنەل ـ ھەق"⑦ ئىبىتۇر،
ئەي قەۋمىئى پارسايان⑧ پەرھىز ئىتىڭ بىغايەت.

ئايىنەئى زەلىلى ئەزبەسكى تىبىرە بولدى،
ۋەقتى ئىنايەتىڭدۇر يا مۇرشىدى ھىدايەت.

---

① زىبرۇ زەبەر — ئاستىن - ئۈستۈن.
② تۇبى (تۇبا) — جەننەتتىكى دەرەخ دەپ پەرەز ئېتىلگەن گۈزەل دەرەخ؛ كېلىشكەن (قامەت).
③ چەپ راست — ئوڭ - سول.
④ ھەمايىل — مۆرە باغ، قىلىچ قىنىنىڭ بىغى.
⑤ سەراسەر — ئۇ باشتىن - بۇ باشقا.
⑥ سىرايەت — تەسىر، يۇقۇش.
⑦ ئەنەل - ھەق — "مەن - ھەق".
⑧ پارسا — يامان ئىشتىن ساقلانغۇچى.



# 24

كىمكى بۇ مەھفىل① ئىچىدە قىلدى دىلبەردىن ھەدىس،
گۇيىيا كەلتۇردى بولغايكىم پەيەمبەردىن② ھەدىس.

تۇتىيانى③ ھىند ئەگەر لەئل لەبىنى كۆرسەلەر،
ئەيلەمەس ئۆمرىدە ھەرگىز شەھدۇ شېكەردىن ھەدىس.

سەرۋى ئازادىغە بەردى قامەتى تەنھا شىكەست④،
باغبانى بىھۇدە ئېيتۇر سەنەۋبەردىن⑤ ھەدىس.

ھەسبى ھالى⑥ خاكىدانى دەھر بىلگەيسەن دىدىم،
چىقسا ھەردەفتەر ئىچىدە كوھنا لەنگەردىن⑦ ھەدىس.

ياخشى ئىشتىلدى زەلىلنىڭ قۇلاقىغە بۇگۈن،
ئاللاھ-ئاللاھ ئەي مۇسۇلمانلەر بۇ كافىردىن ھەدىس.

---

① مەھفىل — جاي، مەنزىل؛ يىغىلىش جايى، سورۇن، بەزمە.
② پەيەمبەر — پەيغەمبەر.
③ تۇتىيان — تۇتىلار.

④ شكەست ـــ سىنىق، مەجرۇھ، يارىلانغان.
⑤ سەنەۋبەر ـــ قارىغايغا ئوخشاش چىرايلىق دەرەخ؛ كېلىشكەن قامەت ـ
بوي.
⑥ ھەسبى ھال ـــ ئۆز ھالىنى ئىپتىپ پىكىر سوراش، ھال كۆنى.
⑦ لەنگەر ـــ لەڭگەر، ئۆتەك؛ غېرىپخانا، غېرىپ ـ غۇربالارغا ئاش
بېرىدىغان ئورۇن.



# 25

رەگى① گۇل سىيمگۇندۇر② شىشەئى شەبنەمنى نۇش③ ئەتكەچ،
چىمەن گويا مۇسىبەتخانەدۇر بۇلبۇل خۇرۇش④ ئەتكەچ.

نىگارىم كىرمەيىن مەجلىسكە مەن پەرۋانەدەك كۆيدۇم،
سەراپا قامەتىنى شەمئ ياڭلىغ شۆئلە پۇش ئەتكەچ.

بۇگۇن مىھراب مۇنبەر ھەرفىدىن دەم ئۇرماغىل زاھىد،
سۇجۇداتىم⑤ سەنەم قاشىغە يەئنى تەركى ھۇش ئەتكەچ.

جەۋاھىر ھاي⑥ مەئنى ئالەمى زاھىرغا كەلتۇردۇم،
كى خۇممى خۇسرەۋانى ھەرزامان كۆڭلۇمدە جۇش⑦ ئەتكەچ.

ھۇنۇز⑧ ئول نازەنىن چىقماي ھەرەمدىن نالە قىلماڭلەر،
زەلىلى دىلبەرىنى كۆردى نۇتقىنى خەمۇش⑨ ئەتكەچ.

---

① رەگ ـــ تومۇر، قان تومۇر.
② سىيمگۇن ـــ كۇمۇش رەڭ، ئاق.
③ نۇش ـــ تاتلىق، شىرىن؛ ئىچمەك.

④ خۇرۇش ــ توۋلىماق، چىللىماق.
⑤ سۇجۇدات ــ سەجدىلەر، چوقۇنۇشــلار.
⑥ جەۋاھىر ــ جۆھەرلەر، قىمــمەتلىك تاشلار؛ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر
ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن ئەدىبىي ئىبارىلەر.
⑦ جۇش ــ قايناش؛ دولقۇن.
⑧ ھۇنۇز ــ ھەمىشە، زادى.
⑨ خەمۇش ــ جىم، تىنچ، ئىندىمەي.



## 26

ۋەھكى ھىلالى① قاشلەرىڭ سۆرەتىدۇر كەمان② كەچ،
كىرپىك ئوقىدا قەتل قىل كىم كى قىلۇر گۇمان كەچ.

ھەرخەمى كاكۇلۇڭ سىنىڭ سىلسىلە③ جۇنۇن سىنىڭ،
زاھىد بىخەبەر ئەجەب ئەيلەدى ئىمتىھان كەچ.

بىلمەي ئەگەر سەنا دىسە مانىئى④ زىكر⑤ بولماغاي،
ھىچ مەلامەت ئەيلەمە بولسا بەلى⑥ زەبان كەچ.

جەزبە⑦ ئاتىغا مىن بۈگۈن سەير تەرىقەت⑧ ئەيلە گىل،
تەۋسەن⑨ ئەقل ئازدۇرۇر ئاقىبەت ئىنان⑩ كەچ.

دۇشمەنى جان بولدىلەركىم كى نەسىھەت ئەيلەسە،
تەلبە زەلىلى ئاڭلادى ئادەمنىڭ يامان كەچ.

---

① ھىلال ــ يېڭى چىققان ئاي، يارنىڭ ئايدەك ئەگمە قېشى.
② كەمان ــ يا (كەمەلەك).
③سىلسىلە ــ زەنجىر، تىزما، تىزىق.

④ مانىئ — توسقۇن، كاشىلا.
⑤ زىكر — سۆزلەش، تىلغا ئېلىش، بايان قىلىش.
⑥ بەلىپ — شۇنداق، ئەلۋەتتە، بەللى.
⑦ جەزبە — تارتىش، ئۆزىگە تارتىۋېلىش.
⑧ تەرىقەت — ئۇسۇل، يول، مەسلەك، سوپىلىق يولى.
⑨ تەۋسەن — توسۇن (ئات).
⑩ ئىنان — چۇلۋۇر، تىزگىن.



## 27

تەختەئى تابۇت ئېرۇر ئاقىل كۆزىگە تەختۇ تاج،
كىم گەدالىق بورياسى مەسنەدى① بى ئېھتىياج.

يەتكۈرۈر بىللاھ مەقامى فەقرىگە② تەجرىدلىك③،
بولىماغىل ھۆرانى جەننەت بىرلە ھەرگىز ئىزدىۋاج④.

خەتتى ئازادى تىلەرسەن خاتىرىڭ ۋەيرانە قىل،
شاھ ئالمايدۇر دىيارىكى بۇزۇق باج-خىراج.

ئەندەلىب ھەر كۈن دىماغ ئاشۇفتەلىكدىن سايرادى،
جىلۋەگەر گۈل بولماسا بولمايدۇر سۇنبۇلدىن ئىلاج.

ساھىبى ئەۋازە بولماس سەن زەلىلى خەلق ئارا،
بەرمەگۈنچە مۇفتى⑤ ئىشق بۇدىۋانىغە رەۋاج⑥.

① مەسنەد — تايانچ، تەخت، يۇقۇرى ئورۇن- دەرىجە.
② فەقر — پېقىرلىق، كەمبەغەللىك، مۇھتاج.
③ تەجرىد — چەتلەشتۈرۈلگەن، يەكلەنگەن.
④ ئىزدىۋاج — ئۆيلىنىش، جۈپ بولۇش.
⑤ مۇفتى — مۇپتى، پەتىۋا بەرگۈچى.
⑥ رەۋاج — تارقاتماق، بەرمەك، ئۆتكۈزمەك.

## (28)

چۇ① دەريا رەۋشەن ئۇلدى خاتىرىم سەير جەھان ئەتكەچ،
ھەياتى خىزر تاپتىم قەتئ② مەنزىل تەرك جان ئەتكەچ.

تەفەررۇج قىل دىلۇجانىنى بەرباد ئەيلەدى مەنسۇر③،
ئەنەل ھەق رەمزىنى بىر قەترە مەيدىن ئىيان④ ئەتكەچ.

بۇگۇن باغى گۇلىستان گۇللەرى خۇش بەرگ رىز⑤ ئۇلدى،
سەھەر ھوي چېكەردە سەرسەرى⑥ ئاھىم خەزان ئەتكەچ،

مېنى مۇنداغ بەلادەشتىدە تەنھا قويماغاي ئەردى،
كى قەدرى گەۋھەرى بى بەھانى ئىمتىھان ئەتكەچ.

زەلىلى تەرك ئېتىپ ئالەمنى كەچتىم خانىمانىمدىن⑦،
تەۋاف ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان ئەتكەچ.

---

① چۇ — كەبى، ئوخشاش؛ چۇنكى، قاچانكى.
② قەتئ — كېزىش، يۈرۈش؛ كەسمەك، ئۈزمەك.
③ مەنسۇر — يەڭگۈچى، غالىپ.



④ ئىيان — ئوچۇق، ئاشكارا.
⑤ رىز — تۆككۈچى، تۆكۈلگۈچى، چاچقۇچى، ئاققۇزغۇچى مەنىلىرىدە.
⑥ سەرسەر — سوغاق ۋە قاتتىق شامال.
⑦ خانىمان — ئۆي - جاي، بىسات.

## 29

جەھان ئەھلى سپاھى ھۆسنى دىدارىڭنى كەم كۆرگەچ،
قاچار دەھشەت يۈزىدىن ھەر تەرەف ئوتلۇغ ئەلەم كۆرگەچ.

خەتى فىشانەئى① ئازادەلەرنى سەندىن ئاگلارمەن،
يۈزۈڭ بىرلە قاشىڭنى سەجدەدە لەۋھى قەلەم كۆرگەچ.

بەرەھمەن زادە دەۋرى سومىناتىم② ئىچرە يۈرسۈن دەر،
مېنى بۇتخانەئى تەرسا ئىچىدە ئول سەنەم كۆرگەچ.

كۆكۆل باغلاردە ئەقلىم فىكرى زەنجىر ئەيلەدى بولغاي،
قارا كاكۇلنى زۇلفۇڭ بىرلە بوينۇم ئۆزرە خەم كۆرگەچ.

بۇگۈن غافىل بۇ ئالەمدە سەراسەر قالمادى گويا،
جۇنۇن شەھرىدە مۇنداغ ھەيبەتى خەيلى③ ھەشەم④ كۆرگەچ.

غۇبارى خاكسارى گۇلخەنى⑤ ئىشقىڭغە مەن لايىق،
بۇ گەرد ئالۇدەلەرنى⑥ دەرگەھىڭغە مۆھتەرەم كۆرگەچ.



ھىسارى⑦ غەم دەرى دەرۋازەسىنى مەھكەم ئەيلەپدۇر،
زەلىلى پاسبانى زېرەكى فەۋجى⑧ ئەلەم كۆرگەچ.

---

① خەتى فىشانە — پىشانىگە پۈتۈلگەن.
② سومنات — بۇتخانا، بۇت نامى.
③ خەيل — گۇرۇھ، توپ.
④ ھەشەم — يېقىن كىشى؛ قەبىلە؛ مەرتىۋە - دەرىجە،
⑤ گۇلخەنى — گۇلەخى، ھاممامغا ئوت قالىغۇچىلار.
⑥ گەرد ئالۇدە — چاڭ باسقان.
⑦ ھىسار — قورغان.
⑧ فەۋج — قوشۇن، چېرىك.

# 30

ساقى سەھەردە كەلتۈرۈك ئەل كۆزىدىن نىھان① قەدەھ،
فەسلى بەھار گۈل ئىرۇر مەۋسۇمى② ئەرغەۋان③ قەدەھ.

مەستى مەيى مۇھەببەتنىڭ بادەنى ئىچتى ھۇنۇز،
نالەئى ئەل ـ ئەتەش④ قىلۇر بولماسا بىر زەمان قەدەھ.

زاھىد پاكباز⑤ ئەگەر بادەنى ئەيلەر ئىئتىراز،
قورقما سۇراھىي⑥ بويلۇغۇم تۇت ماڭا مېھرىبان قەدەھ.

زۆھرە⑦ ئىلىكىدىن⓮ بۇگۈن مۇشتەرى⑧ كۆر شەراب ئىچەر،
شىشەلەرىدۇر ئاسمان كەۋكەب خۇن فىشان قەدەھ.

ئالتۇن ئاياغىدىن غۇرۇر ئەيلەسە ئەغنىيايى⑨ دۇن⑩،
تەرز⑪ قەلەندەران كۆرۈك كەللەئى⑫ ئۇستخان قەدەھ.

تەلبە زەلىلى ھۇش ئىلە قوي قەدەمىڭ سېكىن ـ سېكىن،
پىرمۇغان⑬ ئىشكىدە تىزدىلەر ھەر قايان قەدەھ.

---

① نىھان ــ يوشۇرۇن.



---

② مەۋسۇم ــ ئاتالغان، ئىسىم ئالغان.
③ ئەرغەۋان ــ قىزىل، قىزىل تۈسلۈك.
④ ئەتەش ــ تەشنالىق، چاڭقىغان.
⑤ پاكباز ــ چىن ئاشىق.
⑥ سۇراھىي ــ مەي كوزىسى.
⑦ زۆھرە ــ چولپان، ۋېنېرا.
⑧ مۇشتەرى ــ يۇپىتېر، ئوڭاي يۇلتۇزى.
⑨ ئەغنىيا ــ غەنىيلەر، بايلار.
⑩ دۇن ــ پەس، رەزىل، ناكەس.
⑪ تەرز ــ ئۇسۇل، رەۋىش، تۇرق، سۆرەت.
⑫ كەللە ــ كاللا، باش.
⑬ پىرمۇغان ــ ئاتەشپەرەسلەرنىڭ پىرى؛ مەيخانىچى.
⓮ «چ»دە: "ئىلكىدىن"

# 31

سەرجۇش① بەھار ئەيلەدى زەررىن②❶ چىمەنى شوخ،
بۇلبۇل قىلىبان نالەسىدىن ئەنجۇمەنى③ شوخ.

ئالماۋۇ ئانار ئىلە بىھىدىن سۆز ئەتمەك،
ھەر يەردەكى بار جىلۋەدە سىيمىن زەقەنى❷ شوخ.

فەردايى قىيامەتدە كۆرۈڭ بارچە شەھىدان⑤،
غەيرەتىدىن⑥ ئىيتەر چاك گىرىبان⑦ كەفەنى⑧ شوخ.

فانۇس كەبى شۆئلەسىدىن كىچە-لا كۆيدۈم،
تاكىيدى قەددى قامەتىغە پىر ھەنى⑨ شوخ.

قوپ تەلبە زەللى خىتتا يولىغە كىرگىل،
كۆكلىدە ۋەفا يوقتۇر نىگار خوتەنى شوخ.

① سەرجۇش — راسا قايىنماق، قاينام.
② زەررىن — زەرلىك، زەرلەنگەن؛ ئاپتاپ.



③ ئەنجۇمەن — مەجلىس، يىغىن.
④ زەقەن — ئىڭەك، زاڭاق.
⑤ شەھىدان — شەھىدلەر.
⑥ غەيرەت — رەشك، قىزغىنىش؛ غەيرەت، بىرىلمەك.
⑦ گىرىبان — ياقا. (چاك گىرىبان — ياقا يىرتىش).
⑧ كەفەنى — كېپەنلىك، كېپەن خىرىدى.
⑨ پىرھەن (پىراھەن) — كۆڭلەك.
❶ «ك»دە: "گۈلنى".
❷ «چ»دە: "زەرقىن".

## 32

تائەت بىلە تابولماسا ئەيسايى مۇجەررەد①،
قويماس قەدەمىن كۇنگرەئى تاقى② زەبەرجەد③.

مۇساكى دەرەختدىن ئەنەللاھ ئىشتىپدۇر،
كىم باۋەر ئاڭا ئەيلەمەسە كافىرۇ مۇرتەد.

تاراج كۆكۆل قىلغالى ھەر لەھزە④ كېلۈرلەر،
چۈن❶ ئىشق سىپاھى بىلە غەم لەشكەرى بىھەد.

دىۋانە قىلىپ❷ مۇغبەچەلەر دەير ئىشكىدە❸،
زەنجىرسەرى زۇلفۇڭ ئىلە قىلدى مۇقەييەد⑤.

ئەيلەر مېنى لەۋھى قەلەم سىررىدىن ئاگاھ،
ئىلكىمگە ھۇنۇز ئالمايىن ئول❹ تەختەئى ئەبجەد⑥.

مەئشۇقى مە جازىنى بۇگۇن قەتئ نەزەر قىل،
گەر ئارزۇيى بولسا ساڭا دەۋلەتى سەرمەد⑦.



مەھشەردە شەفائەت تىلەسەڭ تەلبە زەلىلى،
فەخر ئەيلە دىلۇجانىڭ ئىلە فەفر مۇھەممەد.

---

① مۇجەررەد — يالغۇز، تەنھا، بويتاق.
② تاق — ئىشىك ۋە بىنا ئۈستىدىكى ئىگىز ئەگىم جاي؛ مېھراب ۋە تەكچە ئۈستىدىكى ئەگىم؛ گۈمبەز.
③ زەبەرجەد — قىممەتلىك نىل رەڭ تاش. (تاقى زەبەر - جەد — كۆك ئاسمان).
④ لەھزە — قېتىم، دائىم.
⑤ مۇقەييەد — ئۇلانغان، باغلانغان.
⑥ ئەبجەد — قەدىمقى ئەرەپ ئېلىپبەسىدىن تۈزۈلگەن سەككىز سۆز.
⑦ سەرمەد — مەڭگۈ، داۋاملىق.

❶ «ك»دە: كىم.
❷ «ك»دە: بىلىپ.
❸ «ك»دە: ئىچىدە.
❹ «ك»دە: ئالماس دا داغى ئىلكىم ئۈزە.

## 33

هەرچەند① ئشـكـنـدە سەهەرلەر قىلامەن داد،
دادىمغە قەنى يەتكەنىڭ ئەي زالىمۇ بىداد②.

لەيلى چىمەنى ناز ئچىدە يىغلادى دەرلەر،
مەجنۇنى بەيابانى ئەگەر ئەيلەسە فەرياد.

دىلبەر قەددىغە بەند ئۇچۇن خەلق دىمەسلەر،
گۇلشەندە سەنۇبەر بىلە كىم سەرۋىنى ئازاد.

خوبانى③ جەهان تەلبە كۆرۈبان قاچادۇرلەر،
ئادەم ئەمەس ئول تايىفە گوياكى پەرىزاد.

ئۆلتۈرگەلى بۇ خەستەئى④ مىسكىننى نىگارا،
بىر غەمزە يېتەر، هاجەت ئەمەس خەنجەرى پولاد.

تاغ ئۆزرە چىقىپ ئەردى تاماشا بىلە شىرىن،
كۆركەتتى نەۋا نالەسىدىن تىشەئى فەرهاد●.



كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇپ قالـسا زەلـىلى يـىمەگىل غەم،
كىم كۆردى جۇنۇن ئىقلىمىدە خانەئى ئاباد.

---

① چەند — قانچە، قاچان.
② بىداد — جەۋرە، زۇلۇم.
③ خوبان — چىرايلىقلار، كۆركەملەر.
④ خەستە — كېسەل، ئاغرىق.
● «چ»دە: كۆركۆزدى نەۋا نالەسىدىن تىشەئى پولاد.

## 34

سەبا سەھرايى غەمدىن لالەگۇن① جام جۇنۇن كەلتۈر،
كى دەۋران ساغەرىدىن② مەي كىرەكمەز بۇيى خۇن كەلتۈر.

سۇراھى سەربەلەندۇ③ مەيپەرەستان مەستى لايەئقەل④،
ئەلىنى لامى قەد سىياقىنى مەجلىسدە نىگۇن⑤ كەلتۈر.

كىيىپ رۇخسارەلەر گۈلگۈن كېلىپ گۈلشەندە رەقس⑥ ئەيلەر،
نەۋايى نالەئى نەي بولماسا چۇن ئەرغەۋان كەلتۈر.

رەمۇزى رەمز ئېلىگە بازبان⑦ ھال ئېيتۇرسەن،
جەھان ئەھلىگە لېكىن قىسسەئى دۇنيايى دۇن كەلتۈر.

زەلىلى شەرمسار⑧ ئاخىرەتدە ئۆززە سۇد⑨ ئەتمەس،
بېدەرگاھى خۇدا ھەر ھاجەتىڭ بولسا بۈگۈن كەلتۈر.

---

① لالەگۇن — لالە رەڭ، قىزىل.
② ساغەر — مەي پىيالىسى، قەدەھ.
③ سەربەلەند — ئاتاقلىق، داڭلىق.



④ لايەئقەل — ئەقلى يوق، ئەقلسىز.
⑤ نىگۇن — ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن: پەس، شەرمەندە.
⑥ رەقس — ئۇسۇل.
⑦ بازبان — قۇشچى، قۇشبېگى.
⑧ شەرمسار — ئۇياتلىق، شەرمەندە.
⑨ سۇد — پايدا، نەپ؛ سۇرتۇش، بۇلغىنىش مەنىلىرىدە.

## 35

بۇ خاكى① تىرە ئۆزرەكىم قالۇر ئەي كەدخۇدا② ئاخىر،
ئەدەم يولىغە بىر-بىر كىرگۈسى شاھۇ گەدا ئاخىر.

جەھاندىن ھېچ ئادەم تاپمادى بۇيى ۋەفا، يىغماڭ،
ئانى جەمئ ئەيلەگەنلەر كۆرمەدى غەيرى جەفا ئاخىر.

قەلەندەرۋار③ ئۇلۇبان كوچەئى تەرك ئىچرە سەير ئەتكىل،
كى ئەيسادەك كىشگە ئىگنە④دىن ماجرا ئاخىر.

نەھەڭى قۇلزۇمى⑤ ۋەھدانىيەتدىن⑥ غەرق بولدىلەر،
نە كىشتى قالدىيۇ نەكىشتىبانۇ⑦ ناخۇدا⑧ ئاخىر.

دەرەخت ئۆمرى دايىم سەبزە⑨دۇر دەپ ئېئتىماد⑩ ئەتمەك،
نەسىمى مەرگ⑪ ئەيلەر بەند-بەندىدىن⑫ جۇدا ئاخىر.

نە ھاجەت ئۆيۇ ئايۋانۇ سارايۇ بوستان ئەتمەك،
كىرىپ قەبر ئىچرە تەنھا مەنزىلىڭ دارۇلبەقا⑬ ئاخىر.



كىتابى ماربازى⑭ ئىشقىدىن ئەفسۇنى ئۆرگەتكىل،
ۋەگەر⑮ نە ئەيلەگەي ئۇتى جەھاننى ئەژدەھا ئاخىر.

مۇرەببى⑯ مۇرشىدىمنىڭ باتىنى⑰دۇر ھەر بەلا كەلسە،
نە قىلدى ئۇشتۇرى⑱ مەستانەنى ئالۇفتا⑲ ئاخىر.

گۈلىستانى چىمەندە رەۋنەقى ئابى تەراۋەت⑳ يوق،
تەرەننۇم㉑ ئەيلەگەيمۇ بۇلبۇلى باغى خىتا ئاخىر.

بىنەفشە تابدارۇ㉒ بەرگى سۇنبۇل ھەم پەرىشاندۇر،
كۆتەرمەي گۈل يۈزىدىن پەردەئى بادى سەبا㉓ ئاخىر.

زەلىلى خانىقاھى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەربەئەين ئولتۇر،
مەجازى شەيخلەرنىڭ سۆھبەتى ئۆجبۇ㉔رىيا ئاخىر.

---

① خاك — توپا.
② كەدخۇدا — خوتۇنلۇق ئەر، ئائىلە بېشى؛ ھۆكۈمدار.
③ ۋار — "دەك، ئوخشاش، ...لەرچە" مەنىلىرىدىكى ياردەمچى سۆز.
④ ئىگنە — يىڭنە.
⑤ قۇلزۇم — قىزىل دېڭىز، دېڭىز.
⑥ ۋەھدانىيەت — بىرلىك، يەككە-يېگانە، خۇدا.
⑦ كىشتى — كېمە، كىشتىبان — كېمىچى.
⑧ ناخۇدا — كېمە كاپىتانى، كېمە ھەيدىگۈچى.
⑨ سەبزە — يېشىل، كۆك.
⑩ ئېئتىماد — ئىشەنچ.

⑪ مەرگ ــ ئۆلۈم.
⑫ بەند ــ ئۇگە.
⑬ دارۇلبەقا ــ ئەبەدى تۇرىدىغان جاي، باقى ئورۇن.
⑭ مارباز ــ يىلان ئويناتقۇچى، سېھرگەر.
⑮ ۋەگەر ــ ۋە ئەگەر.
⑯ مۇرەببى ــ تەربىيىچى.
⑰ باتىن ــ ئىچ، ئىچكى؛ كۆڭۈل، روھ.
⑱ ئۇشتۇر ــ تۆگە.
⑲ ئالۇفتا ــ (ئالۇفتە) ــ ھەيران، ئاشىق، بىرىلگەن؛ پەرۋاسىز. ياكى
"ئالپ" ــ باتۇر، قەھرىمان.
⑳ تەراۋەت ــ تازىلىق، يېڭىلىق.
㉑ تەرەننۇم ــ كۈيلەش، ناخشا ئوقۇش، سايراش.
㉒ تابدار ــ چىرماشقان.
㉓ بادى سەبا ــ تاڭ شامىلى.
㉔ ئۆجب ــ مەنمەنلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، غۇرۇر.



# 36

تا كۆزۈمگە جىلۋەگەردۇر قامەتى پۇر رۇشلەر①،
ئافەرىن دەر تاقەتىمگە مەردۇمى با ھۇشلەر.

نالەدىن بۇلبۇل پەرىشان جىلۋەدىن تاۋۇسى باغ،
ئۆرتەگەچ سەھنى چىمەننى بەرقى گۈلگۈن پۇشلەر.

غۇنچەئى كۆڭلۈمنى گۈل-گۈل② ئەيلەدى ۋەقتى بەھار،
ھەر سەھەر فەيزى نەسىم سۇبھىدىن ئاغۇشلەر.

هاي-هويى بۇ كىچە مەيخانەدىن كەم بولمادى،
بىر تەرەف پىرمۇغانۇ بىر تەرەف مەينۇشلەر③.

ئەي زەلىلى پەردەئى جان ئىچرە پىنھان ئەردى غەم،
ئاشكارا ئەيلەدى بىھۇدە ئاغزى بوشلەر.

---

① رۇش ــ بەتخۇي، بەتقىلىق.
② گۈل-گۈل ــ يايراق، رەۋناق، ياشنىماق.
③ مەينۇش ــ مەي ئىچكۈچى.

## 37

ئىئتىراز ئەقلىمى سارى بارماغىل كىم تەڭدۇر①،
مەشرەبى② ھەفتاد دۇ③ مىللەتكە④ كىرگىل كەڭدۇر.

بەرگى سەبزى چار باغى خىلۋەتى ئەندىشەدىن،
بۇلبۇل تەبئىمغە تۆھفە بەيزە⑤ ھايى بەڭدۇر⑥.

مەن نەۋايى نالەئى نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،
ئەرغەنۇنى⑦ مەجلىسى ئۇششاق⑧ خۇش ئاھەڭدۇر.

شەيخ ئۆزلۈك خانقاھىدىن چىقىپ سەير ئەتمەدى،
شۆھرەتى ئاۋازە لېكىن نەچچە مىڭ فەرسەڭدۇر⑨.

گەر فەتىلە ساچلەر تۇغ ئەيلەسە ئاشىق نېتەڭ،
ئىشق شەھرىدە گەدالەر شاھدەك سەرھەڭدۇر⑩.

سۆھبەتى پىرمۇغاندىن چاشنى⑪ تاپقاچ كۆڭۈل،
ئۆلفەتى دۇنياپەرەستى سىفلەسىدىن⑫ تەڭدۇز.



ئەنبەرىن زۇلف يۈزىدە ئىزتىراب ئەيلەر نېدىن،
شام ئېلى سەھرايى رومنى ئالغانىدىن جەڭدۇر.

ھاجەت ئەرمەسدۇر زەلىلگە تاماشايى چىمەن،
باغلاغان ھەر مىسرەئى گۈلھايى رەڭگا رەڭدۇر.

---

① تەڭ — قىس، قىيىن، تەڭلىك.
② مەشرەب — خۇي، خاراكتىر، ئادەت، رەۋىش.
③ ھەفتاد دۇ — يەتمىش ئىككى.
④ مىللەت — دىن يولى، رەسمى - يوسۇن.
⑤ بەيزە — تۇخۇم، ئۇرۇغ؛ ئاق، ئاپئاپ؛ ئىلتىپات، شەپقەت.
⑥ بەڭ — شەكىل، قائىدە، رەۋىش، يوسۇن.
⑦ ئەرغەنۇن — چالغۇ ئەسۋابىنىڭ نامى.
⑧ ئۇششاق — ئاشىقلار، مۇقام نامى.
⑨ فەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 7 ـ 8 كىلومېتىرغا تەڭ.
⑩ سەرھەڭ — قوماندان.
⑪ چاشنى — تەم، تېتىق، مەزە، تېتىماق.
⑫ سىفلە — پەسكەش، پېخسىق.

## 38

زۇلفۇڭ سەنەما گىرىھكۇشادۇر①،
كىم مۇشك② خىتا دىدى خەتادۇر.

زەنجىرى جۇنۇن دىمەگىلە كاكۇل،
ھەر ھەلقەئى تارى مىڭ بەلادۇر.

پەيۋەستە قاشىڭغە ئەيلە قۇربان،
كىرپىك ئوقىن ئاتقالى نە يادۇر.

قەتل ئەتتى كۆزۈڭ كەرەشمە③ بىرلە،
تىر گۆزدى لەبىڭ يەنە بەھادۇر.

دەۋرى يۈزۈڭ ئۆزرە ئەنبەرىن④ خەت⑤،
زىبەندە⑥ نە قۇدرەتى خۇدادۇر.

كۆرگۆزگەن ئۆچۈن سىھر بۇناگۇش⑦،
خۇرشىد بۆگۈن خىجىل يارادۇر.



بەلاي قەددىڭ چۇ سەرۋى ئازاد،
باغى كۆڭۈل ئىچرە جا-بەجادۇر⑧.

فەرراشى⑨ غۇبارى⑩ ئاستانەڭنىڭ.
ھۆرمەتدە چۇ شەھ پەرى ھۇمادۇر.

ئىقلىمى قەنائەت ئۆزرە سۇلتان،
بۇ تەلبە زەلىلى-ئى گەدادۇر.

---

① گىرىھكۇشا — تۈگۈنلەرنى يەشكۈچى، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغۇچى.
② مۇشك — ئىپار.
③ كەرەشمە — ناز بىلەن قاراش؛
④ ئەنبەرىن — خۇشبۇي، چىرايلىق قارا.
⑤ خەت — يېڭى چىققان بۇرۇت، مىيىق.
⑥ زىبەندە — ياراشقان، كېلىشكەن.
⑦ بۇناگۇش — قۇلاقنىڭ (زىرە ئاسىدىغان) يۇمشاق يېرى.
⑧ جا-بەجا — ئۆز ئورنىدا، جاي-جايىدا.
⑨ فەرراش — سۈپۈرگۈچى، (مازار، مەدرەسە، مەسچىتلەرنى سىپىرىپ سۈپۈرگۈچى).
⑩ غۇبار — توپا-چاڭ.

## 39

مىنى ئەۋارە قىلغان ياركەند شەھرىدە ماھىمدۇر①،
قاراڭغۇ ئەيلەگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر.

كۆڭۈل ئۇقلىمنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ② تارى سىپاھىمدۇر③.

ئەگەر جوشى قىيامەت زاھىر ئولسا ۋەھم قىلمايمەن،
كۇلاھى-خىرقەئى ۋەيسى قەرەن پۇشتى پەناھىمدۇر.

مىنىڭ ئىشقىمغە باۋەر قىلماساڭ ئەي قازىئى مەھشەر،
ۋەلى④ پۇردەردى ئاھى سەرۋىنى كۆرگىل گۇۋاھىمدۇر.

بۇلۇت ئەرمەس فەلەكنىڭ ئۇچى نۇزرە جىلۋەگەر بولغان،
باشىمغە سايە قىلغان ھەر دەمى بەختى سىياھىمدۇر⑤.

زەلىلى فەقىرنىڭ مەيخانەسىدە سەلتەنەت كۆرگەچ،
تىكىپ تۇغۇ ئەلەم مەسنەد نىشىنى⑥ بارگاھىمدۇر⑦.



---

① ماھ ــ ئاي.
② خىرقە ــ جەندە، شەيخ ۋە دەرۋىشلەرنىڭ تونى.
③ سىپاھ ــ ئەسكەر، قوشۇن.
④ ۋەلى ــ لېكىن، ئەمما، بىراق.
⑤ سىياھ ــ قارا، سىيادەك قارا.
⑥ مەسنەد نىشىن ــ تايانچ قىلىدىغان، تايىنىدىغان؛ ئەمەلدارلىق سۇپىسى.
⑦ بارگاھ ــ قوبۇلخانا، قوبۇل قىلىنىدىغان ئورۇن.

## 40

فەلەك چۇن بارگاھى مەئرىفەتنىڭ خانقاھىدۇر،
يەر ئۆزرە ھاي-ھۇيى مەستى تاراج شاھىدۇر.

زۇھۇر① ئولدى مۇھەممەد ھۆرمەتىدىن جۇملەئى ئالەم،
ئەزەلدىن تا ئەبەدكە سەلتەنەت دىن ئىززۇ② جاھىدۇر③.

زىھى④ پەيغەمبەر ئاخىر زەماندۇر ئەھمەدى مۇختار،
كى ۋەن-شەققەل قەمەر⑤ ھەم مۆئجىزاتىنىڭ گۇۋاھىدۇر.

گۇناھكارا شەفائەت ۋەئدەسىدىن نائۇمىد ئولماڭ،
جەمئى ئۇممەتىنىڭ ھەشرىدە پۇشتى پەناھىدۇر.

چىمەننىڭ گۇللەرىن بۇلبۇل كۆرۈبان چەكمەگىل ھەسرەت،
قەلەندەر مەشرەبانى رىندىنىڭ تەرزى كۇلاھىدۇر.

بەسى شورىدە⑥ لېكىن نالە قىلدى ھەر سەھەر بۇلبۇل،
ھەزەر قىل باغبانا گۇلشەنىڭدە دادخاھىدۇر⑦.



گىرىفتارى جەمالى دىلبەرانى شوخى چىن بولدى،
زەلىلى تازەئى رەسۋا بولسا ئەمدى ئۆز گۇناھىدۇر.

---

① زۇھۇر — كۆرۈنمەك، پەيدا بولماق.
② ئىزز — ئىززەت، قەدرى قىممەت.
③ جاھ — يۇقۇرى ئورزن، مەرتىۋە، مەنسەب.
④ زىھى — ياخشى، ئوبدان.
⑤ ۋەن - شەققەل قەمەر — ئاينىڭ يېرىلىشى، ئىككى پارە بولۇشى.
⑥ شورىدە — گاڭگىرىغان، پەرىشان.
⑦ دادخاھ — ئادالەت ئىستىگۈچى (تەلەپ قىلغۇچى) ئادالەتپەرۋەر.

## 41

قوٗياش ئەرمەس فەلەكدە يارنىڭ رۇخسارەسى دەرلەر،
كۆزى رەخشەندەسى① كىم شۆئلەدىن سەييارەسى② دەرلەر.

جەھان گەرتىيرە بولسا بىر نەفەسدە ئەي مۇسۇلمانلەر،
شەبى يەلدا③ دىمەڭكىم كاكۇلىنىڭ قارەسى دەرلەر.

مېنى ئاشۇفتە كۆرگەچ نالە بىرلە ھەر سەھەر جانىم،
گۈلىستانى يۈزۈڭنىڭ بۇلبۇلى ئەۋارەسى دەرلەر.

ئىچۈك مەن نەئرە چەكمەي ھەم فىغانۇ هاي ـ ھۇي ئەتمەي،
سېنى باغى جەنانىنىڭ④ بىر گۈلى نەززارەسى⑤ دەرلەر.

كۆزۈمدىن قەترە ـ قەترە ئەشك گۈلگۈنۈمنى ساچقاندىن،
جۇنۇن خەيلى تاماشا قىلغالى فەۋۋارەسى⑥ دەرلەر.

لىباسى فەقرىدىن شاھ ئولدۇم بىلمەي جەھان ئەھلى،
ئانى كىيگەن گەدا بۇ خىرقەنىڭ سەد پارەسى دەرلەر.



نەدۇنيا ئىشرەتىن نەئاخىرەتدىن بەھرەۋەر⑦ بولدى،
زەلىلى تەلبەنى ئىككى جەھان ئەۋۋارەسى دەرلەر.

---

① رەخشەندە ـــ رەخشان.
② سەييارە ـــ سەير ئەتكۈچى (يۇلتۇز)، پىلانىتا.
③ شەبى يەلدا ـــ قىشنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن كېچىسى.
④ باغى جەنان ـــ جەننەت بېغى.
⑤ نەززارە ـــ نەزەر تاشلاش، كۆز سېلىش؛ تاماشا.
⑥ فەۋۋارە ـــ ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق، فونتان.
⑦ بەھرەۋەر ـــ پايدىلانغۇچى، بەھرىلەنگۈچى.

# 42

شەبى يەلدا بولۇپدۇر❶ نۇرى مەشئەلدىن فىراغىم بار،
سەۋاد① ئاھ دىن كىم شۆئلەدىن❷ دايىم چىراغىم بار.

گۆلى سۇنبۇل تەفەررۇج ئەيلەمەككە❸ ھاجەتىم يوقدۇر،
خىيالى مىسرەئى رەنگىن بىلەن گوياكى باغىم بار.

(فىغانى بۇلبۇلدىن شورىدە ئەي گۇل ھەزەر قىلغىل،
گۆلىستانى خەزانى بولماغاي دەپ تۇرفە داغىم بار،)

مەيى مەنسۇرى② تۇتقىل ساقىيا سىر ئاشكار ئەيلە،
ئەگەرچە لالە ياڭلىغ خۇن ھەسرەتدىن ئاياغىم بار،

زەلىلى مۇددەتدۇر ئەل كۆزىدىن بولدى ناپەيدا③،
ئىمامانى④ خوتەننىڭ چار باغىدىن سوراغىم بار.

---

① سەۋاد — قارا، قاراڭغۇ.
② مەنسۇر — غالىپ، يەڭگۈچى.
③ ناپەيدا — كۆرۈنمەس، كۆرۈنمەيدىغان، غۇۋالىق.



---

④ ئىمامان — ئىماملار (خوتەن ئىماملىرىنىڭ).
❶ «ك»دە: شەبى يەلدا تۈندە.
❷ «ك»دە: شۆئلە گۇن (شۆئلە - نۇر رەڭلىك)
❸ «ك»دە: ئەيلەمەكدىن.

## 43

جۇنۇندىن يەتتە ئەئزا لەشكەرى غەمنىڭ ھسارىدۇر،
بەلى ھەر ئۇستىخانىم ئىشق ئېلىنىڭ چۆپدارىدۇر①.

تىلىم تا "لائىلاھە، سەۋت ئىللەللاھ"② دىدى بىلدىم،
خۇدادىن ئۆزگەنى قەتل ئەيلەمەككە زۇلفىقارىدۇر.

ئۆزۈم گۇلخەن نىشنى③ ئىشقى بولسام نى ئەجايىبدۇر،
سۆزۈم گۇلدەستە باغ ئەلەمنىڭ يادىكارىدۇر.

بۇلۇت ئەرمەس فەلەكنى تىيرە قىلغان ئەي مۇسۇلمانلەر،
سەمەند④ شەۋقىنى سەكرەتكەنىم گەردۇ غۇبارىدۇر.

ۋىسالى ياردىن كۆڭلۈم تەمەننا قىلماغاي ھاشا⑤،
ھۇنۇز ئول كوچەئى ناز ئىچرە تىفلىنى سەۋارىدۇر⑦.

نەتەنھا بەرقى⑧ ھۆسنى شۆئلەسىدىن كۆيدى بۇ جانىم،
ھەنا⑨ گۇلگۇنلۇغى ئىلكىدە ھەم ئوتلۇغ شەرارىدۇر⑩.



زەلىلى شاھىد مەئنى يۈزىدىن بۇرقەئىن ئاچقىل،
گۇلى يەك رەڭ كورمەكلىك ئەجايىب نەۋ بەھارىدۇر.

---

① چۆبدار ــ تاياق ـ توقماق كۆتەرگۈچى.
② لائىلاھە ــ بىر ئاللادىن باشقىسى يوق، سەۋت ــ ئاۋاز، تووۋلاش، ماقام؛ ئىللەللاھ ــ ئاللا پەقەت بىردۇر.
③ نىشىن ــ سۆز بىرىكمىسىدە "ئولتۇرغۇچى، ياشىغۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ.
④ سەمەند ــ سەمەن ئات.
⑤ ھاشا ــ ھىچ، ھىچقاچان؛ ئەلۋەتتە؛ ساقلىسۇن.
⑥ تىفل ــ گۆدەك، بوۋەك؛ ياش بالا.
⑦ سەۋارى ــ سۇۋارى، چاپارمەن، ئاتلىق.
⑧ بەرق ــ چاقماق، چېقىن؛ تېز كەلگەن بەلا.
⑨ ھەنا ــ خېنە.
⑩ شەرار ــ ئۇچقۇن، يالقۇن.

## 44

تەجەللىدىن كىشىكىم مو ـ بەمو① ئەئزانى نۇر ئەيلەر،
يەدۇ بەيزا② چىقارىپ ئاقىبەت كۆڭلىنى تۇر ئەيلەر.

ياشۇرۇن بىلمەگىل ۋاجىب تەئالا ئاشكارادۇر،
كى مەزمۇنى ھەدىس "كۇنتۇ كەنزەن"③دىن زۇھۇر ئەيلەر.

ھۇجۇمى ھاجىيانى مەككەتۇللاھنى تاماشا قىل،
كە ھايى ـ ھۇيىدىن ئەھلى ھەرەمنى بىيھۇزۇر ئەيلەر.

ماڭا يۈز مىڭ قىيامەت جىلۋە قىلدى بىلمەيىن زاھىد،
نەسىھەتدە بەيانى ھەيبەتى ئەۋازى سۇر④ ئەيلەر.

فىغانكىم ئەھلى دۇنيا ھالىغە مەن بارھا⑤ كۆيدۈم،
مەگەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى جەمئ ئەيلەپ خىشتى گور ئەيلەر.

رىيايى خانىقاھدە ئەربەئەين ئولتۇرمادىم ھەرگىز،
مەتائى⑥ تائەتىمنى شەيخلەر دايىم غۇرۇر ئەيلەر.



ئالىپ جان شىرىنىمنى يۈز كۆرسەتمەگەچ شىرىن،
زەلىلى كۇھكەندەك⑦ كۆزلەرى دەرياي شورئەيلەر.

---

① مو ـ بەمو — قىلمۇ ـ قىل، بىرمۇ ـ بىر، ئىنچىكىلەپ.
② يەدۇ بەيزا — يەد — قول، بەيزا — ئاق، يەنى ئاق بىلەك.
③ كۇنتۇ — ئىدىن، ئىۇۋا، يوشۇرۇنغان جاي؛ كەنزەن — جۇغلانما، كۆمۈلگەن (مال ـ دۇنيا) يەنى غەزنە.
④ سۇر — بۇرغا (مۆڭگۈزدىن ياسالغان كاناي).
⑤ بارھا — قېتىملار، شۇنچە قات.
⑥ مەتائ — مال، گەزمال.
⑦ كۇھكەن — تاغ قازغۇچى (فەرھادنىڭ لەقىمى).

## 45

بەرىسمەن بولدۇم بۇ يەتتە ئەئزا سومناتىمدۇر،
سەنەمنىڭ زۇلفى گويا رىشتە قەيد① ھەياتىمدۇر.

كۆيەر بۇلبۇل مەئانى② ئەۋجىدە گەر بولسا ھەم پەرۋاز،
چۇ بەرقى ئاھىدىن ھەر بىر زەبانە③ بىر قاناتىمدۇر.

نەزەر ئىقلىمى باتىن جانىبىغە④ سال مۇسافىرسەن،
ۋەگەر نە كوھنە دۇنيا بىر قونۇپ ئۆتكەن رەباتىمدۇر⑤.

نەمايان بولغانىدىن سۇنبۇلى تەر⑥ بولماغىل دىلگىر⑦،
لەبى لەئلى ئەقىقىڭ ئۆزرە ئول خەتتى بېراتىمدۇر.

غەزەل پەردازى بۇ دىباچەئى⑨ دىۋانى ئىشق ئولغاچ،
خىرەد⑩ ئەھلىدە شۆھرەتدىن زەلىلى تەلبە ئاتىمدۇر.

---

① رىشتە — تانا، يىپ؛ قەيد — باغلانغان، كىشەن، يەنى كىشەن تانىسى، (ھاياتنى) باغلىغان تانا.
② مەئانى — مەنىلەر.



③ زەبانە — يالقۇن، يالقۇنجىماق.
④ جانىب — تەرەپ، ياق، جەھەت.
⑤ رەبات — ئۆتەڭ، يول ئۈستىدىكى دەڭ.
⑥ تەر — ھۆل، يېڭى، تازا.
⑦ دىلگىر — كۆڭۈل ئالغۇچى، يۈرەكنى قىسقۇچى، يۈرىگى سىقىلغان.
⑧ خەتتى بېرات — (بەرات) ئازاتلىق خېتى، يارلىق.
⑨ دىباچە — كىتاپنىڭ ئالتۇن، پوتاللىق ۋە نەقىشلىق بىرىنچى بېتى، كىرىش سۆز، مۇقەددىمە.
⑩ خىرەد — ئەقىل، ھوش.

## 46

مەۋسۇمی بەھار ئولدی گۇل رەنگىنی ئال ئەيلەر،
بۇلبۇلنی چىمەن ئىچرە شورىدە مەقال ئەيلەر.

سەرۋی ئىلە سەنۇبەر چۇن بوستاندا خىجىل بولدی،
قەددىنی بۇگۇن ئۇ شوخ سەرھەددی① كەمال ئەيلەر.

ھەرفی خەتتی زاھىرنی مەئنی بىلەدۇر زاھىد،
سەر چەشمەنی نابىنا② دەريايی خەيال ئەيلەر.

ھەيھات، نەغافىلدۇر ئادەمنی تاماشا قىل،
يەلدەك ئۆتەدۇر ئۆمری جەمئی زەرۇ مال ئەيلەر.

زىنھار گۇمان قىلماڭ قۇربىغە يېتەر ئاخىر،
ھەركىم كی رىيازەتنی③ بىرنەچچە مەھال④ ئەيلەر.

سەرخەيلی⑤ سەگی⑥ دىلبەر ئەي تەلبە زەلىلی سەن،
يول بەرمەدی ئىشكىدە بىللاھ كی ۋە بال ئەيلەر.



① سەرھەد — چەك، چېكی؛ چېگرا.
② نابىنا — قارغۇ، كور، كۆرمەس، كۆزی يوق.
③ رىيازەت — نەپسىنی تارتىپ ئۆزىنی قىيناش، قىينىلىش، ئەمگەكلىنىش.
④ مەھال (مەھەل) — ئورۇن، جاي، ۋاقىت، پۇرسەت.
⑤ سەرخەيلی — گۇرۇھ باشلىغی، يېتەكچی.
⑥ سەگ — ئىت.

## 47

گۈل ئاچىلۇر چىمەن-چىمەن باغ ئىچىدىن بەھار ئۆتەر،
ئۇيقۇنى كۆز ھەرام قىل ئەين سەھەردە ياز ئۆتەر.

باردى كويۇڭ سەرى كۆڭۈل ھەر... بىقەرار،
ياندى يۈزۈڭ كۆرەلمەيىن تاكى ئىنتىزار ئۆتەر.

بى ئەدەبىكى تەئنە ئىلە قىلسا ئەگەر سۆزۈمگە رەد،
تىغى زەبان ئاڭا كۆزۈڭ چۈن دەمى① زۇلفىقار ئۆتەر.

دەير② ئىچىگە قوي قەدەم مەستى مەي مۇغانە③ بول،
خىزر سۈيىنى ئىستەمە تاپقۇچە روزگار④ ئۆتەر.

داغى يۈزىن قاناتماغىل تەلبەزەلىلى سەن بۇگۈن،
جامى جۇنۇن تۇتار ئۇچۇن لالەئى كاسەدار⑤ ئۆتەر.

---

① دەم — بىس.
② دەير — مەيخانا؛ بۇتخانا.



③ مۇغ — مەيپۇرۇش، مۇغانە — مۇغلەرچە، مەيپۇرۇشلەرچە، ھاراقكەشـ
تەك.
④ روزگار — تىرىكچىلىك، تۇرمۇش، كۈن كەچۈرمەك.
⑤ كاسەدار — قەدەھ سۇنغۇچى.

## 48

سىنى جان پادىشاھىم ئەۋلىيا ساھىبقىران دەرلەر،
ھىزبىرى بەبىرى① مەيدانى يەتتە ئىقلىم ئۆززە خان دەرلەر.

لەبىڭ گويالىغىن② گۆھەرشۇناس ئەۋۋەلۇ ئاخىر،
ھەقايىق③ قۇلزۇمىندىن بى نەھايەت دۇرفىشان دەرلەر.

خەتتى لەۋھى ھۆسنىنىڭ④ دەفتەرىدە مەتلەئى⑤ تۇغرا⑥،
كەلامى⑦ "لائىلاھە" سىر "ئىللەللاھ" ئەيان دەرلەر.

سۇلەيمان ھەشمەت، دارا⑧ تەجەممۇل⑨ شاھى ئالەم سەن،
زىھى شەمشىر ئەدلىڭ مەۋجىنى⑨ ئابى رەۋان دەرلەر.

شەرىئەت قەندىلىنى⑪ رەۋشەن ئەيلەپ رەھنەمۇن⑫ بولدۇڭ،
تەرىقەت مەسنەدىدە مەھدى ئاخىر زەمان دەرلەر.

ھۇجۇم ئەتكەن بىلە يۈز مىڭ چېرىكى دۈشمەنى ئىسلام،
مۇرەببىڭ ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقەن بۇغراخان دەرلەر.



جەھەننەمگە ئىبەردىڭ بىئەدەد كافىرنى قەتل ئەيلەپ،
بۇ ھىممەت ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن نىشان دەرلەر.

مۇرىدى مۇخلىسىڭدۇر ھەر بىرى لەشكەركەشى⑬ ئەرۋاھ،
ھىدايەت قىلغالى گۇمرەھ⑭ ـ لەنى قۇتبى جەھان دەرلەر.

مېنى بىر قەترە مەي بىرلە مەستى ئەبەد قىلغىل،
سېنى سۇبھى ئەزەلدىن ساقى پۇرمەغان دەرلەر.

كۆرۈپ ئۇريان⑮ تەنىمنى دامەنى سەھرايى غەم ئىچرە،
خىرەد ئەھلى جۇنۇندىن ساھىبى دەلقى گەران⑯ دەرلەر.

زەلىلى شۆھرەتىدىن بولسا تۈركىستان ئەجەب ئەرمەس،
جەھانگىر ئۇلماغاي خاسىيەتى تىنغى زەبان دەرلەر.

---

① ھىزبىر ــ شىر، بەبىر ــ قاپلان، يەنى مەيداندا شىر ـ قاپلان سۈپەت.
② گويا ــ سۆزلەش، گەپ قىلىش.
③ ھەقايىق ــ ھەقىقەتلەر.
④ ھەسەب ــ شەخسەن داڭق، ئابروي، شۆھرەت.
⑤ مەتلەئ ــ دەسلەپكى ئىككى مىسرا، باشلانما.
⑥ تۇغرا ــ گېرب، دۆلەت بەلگىسى، خانىنىڭ يارلىغى ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن خاس بىزەك بەلگە؛ خەتنىڭ بېشىغا يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆزلەر.
⑦ كەلام ــ گەپ، جۈملە، ئېتىقاد سۆزى.
⑧ دارا ــ ئىگە، شاھ، ئىران شاھى.

⑨ تەجەممۇل — بىزەك، زىبۇ - زىننەت.
⑩ مەۋج — دولقۇن.
⑪ قەندىل — بىزەكلىك (كۆپ شام قادىلىدىغان)ئاسما شامدان.
⑫ رەھنەمۇن — يولباشچى.
⑬ لەشكەركەش — لەشكەر باشلىغى.
⑭ گۇمرەھ (گۇمراھ) — يولدىن ئازغان.
⑮ ئۇريان — يالاڭغاچ.
⑯ گەران — ئېغىر، ئېغىرلىق.



## 49

گوياكى كۆكۆل سەرھەدى باغى ئەلەمىمدۇر،
ئاشىق مەن، دۇنيانى سۇ ئالسا نە غەمىمدۇر.

بەرقىكى فەلەككە چىكەدۇر شۆئلە ئاھىم.
پەردايى قىيامەتدە نىشانى ئەلەمىمدۇر.

يول باشلاغۇچى كەئبە تەۋافىغە نە ھاجەت،
ھەر خارى خەسى① دەشتى سەۋاد ھەرەمىمدۇر.

زىبرۇ زەبەرى خالى خەتتىڭ بىرلە مۇزەييەن②،
رۇخسارى قاشىڭ سۆرەتى لەۋھە قەلەمىمدۇر.

زۇننارىنى بوينۇمغە سالىپ قىلدى بەرەھمەن،
ئەي تەلبە زەلىلى نە ئەجايىب سەنەمىمدۇر.

---

① خارخەس (خارخەسەك) — ئۇششاق تىكەن، تىكەن باسقان، تىكەنلىك.
② مۇزەييەن — بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن.

## 50

رەمۇزى ئىشقى ئىنشا① ئەيلەدىم مەن خامە② بىلمەيدۇر،
سەراپا ئوت تۇتاشتى خەت يۈزىگە نامە بىلمەيدۇر،

كەبۇتەرخەيلى پەرۋاز ئەيلەدى دەرلەر تاماشادىن،
مېنىڭ كۆڭلۈم قۇشدۇرگەرمى ھەنگامە بىلمەيدۇر.

سەبا گۈلزار ئىچىدىن نەكھەتى③ زۇلفۇڭنى كەلتۈردى،
دىماغ ئاشۇفتەلىكدىن بوي ئالۇرنى شامە④ بىلمەيدۇر.

شەھادەتگاھى كۆڭلۈم ئۆزرە يۈز تىيرى بەلا⑤ تەگدى،
سىپاھى غەم نە بىلگەيلەركى فەتھى جامە⑥ بىلمەيدۇر.

جۇنۇن دەرسىنى ئىيتۇرمەن مەگەر پىرى مۇغان بىلگەي
زەلىلى سۆزنى نازۇك ئەيلەدىڭ ئەللامە⑦ بىلمەيدۇر.

---

① ئىنشا — يېزىق، يازماق.
② خامە — قەلەم.
③ نەكھەت — خۇشبۇي، خۇشپۇراق.



④ شامە — پۇراش قۇۋۋىتى، بۇرۇن.
⑤ تىيرى بەلا — بالا ئوقى (تىير — ئوق).
⑥ فەتھى — قولغا كىرگۈزۈش، جامە — تون، تون ياپماق.
⑦ ئەللامە — ئوي موللا، بىلىمى چوڭقۇر موللا.

## 51

مېھمان غەمىڭ تاكى كۆڭۈلنى ئاۋۇتۇپدۇر،
كەۋنەيىن ھەۋاسى سەراسەر ساۋۇتۇپدۇر.

مەنسۇر ئەنەل ھەق سىرىنى ئەيلەدى زاھىر،
ئول قافىلەدىن① ئىلگەرى يولنى تۇغۇتۇپدۇر.

ئافاق② ئىچىگە ھىجر تۈنىدە نەزەر ئەيلەڭ،
مەھتاب③ ئەمەس شۆئلە ئاھىم يارۇتۇپدۇر.

فەرز ئولدى ئىلىكنى يۇماقى...
ھەركىمكى ئەۋام ئەھلىنى ئۆيگە ياۋۇتۇپدۇر④.

ئەژدەر دىمەگىل تەلبە زەلىلنى خەلايىق،
ھەرچەند ئەگەر بىشەنى ئاھىم تۇرۇتۇپدۇر.

---

① قافىلە — كارۋان، سەپەر قىلغۇچىلار توپى.
② ئافاق — ئۇپۇقلار، دۇنيا.
③ مەھتاب — ئايدىڭ، ئاي نۇرى.
④ ياۋۇتماق — يېقىنلاشتۇرماق، يېقىن كەلتۈرمەك.



## 52

سىنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئەجايىب دىلرەبا① دەرلەر،
مىنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىرگەدا دەرلەر.

ئەجەبدۇر ئەي شەھى خوبان كىچە-كۈندۈز ئىشىكىڭدە،
ھەمىشە مەن نەۋا قىلسام دەغى سەن بىنەۋا دەرلەر.

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى② چۇن مەھى③ ئەنۋەر④ تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.

تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گۈلۈستانغا،
قوپۇپ گۈلدىن بارى⑤ مۇردە ھەمە ۋا ھەسرەتا دەرلەر.

كۆرۈبان بەئزى ئاشىقلاركى ھەلقە-ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرگە سالغان بۇ ھەمەزەنجىرى پا⑥ دەرلەر.

يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن نېدۇر بۇ دەردىمە دەرمان،
تەبىب ئېيتۇركى ئەي نادان بۇدەردۇ بى دەۋا دەرلەر.

ئاتىڭنىڭ خاكپايىغە⑥ زەلىلى يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن كۆزۈڭ سۈر تۇتىيا دەرلەر.

---

① دىلرەبا — سۆيگەن يار، مەھبۇب.
② رۇخ — يۈز، بەت؛ چىراي.
③ مەھ (ماھ) — ئاي.
④ ئەنۋەر — ئەڭ يورۇق، بەك روشەن.
⑤ بارى — بەرى، بارچە.
⑥ پا (پاي) — پۇت، ئاست، تەگ.
⑦ خاكپاي — پۇتنىڭ توپىسى، ئاياق ئىزى.



## 53

سىنى ئەل ساھىبى سەججادە① ئىسلامدىن دەرلەر،
ئىنابەت ئەيلەمەككە مۇرشىدىم ئىلمۇل يەقىن② دەرلەر.

تەبەررۇك ئاستانىڭ تۇپراغىنى كىمكى ياستاندى③،
بەلاۋۇ فىتنەۋۇ ئاخىر زەماندىن ھەم ئەمىن دەرلەر.

ھەمىشە خانقاھى مەئرىفەتدە شەيخى كامىل سەن،
فەرىشتەدىن ھەنالىق④ ھەلقە⑤ رويى زەمىن دەرلەر.

فەساھەتدە بەيانى چۈنكى مەۋلانايى⑥ رۇم ئەتكەچ،
خىرەد ئەھلى جۇنۇندىن مەست ئولۇبان ئافەرىن دەرلەر.

چىراغى مەزھەبى مىللەتنى رەۋشەن ئەيلەدىڭ ھەي-ھەي،
رەسۇلى ھاشىمىينىڭ مەسنەدىدە ئافەرىن دەرلەر.

مۇئەييەن كۆرگەنىڭدىن ھەر نەزەردە جەننەتۇ دەۋزەخ،
كەرامەت قۇلزۇمىنىڭ كىشتىسىدە⑦ دۇربىن⑧ دەرلەر.

ئەفەندى سەن مەگەر ئىسلام ئىلىنىڭ شەھرىدە ئەلھەق⑨،
باشىڭدا بىر قۇچاق ئەممامەئى⑩ جوجى زەرىن⑪ دەرلەر.

زەلىلى بىسەرۇسامانلىغىڭنى⑫ سورماغىل مەندىن،
ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ گەردىشى چەرخى بەرىن⑬ دەرلەر.

---

① سەججادە — جايناماز، سەجدە قىلىدىغان ئورۇن.
② ئىلمۇل يەقىن — ئېنىقلىق ئىلمى، مۇقەررەرلىك ئىلمى.
③ ياستانماق — ياستۇق قىلماق، باش قويماق، تەكىيە قىلماق.
④ ھەنا — خەيرىخاھلىق، ئېچىنماق، كۆيۈنمەك.
⑤ ھەلقە — سادىق، سەممى.
⑥ مەۋلانا (مەۋلەۋى) — ئىگە، خوجا، ھامى، ئۇستاز (ئالىم - موللىلار-
نىڭ ئۇنۋانى).
⑦ كىشتى — كېمە.
⑧ دۇربىن — ئۇزاقنى كۆرگۈچى، ئۇزاقنى ئەقلى يەتكۈچى.
⑨ ئەلھەق — ھەقىقەتەن، توغرىسى.
⑩ ئەمامە (ئەممامە) — سەللە.
⑪ جوجى زەرىن — ئالتۇن سۇپۇرگە گۈل، تاجىگۈل.
⑫ بىسەرۇسامانلىغ — ھېچكىمى ۋە ھېچنىمىسى يوقلۇق.
⑬ چەرخى بەرىن — ئىگىز ئاسمان (چەرخ — چاق؛ ئاسمان).



# (54)

ئەگەرچە بۇلبۇلەم ھەر تەرەفدە باغىم بار،
ۋەلى چۇ لالە سىفەت سەد ھەزار داغىم بار.

فىراق كېچەلەرى كۆركى ئوتلۇغ ئاھىمدىن،
ستارە سەھەرىدەك① ئەجەب چىراغىم بار.

باشىڭ كېتەر دىمەگىل قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،
مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرمە تا ئاياغىم بار.

مۇسافىران خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدىم يولىدا نە تۆشە② نە بىر ئۇلاغىم بار.

زەلىلى ھىچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇر.
جەۋاھىرى يوقاتىپمەن ئانى سوراغىم بار.

---

① ستارە سەھەرى — سەھەر يۇلتۇزى.
② تۆشە — ئوزۇق، يول ئوزۇقى.

## (55)

هەر شۆئلەكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانەدۇر،
ئەھلى جۇنۇنغە شۆئلە ئەمەس تازيانەدۇر①.

پەرۋەردىگارى سانىئ② قۇۋۋەتنى كىم بىلۇر،
بىر غەمزەۋۇ كەرەشمەدە يۈز مىڭ بەھانەدۇر.

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى③ پارسا④،
رەددى قەبۇل⑤ بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر⑥.

ھەم بارگاھ سەلتەنەتنىڭ يەتتە ئاسمان،
مەشئەلى ستارە ھەر بىرى بىر شەمىيانەدۇر⑦.

پەرۋاز ئېتەردە رەقس ئىلە مەجزۇب⑧ ئەھلى دىل،
شاخى دەرەخت تۈبى ئۆزە ئاشيانەدۇر⑨.

مەئنى لائىلاھە ئىللاھۇنى بىلمەيىن،
قىلغان نەماز، روزە فۇسۇن ـ فەسانەدۇر⑩.



مەغرۇر ئۆمۈر بولماغىل ئەي مەردى ھۇشمەند،
دۇنياۋۇ ئاخىرەتكە نەفس دەرمىيانەدۇر⑪.

تەلقىنى⑫ ئىشقى پىرى تەرىقەتكى ئەيلەدى،
سالدىم بۇ جان قۇلاقىغە دۇررى يىگانەدۇر.

يادەك قاشىڭدا كىرفىك ئوقىن ئەلگە ئاتماغىل،
تىيرى قەزاغە سىينەئى ئاشىق نىشانەدۇر.

ساقى سۇراھى شىشە بىلەن سەرنىگۇن⑬ بۈگۈن،
مەجلىسدە بەس كى نالەئى نەي ئاشقانەدۇر.

دەرياۋۇ كۇھ⑭ دەشتى جۇنۇن ئەيلەگەي مەقام،
ئاۋارەكى ھەمدەمى چاڭ ـ چەغانەدۇر⑮.

ھازىر كۆرەرمە ھەر نەفەسى كۆڭلۈم ئىچرەمەن،
دىدار ئەگەرچە تەلبە زەللى غايىبانەدۇر.

---

① تازيانە ــ قامچا.
② سانىئ ــ ياراتقۇچى، ياسىغۇچى.
③ فاسىق ــ يامان يولدا يۈرگۈچى، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى.
④ پارسا ــ ساقلانغۇچى، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى.
⑤ رەددى قەبۇل ــ قوبۇل قىلىش، رەت قىلىش.
⑥ كارخانە ــ كارخانا (ئىشخانا)؛ دۇنيا.

⑦ شەميانە ـــ جىبدىر.
⑧ مەجزۇب ـــ قىزىقتۇرۇلغان، تارتىلغان؛ ھەيران قالـغان، جازىبىـسى
تۇتقان.
⑨ ئاشيانە (ئاشيان) ـــ ئۇۋا، ئىن؛ ئۆي قەۋىتى.
⑩ ۋۇسۇن ـ فەسانە ـــ ئەپسۇن ـ ئەپسانە، ئويدۇرما ـ ئەرۋەش.
⑪ دەرميان ـــ ئوتتۇردا، ئارىدا.
⑫ تەلقىــن ـــ ئېنىــق چۈشەنــدۈرمەك، ئۇقتۇرماق، يادىــغا سالــماق،
ئۆندىمەك.
⑬ سەرنىگۇن ـــ دۈم كۆمتۈرۈلگەن، ئاستىن ـ ئۈستۈن؛ شەرمەندە.
⑭ كۇھ ـــ تاغ.
⑮ چەغانە ـــ ساپايى (سەپايىل).



# (56)

يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ ئەي گۈلئۇزارىم① يۈز فىغانىم بار.
جەھان باغىدا ئىستەرمەن سېنى تا تەندە جانىم بار.

كېلىپ ھىجران تۈنىدە ھالەتىمدىن سەن خەبەردار ئول،
تۇلۇئى② سۇبھ بولغۇنچە بەسى③ شەرھى بەيانىم بار.

ئەلەم مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىدىن تەقرىر④ ئېتەلمەسمەن،
ئىشىتكەن خەلق كۆيگەي شۆئلەدىن تىغى زەبانىم بار.

جۇنۇن شەھرى سەراسەر ئاقىبەت ۋەيرانە بولماسمۇ،
كۆزۈم ياشىم چۇ دەريا ھەر تەرەف ئابى راۋانىم بار.

يىقىلدى دەپ زەلىلىنى ئەدۇۋۇ⑤ شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارى ئانىڭ سۇلتان ساتۇقى بۇغرا خانىم بار.

---

① گۈلئۇزار ـــ گۈل يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.
② تۇلۇئ ـــ چىقىش، كۆرۈنۈش، ئاتماق (تاڭ).
③ بەسى ـــ كۆپ، شۇنچە.
④ تەقرىر ـــ تىلغا ئالماق، مەقسەتنى (تىل بىلەن) ئاڭلاتماق.
⑤ ئەدۇۋۇ ـــ دۈشمەن، ياۋ.

## (57)

تەن قەلئەسكىم روھى لەتىفىمغە① قەفەسدۇر،
بۇ بەندە ئەگەر بولماسا ئۇچماقغا ھەۋەسدۇر.

ھۇشيار بولۇپ بارما بەيابان سارى دەرۋىش،
يول كۆرگۈزۈر ئەلنىڭ ئۈنى ئاۋازى جەرەسدۇر②.

ھەر شامۇ سەھەر ياد بېرۇر نالەئى ھۇقۇش،
ئەي ئادەمى كۆپ ياتما بۇلەر بارچە ئەبەسدۇر③.

مەغرۇر نەماز ئولماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن④،
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تۇدەۋۇ⑤ خەسدۇر.

ئەتلەسنى زەلىلى كۆزىگە قىلما مۇباھات⑥،
پەشمىنە⑦ كۇلاھ بىلە بۇ خىرقەسى بەسدۇر.

① لەتىف — يۇمشاق، مۇلايىم؛ يېقىملىق.
② جەرەس — قوڭغۇراق، كارۋان (تۆگە) قوڭغۇرىغى.
③ ئەبەس — پايدىسىز، ئورۇنسىز، بىكار.
⑤ تۇدە — دۆۋە.
⑥ مۇباھات — كوز-كوز قىلماق، ماختانماق.
⑦ پەشمىنە — يۇڭ، يۇڭدىن توقۇلغان.



## (58)

بۇلبۇلى بىنەۋا ئىدىم يوق ئىدى كىم چىمەن ھۇنۇز،
خابى ئەدەمدە① ئەردىلەر سۇنبۇلى ياسمەن ھۇنۇز.

ئۇچماق ئۇچۇن ئۇچار ئىدىم شىفتە②يۇ نىگار ئىدىم،
قىلماپ ئىدى مۇۋافەقەت③ بەلكى بۇ جان-تەن ھۇلۇز.

روھى مۇجەررەدىم چاغى، سەيرىدە لامەكان تاغى،
بولماپ ئىدى بەدەن داغى، لايىقى پىراھەن④ ھۇنۇز.

قەيد ئەناسىر ئولمىشەم، بەس كى مۇسافىر ئولمىشەم،
ئەي دىل پۇر ھەۋەس نەدۇر دەغدەغە⑤ ۋەتەن ھۇنۇز.

(ئاگلاماغاي كىشى ئانى كىيىمەسە مەئرىفەت تونى،
ئۇقبا⑥ دىماغىدىن قانى چىققانى ماۋۇمەن ھۇنۇز.)

تەلبە زەلىلى سەير ئېتەر، كۆڭلىدە مەتلۇبى⑦ سەفەر،
يۇرسە جەھاندا دەربەدەر، مەنزىلىدۇر خوتەن ھۇنۇز.

① خابى ئەدەم — يوقلۇق (دۇنياسىنىڭ) ئۇيقۇسى.

② شفته ــ گرىپتار، بىرىلگەن، ئاشىق، مەپتۇن بولغان.
③ مۇۋافەقەت ــ كېلىشمەك، (بىر ئىش توغرىسىدا) رازىلىقىنى ئېلىش؛ ماسلاشماق.
④ پىراھەن ــ كۆڭلەك.
⑤ دەغدەغە ــ مايىللىق، خاھىش؛ قورقۇنچ، تەشۋىش.
⑥ ئۇقبا ــ ئاقىۋەت.
⑦ مەتلۇب ــ تەلەپ قىلغىنى، ئارزۇلۇغىنى، ئىستىگىنى.



## 59

ئىشقى ئەدەمدە بار ئىدى يوق ئىدى ماسىۋا ھۇنۇز،
كەۋنۇ مەكاندا جىلۋەگەر بولماپ ئىدى خۇدا ھۇنۇز.

كىشتىئى تالىئىم بۇگۇن بەھرى فەنا① ئىچىدە غەرق،
يولنى ستارەدىن تانۇر قۇرئە② ناخۇدا ھۇنۇز.

سەدرى سۇدۇرى③ فەقرى ئۇزە ئەيلەپ ئىدىلەر شەھريار④،
سايە زەمىنگە سالمايىن بالۇپەر⑤ ھۇما ھۇنۇز.

مەخزەن⑥ گەۋھەرى سۇخەن تەلبە زەلىلى تاپماغاچ،
دەلقى⑦ قەلەندەرى بىلەن دەربەدەر گەدا ھۇنۇز.

---

① فەنا ــ يوق بولۇش، تۈگەش، فانىلىق.
② قۇرئە ــ چەك تاشلاش، قۇرئە.
③ سەدرى سۇدۇر ــ تۆر، يۇقۇرى ئورۇن، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسى، سەدرىلەر.
④ شەھريار ــ بۈيۈك پادىشاھ.
⑤ بالۇپەر ــ قانات ـ قۇيرۇق.
⑥ مەخزەن ــ غەزنە.
⑦ دەلق ــ دەرۋىشلەرنىڭ يۈك كىيمى، جەندە.

## 60

ۋەقتى بەھارگۈل ئىرۇر مەۋسىمى ئەر غەۋان قىز(چ)،
باغ ئىچىدە شەراب ئىچەر گۈل - گۈل ئولۇپ جۇۋان①- قىز.

(ھەر بىر بەسى كەرەشمەدىن جىلۋە قىلۇر چىمەن - چىمەن،
خىلئەتى② سەبزە بىتەدۇر③ بىستەرى زەئفىران كىز④.

سىھرى فەرەنگى⑤ كۆزلەرى ئەلنى شەھىد ئېتەر ئۈچۈن،
قاشلەرىنى قىلىچ قىلۇر ھاجەت ئەمەس چۇ تىغى تېز.)

قۇمرى⑥ تاماشا ئەتكەلى كەلدى كۆرۈك بۇ باغ ئارا،
بالۇ پەرى نىچۇك يېتەر شاخ سەنۇبەرىم ئىگىز.

كۆيدى مەگەر نەيۇ قەلەم خەت يۈزىدىن تۈتۈن چىقار،
تىغى زەبان نەغمە سەنج بولدى زەلىلى شۆئلەرىز⑦.

① جۇۋان - يىگىت، ياش.
② خىلئەت — ھەشەمەتلىك كىيىم.
③ بىتە — ئۈنمەك.



④ كىز — كىگىز.
⑤ فەرەڭ — ياۋروپالىق، پەرەڭ.
⑥ قۇمرى — بۇلبۇل - توغاي تىپىدىكى قۇش.
⑦ رىز — تۆككۈچى، چاچقۇچى، ئاققۇچى مەنىلىرىدە.
(چ) «چ» دە: قىمىز.

مەدهى سۇلتانى ساتۇقى بۇغراخان قىلغان بىلەن،
ئەي زەلىلى شەۋكەتۇ شانۇ ئىمامان ئۆكسۈمەس.

---

① قەتئ ــ كەسمەك، ئۈزمەك،كەزمەك، (يول) باسماق، كەچمەك.
② دېۋزاد ــ دېۋە بالىسى، دېۋىدىن تۇغۇلغان.
③ يەلدا ــ قارا قىش، يەلداغان ــ سوغاقتا قالغان.



## 63

كىمكى دىلبەر زۇلفىنى شىرازە① جان ئەيلەمەس،
كۆڭلىنى جەمئ ئەيلەپ ئول فەريادى ئەفغان ئەيلەمەس.

خىزرى ياڭلىغ لەبلەرىنىڭ چەشمەسىن ئىبىغان خەبەر،
مىسلى ئىسكەندەر سوراغى ئابهەيۋان② ئەيلەمەس.

بولماسا ئازۇردەۋۇ③ گۇفتار④ رەنگىندىن چۇ يار،
بارها دەستارىنى گۇلدەك پەرىشان ئەيلەمەس.

خاكسارى ئاتەشى گۇلخەن نىشىن ئىشقلار،
ئارزۇيى دەۋلەتى مۇلكى سۇلەيمان ئەيلەمەس.

لۇتف هەق رويى زەمىنگە بەرمىسە گەر زىننەتى،
ئافتابى خىسرويى مۇنداغ زەرئەفشان ئەيلەمەس.

چىنى تۈركستان زەمىنىڭ خەلقىغە چىغىم⑤ كىبلۇر،
شەهرى ماچىندىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامان ئەيلەمەس.

ياركەند ئىچرە زەللىلى تەلە قويۇپتۇ قەدەم،
تا سەدەد⑥ كوھۇكوچا ۋۇ سەيرى تۇرفان ئەيلەمەس.

---

① شىرازە — كىتاپنىڭ تۆپچىگىنى يىپەك بىلەن قىيىپ تىكىش.
② ئابىھەيۋان (ئاب ھەيات) — تىرىكلىك سۈيى.
③ ئازۇردە — ئازار چەككەن.
④ گۇفتار — سۆزلەش، گەپ.
⑤ چىغ — داد - پەرياد، چاقىرىق، سادا.
⑥ سەدەد — نىيەت، مەقسەت، كۆزلەش.



# 64

قەلەندەركى قەنائەت ئىقلىمىدە بىيم① جان ئولماس❶،
كى جان ھەم ئالەمدۇر كۆڭلىدە فىكرى جەھان ئولماس.

گوھەرھايى مەئانى قەئرى② دەريادىن ئالالغايمۇ،
شىناۋەر③ شىشە پوشى قۇلزۇمى ئابى رەۋان ئولماس.

بۇ بىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەف يۈز شىر - ئەژدەردۇر❷،
خەلايىقنىڭ كۆزىدە پەردەئى غەفلەت ئەيان ئولماس.

تەۋاف بارگاھى مەئرىفەتكە بى ئىبا④ كەلگىل❸،
تەرىقەت ئەھلىنىڭ دەرۋازەسىدە پاسبان ئولماس.

بەھار ئولغاي زەللىلى بارھا تۇغراي دىۋانىڭ،
گۈلىستانى سۇخەندۇر سەرسەرى⑤ يەلدىن خەزان ئولماس.

---

① بىيم (بىم) — قورقۇنچ، خەۋپ.
② قەئر — تەگ، تۈۋ، ئاست.
③ شىناۋەر — (سۇ) ئۈزگۈچى.

④ ئىبا ــ تارتىنماق، قورۇنماق؛ بى ئىبا ــ تارتىنماي.
⑤ سەرسەر ــ قاتتىق سوغاق شامال.
❶ «ك»دە: بولماس.
❷ «ك»دە: ئەژدەرھا.
❸ «ك»دە: كىرگىل.



## 65

كىمكى قەتلى① ئىشق ئۈلۈپ دىلبەر ئۈچۈن شەھىد ئەمەس،
سۈرەتى بەر يەزىد ئېرۇر باتىــنى بايەزىد② ئەمەس.

مىۋە گەرچە بەرمەدى باغ ئىچىدىن خەبەر ئالىڭ،
ھىچ دەرەختى سەبزىنىڭ سايەسى مىسل بىد③ ئەمەس.

پۇرمەغان ئىشقدىن مىسرەئى شوخ تازامەن،
چىللە④نىشىن شەيــخ ئۆتەركۆڭلۈم ئاگا مۇرىد ئەمەس.

مۇنچە مەلامەت ئەيلەمەك ياخشىمۇ روسىيەھ⑤ رەقىب،
ئىشق غۇلامى مەن بۇگۈن بەندەئى زەرخەرىد⑥ ئەمەس.

كەتتى چۇ سەرسەرى جەھان، كەلدى نەسىم نەۋ بەھار،
تەلبە زەلىلى ئەيشدىن⑦ كۆڭلىدە نائۇمىد ئەمەس.

---

① قەتىل ــ ئۆلتۈرۈلگەن.
② بەريەزىد ــ يەزىدلىك (ئىرانلىق)؛ بايەزىد ــ بايەزىد بەستامى، بىر گۇروھ تەسەۋۋۇفچىــلارنىڭ پىر ـ ئۇستازى،

③ بىد ــ تال، سۆگەت.
④ چىللە ــ قىرىق كۈن؛ چىللە نىشىن ــ دەرۋىشلەرنىڭ قىرىق كۈنگىچە تالاغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى.
⑤ روسىيەھ (روسياھ) ــ قارايۈز.
⑥ زەرخەرىد ــ سېتىۋالغۇچى؛ ساتقىن، مالاي.
⑦ ئەيش ــ راھەتلىك تۇرمۇش، مەئىشەت.



# 66

باغى كۆكۆل خەزانىدىن كىمكى چۇ لالە داغ ئەمەس،
قۇمرى شاخ سەرۋە ئېرۇر ساھىبى چارباغ ئەمەس.

بولدى سۇراھى سەرنىگۇن مەينى قۇيۇك دىماغىدىن،
ساغەر ئاتەشىن تۇتۇك ساقى چۇ بىدىماغ ئەمەس.

ھەلقەزۇلفى ياردىن شۆئلە نۇر ئېرۇر بىلىك،
تۈن ـ كېچەلەردە يارۇغان شەئشەئە① چىراغ ئەمەس.

ئۇقبا ياراغى② قىلمادىڭ دەرسە سەھەردە زاھىدا،
ئاھىم ئۇقىنى توشقارىپ سۇبھىدە بى ياراغ③ ئەمەس.

تەلبە زەلىلىنى بۇگۈن قوغلاما باغبانى ئىشق،
بۇلبۇلى نەغمە سەنىج ئېرۇر نالەسى مىسلى زاغ④ ئەمەس.

① شەئشەئە ــ يورۇق، نۇرلۇق، شۆئلە.
② ياراغ ــ جابدۇق.
③ ياراغ ــ قورال ـ ياراغ.
④ زاغ ــ قاغا.

## 67

سەرىكىم① سەجدەنىڭ تۇفراغىدىن گەردى غۇبار ئەرمەس،
ئەگەر شاھى جەھاندۇر تەختسىز يا تاجدار ئەرمەس.

ۋەلىيۇللاھىنىڭ② تىيرى دۇئاسى كار ئەيلەپدۇر،
ۋەلې تىغى زەبان ئەۋلىيادەك زۇلفىقار ئەرمەس.

ھەيى مەنسۇرىدىن مەستى ئەنەل ھەق بولماغىنىڭ ھاجەت،
سەراپا ئۇستىخانىڭ تەختە بەند جويدار ئەرمەس.

زىھى مەسنەد نىشىن خاكسارى گۈلخەنىڭدۇرمەن،
كى ھەر يان تۇدەئى خاكستەرىم③ بۇرجى④ ھىسار ئەرمەس.

نەۋايى ئەرغەنۇنى ئىشق ياڭلىغ نالە ئەيلەرسەن،
خەمۇش ئولغىل زەلىلى دەشتى ھامۇن⑤ نەۋ بەھار ئەرمەس.

---

① سەرىكىم — كۆز - كۆز قىلىپ.
② ۋەلىيۇللاھ — ئاللانىڭ ۋەلىسى (ئەۋلىيا).
③ خاكستەر — كۈل.
④ بۇرج — (بۇ يەردە) قورغاننىڭ بۇرجىكى.
⑤ ھامۇن — كەڭ، تەكشى (دالا، سەھرا).



## 68

بۇلبۇلى گويا كۆڭلۈمگە ئاسمان سىمىن قەفەس،
سىندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەر نەفەس.

كايىناتى بى مەدارانىڭ① ئىچىدە تابەكەي②،
بەرقى ياڭلىغ ئۆتكەرۇرمەن ھەيف③ ئۆمرۈمنى ئەبەس.

مەنكى جابدۇغى سەفەردىن بىخەبەر ئەردىم ھۇنۇز،
با خەبەر قىلدى ئەدەمنىڭ كارۋانىدىن جەرەس.

ھاي-ھويى كىردارى④ ئاشىقان قىلماڭ گۇمان،
قەند ئۈستۈندە ھۇجۇم غۇلغۇلى مەسكىنى⑤ مەگەس⑥.

مەئرىفەت مەيدانى چۇن ئايىنە بى گىردى غۇبار،
ئەي زەلىلى جەزبىدىن جەۋلان ئېتىپ مىنگىل فەرەس⑦.

---

① بى مەدارا — چىقىشالماسلىق، كېلىشەلمەسلىك.
② تابەكەي — قاچانغىچە.
③ ھەيف — ئەپسۇس، ئەتتەڭ.

④ كىردار ـــ قىلىق، ئىش، رەۋىش، كۆرۈنۈش.
⑤ مەسكىن (مەسكەن) ـــ جاي، ئورۇن ـ تۇرالغۇ.
⑥ مەگەس ـــ چىۋىن.
⑦ فەرەس ـــ ئات.



## 69

بەرگى يافراغى بىلەن تا گۈلنى روپوش① ئەيلەمىش،
بۇلبۇلانى باغنى گوياكى خامۇش ئەيلەمىش.

چېھرە گۈلگۈن كۆز خۇمار ئالۇدەئى② ناز ئەردى يار،
شىشەدىن بىلدىم شەرابى ئەرغەۋان نۇش ئەيلەمىش.

سۇبھى سادىقدەك ياقامنى چاكى ئەيلەرمەن نېتەك③،
غەيرەتىم كەلدى قەمەرنى نالە ئاغۇش ئەيلەمىش.

ھەر نەۋىدىكىم④ جۇنۇندىن رەقس ئېتەر ئەيب ئەتمەگىز،
جىلۋەئى ساقى خەرابات⑤ ئىچرە مەدھۇش⑥ ئەيلەمىش.

ھەزرەتى يەئقۇبى مېھنەتلەر چېكەر قىلمايدۇ ياد،
يۇسۇفى مىسرى ئەزىز ئولغاچ فەرامۇش ئەيلەمىش.

ئەي زەلىلى تەكيەدارى⑦ كىشۋەرى تەن بولماغىل،
كىم سەنى شۈكرى ئەزەلدە خانە بەردۇش⑧ ئەيلەمىش.

① روپوش — روپاش، يۈزنى ياپقان (ئەتكەن).
② ئالۇدە — ئىزا تارتماي، نومۇس قىلماي، بۇلغانغان.
③ نىتەك — قانداق قىلاي، نىمىشقىدۇ.
④ نەۋىد — خۇشخەۋەر.
⑤ خەرابات — ۋەيرانىلىق؛ مەيخانا.
⑥ مەدھۇش — ھۇشسىز، ھەيران، مەس.
⑦ تەكيە — تايانچ، ياستۇق؛ تەكيەدار — تايانچ ئىگىسى، تايانغۇچى؛ مۇداپىئە قىلغۇچى.
⑧ خانە بەردۇش — ئۆي - ماكانسىز.



## 70

زۇلفى يۈزىنى سەنەم لەيلۇ نەھار ئەيلەمىش،
ھۆسنى گۈلىستانىنى تازە بەھار ئەيلەمىش.

قىلدى قارا كۆزلەرىن ۋە نەبەلا سۇرمەدار،
ئىلكى خىنادىن دەغى نەقشى نىگار ئەيلەمىش.

ئايىنەئى ئەغنىيا سەربەسەرى رەڭ ئىرۇر،
تاپمادى بىر سەيقەلى بەس كى غۇبار ئەيلەمىش.

زەمز① ئەنەل ھەق نەدەپ ئىشق ئىلىدىن ئاشكار،
چۈنكى پەرىزادلار قاشىنى دار ئەيلەمىش.

تەلبە زەلىلى تاپىپ پىرمۇغانىدىن نەزەر،
مۇغبەچەنى② زەۋق ئىلە بوسى③ كەنار④ ئەيلەمىش.

① زەمز (زەمزەمە) — بوش ئاھاڭدا ناخشا ئوقۇش.
② مۇغبەچە — مەي توشۇغۇچى، مەيخانا مۇلازىمى.
③ بوس — سۆيمەك.
④ كەنار (كەنارە) — قىرغاق، چەت؛ قۇچاق؛ كەنار ئەيلەش — خالى بولۇش، ئۆزىنى تارتىش.

## 71

بۇرقەدۇ ئاچىپ ئول سەنەم ئەلـگە نەزەر ئەيلەمــش،
ۋەسلى كۈنى تۇغمىشۇ ھەجرى سەفەر ئەيلەمىش.

چېھرە تاماشا قىلىڭ تەرزى گۈلى ياسەمەن،
زۇلفى سۇمەن سايىنى① سۇنبۇلى تەر② ئەيلەمىش.

بولماسا گەر ئارىزى③ ھۆسنى كەلامى خۇدا،
خالى خەتتىنى نەدىن زىرۇ زەبەر ئەيلەمىش.

تاقى زەبەرجەد سەرى ئەبر ئەمەس يا تۇتۇن،
بۇ كېچە كۆپ ئاشقان ئاھى سەھەر ئەيلەمىش.

باقما ھەقارات بىلە مۇفلىس④ ئۈچۈن ئەغنىيا،
سەرۋى سىھى⑤ باغ ئارا قايدا سەمەر⑥ ئەيلەمىش.

نالەئى نەي پۇرسەدا بولما بۇگۈن بىخەبەر،
غۇلغۇلەئى ھەشرىدىن سىزگە خەبەر ئەيلەمىش.



تەلبە زەلىلى غەرىب بۇ نە شىكايەت ئېرۇر،
مۇنچە مۇسافىر سىپىنى دەۋرى قەمەر ئەيلەمىش.

① سۇمەن — ياسەمەن؛ سايى — سۈرتۈش (ماي).
② تەر — ھۆل (يۆل)؛ يېڭى، تازا؛ ئۇيالدۇرماق، تەر باستۇرماق.
③ ئارىز — پەيدا بولۇش، كۆرۈنۈش مەنىلىرىدە كېلىدۇ.
④ مۇفلىس — كەمبەغەل، بىچارە، سىنغان.
⑤ سەرۋىسىھى — بويى كېلىشكەن سەرۋ (گۈزەل قامەت).
⑥ سەمەر — مېۋە، نەتىجە.

## 72

مۇھتەسىبدىن ھىچ ۋەھىم ئەتمەيدۇ گويا مەي فۇرۇش،
بەردى ئىشرەتدىن خۇمار ئەھلىغە پەيغامى① سۇرۇش②.

ھايى-ھۇيى گىريەيى③ مەستانەدىن بىھۇش ئۇچۇن،
ئەربەئەينى شەيخلەردە قىلمادىم جوشى خۇرۇش.

زاھىدى پاكىزە گەر قاشىمغا كەلمەيدۇ نىتەك،
خىرمەنى ئاتەش ئەدم ئەيلەر يېقىن كەلسە قومۇش.

خەلق دەشنامى مېنى دىۋانەگە كەلمەس گەران④،
چۇن قەلەندەر قەۋمىنىڭ بىر شەرتى بىلدىم زەھەرنۇش.

سەرسەرى بادى خەزاندىن ئىلگەرى نەغمە سەنج،
نەۋبەھار ئۆتتى زەلىلى تەلبە تاكى سەن خەمۇش.

---

① پەيغام — خەۋەر، ئۇچۇر.
② سۇرۇش — (خەۋەر بەرگۈچى) پەرىشتە.
③ گىريە — يىغا، يىغلاش.
④ گەران — ئېغىر؛ ۋەزمىن.



## 73

كىمكى مۇردى دەير ئولۇپ مۇئتەقىد① سەنەم ئىمىش،
ئىشقى بەرەھمەنى بولۇپ خاتىر جامى جەم ئىمىش.

دەفتەرى جانىم ئۆرتەدى شۆئلەئى جىلۋە سۇخەن،
ھەرفى زەبان نەغمە سەنج تىغى، نەيى② قەلەم ئىمىش.

ياخشى تەفەررۇج ئەيلەگىل بەرقى سەۋاد ئاھدىن،
ھەر تەرەفى زەبانەلەر چەكمەكىدىن ئەلەم ئىمىش.

سىينە③ چۇ لالەزار ئېرۇر گۈل-گۈل ئاچىلۇر چىمەن-چىمەن،
باغى جۇنۇن نەتازادۇر خاسىيەتى ئەلەم ئىمىش.

كۆنگۈرەئى④ خىيال ئۆزە قوندى كەبۇتەرى ھەرەم،
بال-پەرى زىھى-زىھى فىكر ئۆزە مۆھتەرەم ئىمىش.

قىلدى زەلىلى تەلبەنى ھەلقە زۇلفىغە ئەسىر،
بەختى نەھايىتى قارا كاكۇلىدىن قەسەم⑤ ئىمىش.

① مۇئتەقىد ـــ ئېتىقادلىق، ئىخلاسلىق، ئېتىقاد قىلغۇچى.
② نەي ـــ قومۇش؛
③ سىينە ـــ كۆكس، كۆكرەك؛ يۈرەك.
④ كۈنگۈرە ـــ قورغان، سېپىل ۋە تام ئۈستىدىكى پەنجىرە تام.
⑤ قەسەم ـــ ئۈلۈش، بۆلۈنگەن، قىسىم.



## 74

ئىنتىھايى شوخلۇقدىن ئەيلەدى جانانە رەقس،
لەبلەرى گۈلگۈن كۆزى شەھلا ئۆزى مەستانە رەقس.

خانىقاھ ئىچرە ئەگەرچە سوفىلار ئەيلەر سەمائ❶
لېكى① مەيدانى مۇھەببەتدە قىلۇر دىۋانە رەقس.

مەشئەلى فانۇسى ئەسرارى ئىلاھى بولمايىن،
ئەنجۇمەندە② ئەيلەگەيمۇ بارھا پەرۋانە رەقس.

ئەي كۆكۈل تاكى ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇرسەن زەنانە③،❷
كوچەۋۇ بازار ئىچىدە ئەيلەگىل مەردانە رەقس.

ئەي زەلىلى زاھىدى خىلۋەت نىشىن دۇربىخەبەر،
كۆركى❸ ئەيلەيدۇر قولىدا سۇبھەئى سەددانە④رەقس.

① لېك ـــ لېكىن سۆزىنىڭ قىسقارتىلغىنى.
② ئەنجۇمەن ـــ مەجلىس، يىغىن.
③ زەنانە ـــ ئايالچە، ئايالدەك.

④ سەددانە ــ يۈزدانە (يۈز ئۈرۈقلۇق تەسبىھ).

❶ «چ»دە: مەقام.

❷ «ك»دە: چۈن زەنان.

❸ «ك»دە: گەرچە.



## 75

سەيرى جەھان قىلماغىم تەركى جەھاندۇر غەرەز❶،
ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى ياماندۇر غەرەز.

شىشەنى جىق تولدۇرۇب پىرى خەراباتى ئىشق،
بىزگە مۇھەببەت قىلىش سىزگە ئەياندۇر غەرەز.

چەشمە بولۇپ كۆزلەرىم ئاقسا نىچۈك ئەيبدۇر،
ئىشقى تەھاراتىغا❷ ئابى رەۋاندۇر غەرەز.

ساقى ئەلەم ئەيلەسە سەبرى تەھەممۇل① قىلاي،
جورى جەفادىن ماڭا پىرمۇغاندۇر غەرەز.

مۇشكى خوتەندىن خىتا بۇيى زەلىلى ئالىپ،
تۆكتى خەتتى ئەنبەرىن② نەكھەتى جاندۇر غەرەز❸.

---

① تەھەممۇل ــ تاقەت، چىدام، سەۋرە.

② خەتتى ئەنبەر ــ قاپ ـ قارا ئەنبەر (ئەنبەر ــ ئىپاردەك خۇشبۇي ماددا).

❶ «ك»دە: تەرك جەھان قىلماغىم سەير جەھاندۇر غەرەز.

❷ «ك»دە: ئەلگە تەھارەت ئۈچۈن.

❸ «ك»دە: تەلبە زەلىلى كىلۇر خەلق تاماشا قىلىش، چىھرەسىنىڭ رەڭگىدىن بەرگ خەزاندۇر غەرەز.

## 76

سايه باشمغه سالماين❿ بالۇپەرى هۇما غەلەت①،
تۇفراغىم ئالتۇن ئۇلمادى قىسسەئى كىميا غەلەت.

ئەهلى تەرىقەت ئىبىدلەرشەرئى ② سىراتى③ مۇستەقىم،
قەتئى مەنازىل④ ئەتكەلى جۇزرەهى⑤ مۇستەفا⑥ غەلەت.

قۇلزۇم پۇرخەتەر بۇگۇن كىشتى ئەلنى غەرق ئېتەر،
چىقمادى بىر كەنارەگە قۇرئەئى ناخۇدا غەلەت.

فەيزى نەسىم كاكۇلۇڭ قىلدى چىمەننى مۇشكبار⑦،
گۇلنى شۇكۇفە ئەيلەگەن خاسىيەتى سەبا غەلەت.

مۇفلىسى بى زەرۇ گۆهەر راستلىقىڭغە شۇكرى قىل،
دەفتەرى ئۆمر ئەغنىيا كۆردىلەر جا-بەجا غەلەت.

تۇتتى جەهاننى سەربەسەر ئەرسەئى⑧ بىشە جۇنۇن،
ئاندا مەقامى شىر ئېرۇر مەنزىلى ئەژدەها غەلەت.



تەلبە زەلىلى بارھا مىنبەرەئى شوخ ئېيتەدۇر،
گەرچە ئىبارەتى سۇخەن قافىيەئى نارەسا⑨ غەلەت.

---

① غەلەت — غەلىتە، ئۆزگىچە.
② شەرئ (شەرئە) — شەرىئەت.
③ سىرات — يول، كۆۋرۈك.
④ مەنازىل — مەنزىللەر.
⑤ جۇز رەھ — ئۆزگە يول، باشقا يول.
⑥ مۇستەفا — خىللانغان، تاللانغان، ساداقەتلىك (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتى).
⑦ مۇشكبار — مۇشك (ئىپار) ياغدۇرغۇچى، مۇشكىدەك قارا ۋە خۇشبۇي.
⑧ ئەرسە — مەيدان، كەڭلىك، سەھنە.
⑨ نارەسا — كەم-كوتە، قىسقا.
❿ «چ»دە: سالمادى.

## 77

خۇن جىگەردىن تاپتىڭ كەيفى شەراب غەلىز①،
داغ دىلى سىينەدىن بۇيى كەباب غەلىز.

بەرگى گۈلى باغـدىن يار-چۇ روپوش ئېرۇر،
مۈنچە مەلاھەت② بىلە چەكدى نىقاب غەلىز.

❶ بولماسا گەر ئەرغەنۇن نالەئى نەي كەلتۈرۈك،
نەغمەسىدىن دەردى سەر بەردى رەباب غەلىز.

يار ئاتىن تۇتماغىل خەلق ئىچىدە مۇددەئى③،
رەشك مېنى ئۆلتۈرۈر قىلماقدا ئەزاب غەلىز.

فەيز ئاياغىدىن ئىچ تەلبە زەلىلى بۈگۈن،
ئالما كۆكۈل جامىغە لوقمەئى ئاب غەلىز.

①غەلىز — قېلىن، قوپال، تېتىقسىز.
② مەلاھەت — يېقىملىق، تاتلىق؛ گۈزەللىك.
③ مۇددەئى — دەۋاگەر، رەقىب.



❶ «ك»دە: بۇنىڭ ئايىغىدىكى 3 بېيت مۇنداق:
مەشئەلەئى ئىشقدىن نازۇك ئېتەرمەن سوئال،
ئالەم ئېلى بىلمەيىن بەردى جەۋاب غەلىز.
مۇندا رىيادىن قاچىپ زەررە ئەمەل ئەيلەسەڭ،
ئاندا تاپارسەن بەلې بەسكى سەۋاب غەلىز.
بولدى مەگەر ئەژدەھا ھەر نەفەسى ئوت ساچار،
تەلبە زەلىلى بۈگۈن قىلدى قىباب غەلىز.

## 78

سۇبھىدە بۇلبۇل چىمەن ئەيلەدى رەقس ئىلە سەمائ،
گۇل يۈزى ئاتەشىن دىمەك سالدى فىغانىدىن شۇ ئائ ①.

كۆزلەرى ئەشكبار② ئولۇپ، كۆڭلى چۇ لالەداغ ئىرۇر،
كىمكى سەفەرگە يۈزلەنىپ دىلبەرىدىن قىلۇر ۋەدائ ③.

ۋائىز ئەقل ئەيلەگەچ مەۋئىزە④ مەجازىدىن،
سەندەلى⑤ ئىشق كەلتۈرۈك تۇتتى مىنى ئەجەب سۇدائ⑥.

قەرقەف⑦ ئاتەشىن بىلە ساقى نەۋ بەھار ئىشق،
دەۋرى تەسەلسۇل⑧ ئەيلەمەك يەتكۈچە سىنماسۇن زىيائ.

(تۈركى زەبانىن ئاڭلاغىل ساقىئى پارسا بۈگۈن،
ئىبرى تىلىدا ئەيتادۇر كاسەگە مەئنا زىيائ.

ھاسىلى خەرمەن ئەمەل ئالمادى ئادەمى ئۇجب
گۆردە نىچۈك ئاسىغ⑪ ئىتەر نۇقرە⑫ بىلەن زەر مەتائ.)



كىينەۋۇ كىبر⑨ قىلماغىل، شەرت قەلەندەرى بۇدۇر،
تەلبە زەلىلى تەرك ئىتىپ لەززەتى شەھۋەتى جەمائ⑩.

---

① شۇئائ ــ شۆئلە، يورۇقلۇق.
② ئەشكبار ــ ياش ئاققۇزغۇچى.
③ ۋەدائ ــ ۋىدا، خوشلاشماق، خەيرلەشمەك.
④ ۋائىز ــ ۋەزە ئېيتقۇچى، مەۋئىزە ــ ۋەزە ـ نەسىھەت.
⑤ سەندەل ــ سەندەل ياغىچى (قارا ـ سېرىق خۇشبۇي ياغاچ).
⑥ سۇدائ ــ باش ئاغرىقى.
⑦ قەرقەف ــ مەي؛ سوغاق سۇ.
⑧ دەۋرى تەسەلسۇل ــ ئۈزلۈكسىز. ئايلانما، ئۈزۈلمەس زەنجىر، زەنجىر ھالقىلىرى.
⑨ كىينە ــ ئاداۋەت، غوم؛ كىبر ــ يوغانچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق.
⑩ جەمائ ــ جۈپلەشمەك.
⑪ ئاسىغ ــ پايدا، نەپ.
⑫ نۇقرە ــ كۈمۈش.

## 79

ئاللاھ ـ ئاللاھ ئىشق ئاراكىم قىلدى جانانىدىن تەمەئ،
ئەۋۋەل ئۈزگەي جان ئۆيىدە رىشتەئى جاندىن تەمەئ.

خاتىرىم ئاشۇفتە بولدى مەن پەرىشان روزگار،
پىچۇتابى① سۇنبۇلى زۇلفى پەرىشاندىن تەمەئ.

ئارزۇيى جەننەتۇل فىردەۋسى قىلسا زاھىدان،
ئاشقانى بى سەرۇپالەرغە ئەيماندۇر② تەمەئ.

پاسبانى بى مۇرۇۋۋەت③ رەشكىدىن ياندۇرماغىل،
بۇ دەرى④ دەرگاھىدىن دىدارى سۇلتاندۇر تەمەئ.

شەھرى ماچىندىن زەلىلى تەلبە ئەيلەيدۇر سەفەر،
ئەردەۋىل⑤ ئىلە كۇچا ۋۇسەير تۇرفاندۇر تەمەئ.

---

① پىچۇتاب ــ ئىزتىراپ، تولغىنىش؛ قىينىلىش، سىقىلىش.
② ئەيمان ــ ئانت، قەسەم.
③ مۇرۇۋۋەت ــ مەرتىلىك، جەسۇرلىك، ئادەمگەرچىلىك، سەخىلىك
(بى مۇرۇۋۋەت ــ ئادەمگەرچىلىكى يوق).
④ دەرى (دەرە) ــ جىلغا يولى؛ دەرۋازا.
⑤ ئەردەۋىل ــ ئاقسۇ شەھرىنىڭ نامى.



## 80

روھ چۇ بۇلبۇلى جۇنۇن تەن ئىچى بولدى چارباغ،
ئەقل، ئەدەم يولىغا كىر، مۇندا نە لازىم ئەردى زاغ.

شەيخ ئەگەرچە بولماسام ئەر بەئەين ئولتۇرۇرمە كۆر.
خانىقاھ كۆكۈلدەدۇر شۆئلەئى ئاھدىن چىراغ.

بۇرقەئى ھۆسنۈڭ ئاچماغىل مەندە ۋۇجۇد قالماغاي➊،
شەئشەئە تەجەللىدىن سۇ بولۇپ ئاقمادىمۇ تاغ.

خەيلى خۇمار غەم بۈگۈن دەمبەدەم ئۆلتۈرۈر مىنى،
قول تۇتۇپ ئەي سۇراھى قەد سۇبھىدە➋ سۇنماساڭ ئاياغ.

جەزبە① ئاتىغا ئىشقدىن بىر نەفەسى سۇۋارە② بول،
مەرھەلە③ كۆپ يىراق ئىرۇر، كىرمە بۇ يولغا سەن ياياغ.

بەسكى سىكەندەر بولمىشەم بۇ زۇلمات ئىچىدە مەن،
چەشمەئى خىزىر تاپمادىم مۇنچەدىن ئەيلەدىم سوراغ.

شوخلۇقىدىن ئۇل سەنەم تۇرفە كەرەشمەلەر قىلۇر،
ئال، ياشىل قەبا كىيىپ قىرمىزى بۇتتەدىن تۇماغ.

نالەنى شىرىن ئەيلەگىل، سەبرى تەھەممۇل ئەيلەبان،
ئاچچىغى قالماغاي بەلى قانچە قىزىر قازاندا ياغ.

مەۋسۇمى نەۋ بەھار ئېرۇر كەلمەدى بىر نەسىمى گۇل،
تۇرفە چىمەندە بارھا تەلبە زەللى بى دىماغ.

① جەزبە — سوپىلىق زىكرى - سامالىرىنى ئورۇنلىغاندا ئۆزىنى بىلمەي قىلىش ھالىتى.
② سۇۋارە — مىنمەك.
③ مەرھەلە — ئۆتەڭ، مەنزىل، بىر كۈنلۈك مۇساپە.
❶ «ك»دە: قالمادى.
❷ «ك»دە: سەھىندە.



# 81

بارخۇدايا رەھمەقىل بۇ دەرى دەرگاھىڭ ئۇلۇغ،
ئۆمرۇم ئىچرە ياستانىپ ئاچمادىلەرماڭا قوبۇغ.

كۆز يولىدىن قىزىق ياشىم ھەر تەرفىدە سەل ئېرۇر،
كەلمە قاشىغە زاھىدا مۇددەئىنىڭ يولى قۇرۇغ.

پىرمۇغان ئىشكىدىن كەلدى سەھەردە ھاي-ھۇي،
نالە مۇترىب① ئولماسا تاپمادى مەجلىسى فۇرۇغ②.

لەئلى لەب نىگار ئۈچۈن بولدى ھەرارەتىم فۇزۇن③،
شەربەت گەر تاپىلماسا تەشناغە بەرمەدىڭ نە دۇغ.

مىسرەئى خەرمەن سۇخەن ئىلە زەللى مۇنتەشىر④،
ھاسىل ئالالماغاي كىشى يەرئۆزە ساچمايىن ئۇرۇغ.

① مۇترىب — چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى.
② فۇرۇغ — يالتىراق، يورۇقلۇق، روشەنلىك.
③ فۇزۇن — ئارتۇق، زىيادە، كۆپ.
④ مۇنتەشىر — ھەممىگە مەلۇم، يېيىلغان، تارقالغان.

## 82

سىنەتا ئايىنە ياڭلىغ قىلماساڭ سەيقەلدە ساف،
ئەي بۇرادەر تۇتتىئى شەكەر شىكەندەك① ئۇرما لاف.

مەئرىفەت ھەرفىدە بەس تىغى زەبانىڭ ساقلاغىل،
زەڭ باغلايدۇچۇ شەمشەرىكى بولدى بى غىلاف.

شىشە سىنـدۇردۇم سەھەر مەيخانەدە ئەيب ئەتمەگىل،
نارەسىدە بىر❶ گۇناھ ئەيلەر شەرىئەتدە مەئاف②.

كىشتىئى نوھى نەبىگە③ كىرگەلى يول بەرمەگەي،
مۇستەفانىڭ سۈننەتىنى كىمكى ئەيلەيدۇر خىلاف.

ئەي زەلىلى نالە بىرلە❷ ئۇچ مەراتىب④ ئەيلەدىم،
مەشھەدى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىمنى تەۋاف.

① شىكەن ــ سىندىرماق، چاقماق.
② مەئاف ــ ئەپۇ ئەتمەك، گۇنايىنى كەچۇرمەك.
③ نەبى ــ پەيغەمبەر.
④ مەراتىب ــ مەرتىبىلەر، قېتىملار.
❶ «ك»دە: گەر.
❷ «چ»دە: شۇكرى لىللاھ.



## 83

خوش گۇلىستاندۇر كۆرۈڭ سەھرايى ئىشق،
ئەندەلىبلەر❶ ھەر تەرەف غەۋغايى ئىشق.

ئىككى ئالەمنى مۇبادا غەرق ئېتەر،
قەترەئى مەۋج ئۇرسا بۇ دەريايى ئىشق.

شەيخى سەنئاندەك① كى بۇزۇرگ② شەيخنى،
بۇتغە سەجدە قىلدۇرۇر سەۋدايى ئىشق.

قىچقۇرۇر مەنسۇر ئىنەل ھەق ئەيتىبان❷،
كىم مېنىڭدەك ئاشقى رەسۋايى ئىشق.

ئەي زەلىلى لاف ئىشق ئۇرماق نەدۇر،
سەن كىمۇ ئاشىقلىقۇ دەئۋايى ئىشق.

① سەنئان ــ ئۇستا ھۆنەرمەن؛ (يەمەن مەركىزى) سەنئالىق.
② بۇزۇرگ ــ ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك.
❶ «ك»دە: ئەندەلىبان.
❷ «ك»دە: قىچقۇرۇر مەنسۇر مۇھەببەت دار ئۈزە.

## 84

غارەتی کوُفردىن①ئىبتەر كەۋكەبوُ جەلال② ئىشق،
پەردە كۆتەرمەيىن دەغی شەئىشەئەئی جەمال ئىشق.

(مەهزى③ هەقىقەتی بىلىك ئىككی جەهان ۋوُجوُدی يوق،
سەرسەری بوُ ماسىۋا جىلۋەئی خەتتی خال ئىشق.)

سوفی خانىقاھ بوْگوْن لافی موُهەببەت ئەيلەمە،
فەقری موُهەممەدىدەدوُر سەلتەنەتی كەمال ئىشق.

مەزھەبی بوُ هەنىفەدىن شەرئ❶ ئىبلى④ بەردىلەر جەۋاب،
. . . . . . . . . . . .

كۆردی نەبی جەبرەئىل بىر قەدەمی بارالمادی❷،
سىدرەدىن ⑤ ئول نىچۆك ئۆتەر بولماسا پەروُ بال ئىشق.

باشدىن ئاياغ كۆكۆلنی سەن سىندوُروُبان بوُ يولغە كىر،
هەق يولىدە شىكەستەلىغ گەنجی⑥ مەتائـمال ئىشق.



تەلبە زەلىلى پەست ئولوُپ دەير ئىچىدە قىل نەماز،
هەيىيوُ ئەلەس سەلاتدىن قىلدی ندا بىلال⑦ ئىشق.

---

① كوُفر ـــ ئىنكار قىلىش، ئىشەنمەسلىك.
② جەلال ـــ يۈكسەك، شانلىق، هەيۋەتلىك، كۆركەم.
③ مەهز ـــ خالىس، تازا، پەقەت، يالغوُز.
④ شەرئ ئىبلى ـــ شەرىئەت ئەهلی.
⑤ سىدرە ـــ ئاچچىق چىلان؛ ئەرشنی كۆرسەتكوُچی يالغوُز دەرەخ.
⑥ گەنج ـــ غەزنە، بايلىق.
⑦ بىلال ـــ هەبەش قوُلنىڭ نامی، پەيغەمبەرنىڭ مەزىنی.
❶ «ك»دە: فەقر.
❷ «ك»دە: يوُردی نەبی جەبرەئىل بىر قەدەمی بارالماغاي.

## 85

مىندى چۇ تەۋسەن① جۇنۇن كۇندە شەھ سۇۋار ئىشق.
قەتئى بۇ ماسىۋا ئۇچۇن ئىلكىدە زۇلفىقار ئىشق.

غارەت كۆڭلۈم ئەتكەلى كەلمە بۈگۈن سىپاھى غەم،
سىلسىلەسىدە قەيد ئېتەر قەلئەئى تەن ھىسار ئىشق.

ئەقل ئەدەم يولىغا كىر ئىشق ئەجايىپ ئەژدەھا،
بىر دەم دۇدىدىن كۆرۈك● يەتتە فەلەك غۇبار ئىشق.

كىمكى قەتل يار ئىررۇر قەبرى قاراڭغۇ بولماغاي،
چەشم چىراغى ئاھۇۋان② مەشئەلەئى مەزار ئىشق.

فەقر يولىدە كۆركۈزۈر جىلۋە جەننەتۇ تامۇغ③،
خىرقە باشىغە يۈركەبان گۈلخەنى خاكسار ئىشق.

ھەيبەتى بەبرى بىشەدىن قورقماغىل ئەي كۆڭۈل قۇشى،
سۇبھى ئەزەلدە ئەيلەگەن جان-تەنىم شىكار ئىشق.



شەمس④ چەھارۇم⑤ ئاسمان داغ ئولۇبان خىجىل ھۇنۇز،
رويى زەمىندە ئۇنگەلى سەبزۇ لالەزار ئىشق.

پىرمۇغان ئىلكىدىن شىشەنى بى ئىبا بېرىلىڭ،
تەلبەلىكىمدىن چىقمادى مۇنچە بولۇپ خار ئىشق.

بولماسە گەر نىشانە ئالەم ئىچىدە بەئدە⑥ مەرگ.
قالدى سۆزۈڭ زەلىلىيا خەلق ئارا يادكار ئىشق.

---

① تەۋسەن — توسۇن، شوخ ئات، شاش ئات.
② ئاھۇۋان — كىيىكلەر.
③ تامۇغ — دوزاخ.
④ شەمس — كۈن، قۇياش، ئاپتاب.
⑤ چەھارۇم (چارۇم) — تۆتىنچى.
⑥ بەئدە — كېيىن، ئاندىن.
● «چ»دە: ئانىڭ.

## 86

ئالەم يوق ئىدى بەلكى نىشانى خەبەر ئىشق،
نە ئەرش① نە كۇرسى② نە مۇلكۇ ئەسەر③ ئىشق.

ئارىفغە④ مەگەر تەن ئۆيى ساندۇقى جەۋاھىر،
پۇشىدە تۇتۇپ كۆڭلىدە گەنجۇ گۆھەر ئىشق.

گەنجىنەئى ئەسرارى خۇدا لايىق شاھان،
ھەر كىمكى قاچان بەردىلە تاجۇ كەمەر ئىشق.

ئىقلىم مەئانى تەرەفىن سەيرى قىلۇرمەن،
ئاھىم ئۇتىنىڭ شۆئلەسىدۇر بالۇ پەر ئىشق.

بەبرىگە جۇنۇن بىشەسىدىن ئەربەدە⑤ قىلدى،
رو باھ⑥ سۇفەت ئەقل قىلىپدۇر ھەزەر ئىشق.

گويا يۇزىدىن ئاچتى سەنەم گوشەئى بۇرقەئى،
تابەندە⑦ بۇگۇن كىچە ئەجايىب قەمەر ئىشق.



كەۋنەين تاماشاسى زەلىلىگە نەھاجەت،
ئول كۆنكى نەزەر قىلدى چۇ ساھىبى نەزەر ئىشق.

---

① ئەرش — تەخت؛ ئاسمان.
② كۇرسى — كۇرسى، تەخت، ئورۇندۇق؛ ئاسمان.
③ ئەسەر — تەسىر، ئىز، بەلگە، نىشان.
④ ئارىف — مەئرىفەتلىك، بىلگۇچى، دەنا.
⑤ ئەربەدە — ھۆكىرەش، شاۋقۇن، شۇرەن؛ ۋالاقلاش.
⑥ روباھ — تۈلكە.
⑦ تابەندە — تاۋلانغۇچى، نۇرلانغۇچى، يارقىن.

## 87

ھەر ئاشىقى كى كۆڭلىدە بىر نازەنىنى يوق،
شاھى دۇرۇركى ئىلكىدە مۆھرى نىگىنى① يوق.

تەگمەي نەسىم فەيزى دىماغىغا ھەر سەھەر،
مۆئمىن ئەمەسدۇر ئول كىشى ئىسلام دىنى يوق.

يەلدا تۈنىدە چەكتى فەلەك چېھرەسىن نىقاب،
يەئنى كى سەير ئەيلەگەلى مەھ جەبىنى② يوق.

ئۆتتى نىگار جىلۋە بىلەن ھەيف كۆرمەدى،
ئول مۇنكىرىكى③ كۆزىدە ئىلمۇل يەقىنى يوق.

كەتتى زەلىلى تەلبە ئىمامان تەۋافىغا④
يار كەند ئىچىدە نەيلەسۇن ئابۇ زەمىنى يوق.

---

① نىگىن — ئۈزۈك تامغا.
② جەبىن — ماڭلاي، پىشانە؛ مەھ جەبىن — گۈزەل، سۆيۈملۈك، ئاي پىشانە.
③ مۇنكىر — ئىنكار قىلغۇچى، تانغۇچى، رەت قىلغۇچى.
④ «ك»دە: تەۋف ئىمام ئەيلەگەلى كەتتى بۇ زەلىل.



## 88

بارى ئىشقىڭنى تەھەممۇل قىلغالى كاشانە① يوق،
تارى زۇلفۇڭنى يەزەرگە تاقەتى ھەر شانە يوق.

ئەيشى ئىشرەتدۇر غەنىمەت سۇبھى بولماسدىن بۇرۇن،
...شۆئلەنى بالۇپەرى پەرۋا يوق.

...ئاباد ئولدى دۇنيانىڭ ئىچىدە سەربەسەر،
...مەئنى جوش ئەيلەر ھەيف كىم ۋەيرانە يوق.

دېھقان مەئنىدىن خەبەر بەردى بەھار،
توشتى خەرمەن ئۆمرۈك كى ئابۇدانە يوق.

شەبى ئىبرەتكە دۇر ئەين نەماز،
ئايۋانۇ ئىمارەتىڭچەكىم بۇتخانە يوق.

سۇنبۇلدىن پەرىلەر شىشە ئولدى بوگۇن،
ئەيلەرگە جۇنۇن بازاردا دىۋانە يوق.

دۇر ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان،
مەشھەدىڭدەك قبلە ئالەم جەھاندا يەنە يوق.

رەۋاقى تەندە ئەيلەيدۇر ھەمشە بۇندا،
جەننەتۇل مەئۋادا ئەيلەر سۆھبەتى جانانە يوق.

دارۇگىر② ئىشقىنىڭ تاراجىدىن③ مەنسۇرۋار،
نەغمەئىجوشى ئەنەل ھەق چەككەلى مەردانە يوق.

قىرمىزى قىلدى كۆزۈمنى مىھنەتى رەنجى خۇمار،
بادەئى گۈلگۈن تۇتارغا ساقىئى مەستانە يوق.

قالمادى ساغەردە بادە، چالمادى يا ئەرغەنۇن،
خۇم تۈبى خالى كۆرۈندى غۇلغۇلى مەيخانە يوق.

مەنزىلىمدۇر ئاستانى ئەۋلىيايى چىل تەنان،
مۈلكى تۈركستاندا مۇنداغ ھىچ دەۋلەت خانە يوق.

نەۋ بەھار ئۆتتى زەلىلى تەلبە سەن خامۇش بول،
سەر سەرى بادى خەزاندىن ھاجەتى ئەفسانە يوق.

---

① كاشانە — ھوجرا، كىچىك ئۆي؛ ئۇۋا، ئىن.
② دارۇگىر — ئۇرۇش، توقۇنۇش، ئىسيان؛ "تۇتە - تۇت"؛
③ تاراج — تالان - تاراج، بۇلاش.



## 89

شەھىنشەھلىك ئىرۇر دىلبەر كويىدا بەس گەدا بولماق.
سالىپ كەۋن ئىچرە ئىستىغنايى① گوياكى ھۇما بولماق.

رىيايى خانىقاھدە چۇن كەلىمى② مەئرىفەت يوقتۇر،
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئىشكىدە نەقشى بورىيا بولماق.

چىكىپ قىرىق يىل رىيازەت بەئزىلەر بۇيى خۇدا ئالدى،
ساڭا ئاسان كۆرۈنۈر تالىبا مەردۇ خۇدا بولماق.

ئەگەر تىغى قازا ھەلقىڭغە③ يەتسە مەسەل④ ئەيتماغىل،
خەلىل⑤ ئاسا⑥ تۇتۇپ فەرمانىنى مەردۇ خۇدا بولماق.

چۇ تۇفراغى ۋۇجۇدۇڭ بوتەئى مىھنەتدە كۆيدۈرگىل،
سەفايى⑦ زاھىرۇ باتىندە شەرتى كىميا بولماق.

تەرىقى نەقشبەندى ئاڭلادىم زىبا⑧ رەۋىشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.

زەلىلى يار ئىلە خوبلاشقانىدا تۇرفە يىغلايدۇر،
نە قاتتىغ كۈن ئىكەن بىر ياخشىدىن ئۈلمەي جۇدا بولماق.

---

① ئىستىغنا — ئېھتىياجسىزلىق؛ ناز، تارتىنىش؛ تەكەببۇرلۇق.
② كەلىم — سۆزلىگۈچى، ھەمسۆھبەت؛ سۆزلەر، كەلىمىلەر.
③ ھەلق — بوغۇز، تاماق.
④ مەسەل — ماقال، مەسەل، (مەقسەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈل-
گەن) قىسسە، ھىكايە.
⑤ خەلىل — ئىبراھىم پەيغەمبەر.
⑥ ئاسا — (سۆزگە قوشۇلۇپ) "راھەتلەندۈرگۈچى، تىنچىتقۇچى،
سىڭرى، كەبى، ئوخشاش، دەك" مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.
⑦ سەفا (سەفاي) — يورۇقلۇق، روشەنلىك، پارلاقلىق، خوشاللىق،
ياخشىلىق؛ پاك، ئىسىل.
⑧ زىبا — زىننەتلەنگەن، گۈزەل، چىرايلىق.



# 90

قەلەندەر ئالەمى مەئنىدە ئەۋۋەل تەركى جان قىلماق،
نەچەندانى تەئەللۇق تەرك ئېتىپ سەيرى جەھان قىلماق.

چۇ ئىبراھىمۇ ئەدھەم① تەختۇتاجىدىن گۇزەر② ئەيلەپ،
ئۆزىنى ئاجىزۇ بىچارەۋۇ④ بىخانىمان قىلماق.

رىيادىن مۇرغى③ مەسجىد دانەئى تەسبىھ ئۈچۈن بولماي،
كى پەرۋازى جۇنۇندىن تۇبى ئۆزرە ئاشىيان قىلماق.

سەمەندەرمەن ۋۇجۇدۇم شۆئلەئى ئاتەشكە ئوخشايدۇر،
ياراشۇر ئەندەلىبى كى ھاۋايى بوستان قىلماق.

قاراڭغۇ قەبر ئاخىر ئادەمنىڭ خابگاھىدۇر،
نە ھاجەت ئۆيۈ ئايۋانۇ سارايۇ بوستان قىلماق.

تىلەيدۇرمەن ئىماماننى خوتەندىن رۇخسەتى دايىم،
تەۋاف ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان قىلماق.

زەللىنىڭ دەمى تىغى زەبانى جىلۋەگەر بولدى،
غەمىڭ ئىقلىمىنىڭ (2) دەرۋازەسىغە پاسبان قىلماق.

---

① ئەدھەم — قارا؛ قارائات.
② گۆزەر — ئۆتمەك، كەچمەك؛ ئۆتىدىغان جاي.
③ مۇرغ — قۇش؛ توخۇ.
(2) «ك»دە: مەئانى شەھرىنىڭ.
❶ «ك»دە: ئەۋارە.



## 91

ئۆلتۈرەدۇر بۈگۈن مىنى مىھنەت ئىلە غەم-فىراق،
دەغى زىيادەرەك بولۇر قانچە چېكەرمەن ئىشتىياق.

بۇيى نەسىم گۈل ئالىپ تەرەفى چىمەن بىلەن سەبا،
مۇژدەئى① ۋەسلى كەلتۈرۈر ھىجر سىپاھى بول يىراق.

مەرھەلەئى فەناغەكىم ئەھلى بەقا نەزەر قىلىڭ،
جەزبە ئېلى سۇۋارەدۇر زاھىد خۇدنەما② ياياق.

ئابۇ ھەۋا تەراۋۇتى بەرمەدى باغ ئىچىدە كۆر❶،
شەئشەئەئى تەجەللىيدىن❷ ناز يۈزى قىزىلۇ ئاق.

كۆكلۈك ❸ ئۆيى خەزانەدۇر روھ شەھىنشەھى بەدەن،
باشىدىن ئاياغىڭ ❹ ئۈستىخان تەخت قويار ئۇچۇن رەۋاق.

غۇلغۇلەكى كايىنات ئەيلەدى بار③ ئېرۇر ھۇنۇز،
بىر دەمى ئىمتىھان ئېتىپ ئادەمى ھەر سارىغە باق.

شەرفەئى④ هەر مەلائىكە يەر بىلە ئاسماندا پۇر،
پۇبەئى⑤ غەفلەت ئالمايىن هەرگىز ئىشتىمەگەي قۇلاق.

بۇلبۇلى بىنەۋا سەهەر ئەيلەدى نەغمەئى ئەجەم،
مۇترىب خۇش ئەدا دەغى قىلدى تەرەننۇمى ئىراق.

بۇ نە رەمۇزى ئىشق ئىدى بىلمەدىم ئەي زەلىلىيا،
سىلسىلە بەندىيۇ غەزەل بەئزى قەسدەدىن ئۇزاق.

---

① مۇژدە — خۇشخەۋەر، سۆيۈنچىلىك خەۋەر.
② خۇدنەما — شۆھرەتپەرەس، ماختانچاق.
③ بار — يۈك؛ هاسىل، مېۋە؛ قېتىم، نۆۋەت؛ ئىجازەت، رۇخسەت؛ سۆز بىرىكمىسىدە "ياغدۇرغۇچى، تۆككۈچى" مەنىسىدە كېلىدۇ.
④ شەرفە — شاۋقۇن، غەلۋە، شەپە.
⑤ پۇبە — ياختا، ماموق.
⓫ «چ»دە: بەرمەدى ئول تەجەللىدىن.
⓬ «چ»دە: شەئشەئەئى شۇئائ.
⓭ «ج»دە: كۆڭلۈم.
⓮ «چ»دە: باشدىن ئاياغىم.



92

لەئلى لەبىڭ كۆرەي دىبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق①،
خالى خەتتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە⓫كىتابەتى دەقىق②.

تاپمادى بۇ مەلەھەتىڭ هىچ فەرىشتە-يۇ پەرى،
يۈسۈفى مىسرى رەشك ئېتەركىم چەهى③ غەبغەبىڭ④ ئەمىق⑤⓬.

قاراغۇ قاچان يول تاپار بولماسا ئىلكىدە ئەسا،
مەرهەلە بەلا ئۆزە قويما قەدەمنى بى رەفىق.

كىمكى نەجات ئاخىرەت ئىستەدى غافىل ئولماغاي،
پەندى نەسىهەتىم بۇدۇر بىلگۈچىگە بەهرە تەرىق⑥.

يەتمىش ئۈچ زەبان بىلە قىلدى زەلىلىدىن سوئال،
ئەيلەگەلى چۇ ئىمتىهان قىرىق يىل ئىچرە هەر فەرىق⑦.

---

② دەقىق — ئىنچىكە، نازۇك، قىيىن، چوڭقۇر مەنىلىك.
③ چەه (چاه) — چوڭقۇر؛ زىنىق.
① ئەقىق — ھېقىق.

④ غەبغەب ــ ئېڭەك، زاڭاق.
⑤ ئەمىق ــ چوڭقۇر.
⑥ تەرىق ــ يول، ئىز؛ ئۇسۇل، يوسۇن؛ مەسلەك؛ ۋاستە، سەۋەپ.
⑦ فەرىق ــ فىرقە، گۇرۇھ، توپ، مەزھەب.
❶ «چ»دە: كۆرمەدىم تەي بۇ.
❷ «چ»دە: لەئل دۇرۇر لەبىڭ ئەقىق.



# 93

تاكى كۆڭۈلدە ئەيلەدىم ئەبجەدى ئىشقدىن سەبەق،
بولدى كۆزۈمگە جىلۋەگەر سۈرەتى ئاسمان❶ تەبەق①.

گۇشەئى ئەبروي سەنەم قىبلە نەمازشام ئۇقۇي،
شۈئلە چىقارمايىن دەغى فەيزى بەھارىدىن شەفەق.

قەترەئى شەبنەم چىمەن غۇنچە لەبىنى بوس❷ ئېتىپ،
يار ھەيادىن ئەيلەدى خەرمەنى گۇل كەبى ئەرەق②.

زۇلف سىلسىلىنى ئۇل ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن ناز ـ كەرەشمەدىن تەرەق③.

نالە چۇ ئېتىبار ئىرۇر يىغلاغىل ئەي زەلىلىيا،
باش قويۇپ ئاستانىغە ھەر كېچە چۇن سەگى بەرەق④.

① تەبەق ــ تاۋاق، تاختا.
② ئەرەق ــ تەر.
③ تەرەق ــ تاراق.
④ بەرەق ــ باراق ئىت.
❶ «ك»دە: يەتتە سىپېھر (يەتتە ئاسمان) چۇن.
❷ «ك»دە: نوش.

## 94

سەراسەر مەزھەبى قارۇن① ئېرۇر دۇنيانى يىغماغلىق،
كى شىرىن جانىغە يەئنى زەھر ئەژدەرھانى يىغماقلىق.

كۆڭۈل ھەرفىنى سەن تىغى زەباندىن ساقلاغىل زىنھار،
ۋەلې ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماغلىق.

قەلەندەر سەيرىنى ۋەقتى سەفەردە كىمكى مەنئ ئەيلەر،
ئېرۇر زەنجىر ئىلە باشدىن ئاياغ دەريانى يىغماغلىق.

ماڭا مۇشكۈل كۆرۈندى ئەي پەرى رولار تاماشا قىل،
جۇنۇن سەھراسىدىن ئاشۇفتە ئۇ رەسۋانى يىغماغلىق.

ئۇتارىد② غە زۇھەل③ شەمشىرىنى ھەيبەت بىلە تەگلەر،
ھەمەل④ بۇرچىغە لازىمدۇر بۇگۇن جەۋزانى⑤ يىغماغلىق.

چۇ تاراجى سەۋادى كۇفرى زۇلفۇڭ ئەيلەدى ئاجىز،
نە قۇدرەتدۇر سىپاھى لەشكەرى دارانى يىغماغلىق.



زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانىڭلار،
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇ تەرسانى يىغماغلىق.

---

① قارۇن — ناھايىتى باي كىشى (ئىسمى).
② ئۇتارىد — مېركۇرى (ئارزۇ يۇلتۇزى).
③ زۇھەل — ساتۇرن (سەكەنتىر يۇلتۇزى).
④ ھەمەل — ئاسترونومىيىدە 12 بۇرجىنىڭ بىرىنچىسى، بۇ قوزى شەكلىدە پەرەز قىلىنىدۇ؛ شەمسىيە يىلى بويىچە بىرىنچى ئاي.
⑤ جەۋزا — بۇرجىنىڭ ئۈچىنچىسى، يانمۇ-يان تۇرغان ئىككى قىز بالا شەكلىدە پەرەز قىلىنىدۇ. (ئەرەندىز).

## 95

چىمەندە جىلۋە قىلۇر تەرزى دىلرەباغە باقىڭ،
يۈزى چۇ خىرمەنى گۈل قۇدرەتى خۇداغە باقىڭ.

نەزەركى ئاشىقى مەفتۇنغە ھىچ سالمايدۇر،
بۇ شوخ كۆزلەرىدە سۇرمەئى ھەياغە باقىڭ.

قارا قاشىنى بۈگۈن ئۇسما بىرلە سەبز ئەتكەچ.
شەھىدلەر قانىدىن ئىلكىدە ھىناغە باقىڭ.

ھۆسەين داغى ئۈچۈن كىيدى بەھرى بەر گۈلگۈن،
مۇھەررەم ئايى بارىپ خاكى كەربەلاغە باقىڭ.

ھۇنۇز بۇرقەئىن ئاچماي زەلىلى جان بەردى،
جەفايى يار كۆرۈڭ ھىممەتى گەداغە باقىڭ.



## 96

كىرپىگىڭنى بىر ـ بىرىگە قاقىشىڭ،
تەڭ كېلۇر ئالەمگە ئۇتلار ياقىشىڭ.

يا قېشىڭغا ئۇسما چەككەچ ئەيدى ئەل،
قاندا زەڭ❶ تۈتقان قىلىچدۇر يا قېشىڭ

كۆزلەرىڭ ئەژدەردۇ باقما ھەر سارى،
بارچەنى ئەيلەر قىران① بىر باقىشىڭ.

قىلمادى ئاھىم ئۇتى مۇزغە ئەسەر،
ئەي نىگارا يا يازىڭدۇر يا قىشىڭ.

ئەي زەلىلى مەھرەم② ئولدۇڭ ئىچكەرى،
مۇددەئىنى تاش كۆرۈپ خوپ چاقىشىڭ❷.

---

① قىران — يىقىنلىشىش، بىرلىشىش؛ ئىككى سەييارە يۇلتۇزنىڭ بىر بۇرجدا توقۇنۇشۇشى؛ قىران ئەيلەر — توقۇنۇشتۇرماق.

② مەھرەم — خاس خىزمەتچى، ئىچكى خىزمەتچى؛ يېقىن قېرىنداش؛ ئۈلپەت، سىرداش.

❶ «چ»دە: رەڭ.

❷ «چ»دە: بىر باقىشىڭ.

## 97

تەرك ئەيلەرگە جەھان ئىقلىمىنى ئەر كېرەك،
چۇن مۇسىبەت زەدە① خاتىرى دىلگىر كېرەك.

ئەي بەسا② قۇمكى بىر كۆندە يول ئۆزرە قالدىڭ،
رەخش③ بۇ بادىيە دە④ سۈرگەلى شەبگىر⑤ كېرەك.

ئىشق ئۇلتۇردى كۆڭۈل ئىچرە ۋە ئەقلىم بارغىل،
مەنزىل ئەتمەككە جۇنۇن بېشەسىدە شىر كېرەك.

مەملىكەت دارىيۇ بۇ مۈلكى ۋىلايەت مۈشكۈل،
سەلتەنەت تەختىدەكى خەلقغە تەدبىر كېرەك.

تىيرە بولدى بەدەنى خاك، ئايا پىرمۇغان،
دۇردى مەيىنى قوي ئاڭا زەررەئى ئىكسىر⑥ كېرەك.

چىمەنۇ باغ سارىغە نەۋجۇۋانلار يۈگۈرۈر،
قەتئ نەززارە گۈل ئەيلەگەلى پىر كېرەك.



خەمى زۇلفۇڭدا گىرىھلەر دۇسەراسەر ئاچما،
قەيد ئەيلەرگە زەلىلىنى چۇ زەنجىر كېرەك.

---

① زەدە — "ئۇرۇلغان، سوقۇلغان، دۇچكەلگەن" مەنىلىرىدىكى ياردەمچى سۆز. مۇسىبەت زەدە — مۇسىبەتتە قالغان.
② بەسا — كۆپ، كۆپىنچە.
③ رەخش — ئالائات.
④ بادىيە — چۆل، باياۋان.
⑤ شەبگىر — تۈندە ئۇخلىمايدىغان، كېچىچە ماڭغۇچى.
⑥ ئىكسىر — ھىكمەت تېشى (نىمىگە سۈرسە شۇ ئالتۇن بولىدۇ)؛ كارامەت، نادىر.

## 98

دىلبەر ئەگەرچە شوخ ئىبرۇر جىلۋەسى دىلرەبا كېرەك،
ناز ـ كەرەشمەدىن دەغى غەمزەسى خۇش ئەدا كېرەك.

ھەلقەئى زۇلفىدىن ھەمە خەلقنى مۇشكبار ئېتەر،
شەئشەئەئى جەمال ئۆزە كاكۇلى ئەژدەھا كېرەك.

شۆئلەئى شەمئ ھۆسنىدىن گۇل بەدەنى چىمەن ـ چىمەن،
لەئل لەبى چۇ قىرمىزى ئىككى كۆزى قارا كېرەك.

مەدرەسە ئىچرە ئالىمان بىھۇدە ئىلىم سەرف ئېتەر،
دەرسى مۇھەببەت ئەيلەسەڭ ئىشقىدىن ئىبتىدا① كېرەك.

قىلما سەفەرنى ئىختىيار بولماسا ھەمرەھىڭ بەلى،
يولنى نىچۇك تونۇپ يۈرۈر قاراغۇغە ئەسا كېرەك.

شەھەر تىلىسمدۇر بەدەن قۇفلى② ئانىڭكى ناپەدىد،
مەقسەد ئەگەر كۇشايىش③ ھىممەتى ئەۋلىيا كېرەك.



بۇلبۇلى نەغمەسەنج ئۇلۇپ كەلمەدى بىر نەسىم گۇل،
تەلبە زەلىلىگە سەھەر غالىيەئى④ سەبا كېرەك.

---

① ئىبتىدا ــ باشلاش.
② قۇفلى ــ قۇلۇپ.
③ كۇشايىش ــ ئېچىلىش؛ ئورۇنلىنىش.
④ غالىيە ــ قاش ۋە چاچقا سۈرۈش ئۈچۈن مۇشك ـ ئەنبەردىن ياسالغان خۇشبۇي ماددا؛ قارا.

## 99

نەفس كافىرنى غەزات ئەيلەرگە بىر سۇلتان كېرەك،
كىم ئەسەس① دادىنى② بەرمەكلىككە ئارى خان كېرەك.

دۇرفەشان ئولغىل سىرىشكىڭدىن③كى دەر راھى خۇدا④،
سۇبھ سادىقكىم مەھەللى فەيز ئىرۇر باران⑤ كېرەك.

چىقمادى ئاۋازە⑥ ئۆمر ئىچرە سەندىن ئەغنىيا،
ھاتەمى تەيدەك جەھانگەر ئولغالى ئېھسان كېرەك.

نامەئى ئەئمال⑦ ئەگەرچە روسىيەھدۇر يىغلاغىل،
سەبزە ئەيلەرگە زىرائەتگاھنى دېھقان كېرەك.

شەرئى پەيغەمبەر بەسى نازۇك ئىرۇر تەرك ئەتمەگىل،
چۈن خىلاف ئەتمەكلىكىڭگە ھۆججەتى بۇرھان⑧ كېرەك.

كۇفر مەيدانىن نەئارا⑨ بەردىلەر بۇ كافىران،
زۇلفىقارى ھەيدەرى كەرراردىن⑩ جەۋلان كېرەك.



بۇ جەۋا ھىرخانەئى كۆڭلۈڭنى سەيقەل ئەيلەگىل،
مەخزەنى گەنجى ئىلاھىنى قويارغە كان كېرەك.

ئاخىرەت رەسۋالىغىدىن بەسكى بى فىكر ئولماغىل.
ئادەمىزادە ئۆلەرسەن ئاقىبەت ئىمان كېرەك.

لالە يافراغى ۋەيا ئەۋراقى⑪ گۈلدىن دەفتەرى،
مىسرەئى شوخىنى تەھرىر ئەتكەلى دىۋان كېرەك.

سەبز خەتتى دىلبەران شەھرى ماچىن بىزگەدۇر،
سىزگە جەننەت چارباغىدىن گۈلى رەيھان كېرەك.

ئەي زەلىلى گوشەئى ئۇزلەت⑫ ئىچىدىن چىقماغىل،
خەلق كۆزىدىن ۋەلى دەرۋىشلەر پىنھان كېرەك.

---

① ئەسەس — كېچە كۆزەتچىسى، تۈن قاراۋۇلى.
② دادىنى بەرمەك — ئورۇنلاتماق، جايىغا يەتكۈزمەك.
③ سىرىشك — كۆز يېشى.
④ دەر — ئۈچۈن، دە؛ راھ — يول — خۇدا يولىدا.
⑤ باران — يامغۇر.
⑥ ئاۋازە — دېرەك، خەۋەر؛ داڭق، شان، نام.
⑦ نامەئى ئەئمال — ياخشى - يامان ئىشلار يېزىلغان قەغەز.
⑧ بۇرھان — دەلىل، گۇۋاھ، دەستەك.
⑨ ئارا — بىزەك، بىزىگۈچى مەنىلىرىدىكى ياردەمچى سۆز.
10 كەررار — تەكرار، قايتا - قايتا (قىلماق).
⑩ ئەۋراق — ۋاراقلار، قەغەز (دەپتەر) ۋاراقلىرى.
⑫ ئۇزلەت — دالدىغا ئېلىش، چەتلەش.

## 100

كەبكى① نە ياخشى سايرادى تەرزى خىرامى② ھەم كېرەك،
كۈنگۈرەھايى ئەرشدەك قونغالى بامى③ ھەم كېرەك.

ششە سۇجۇدنى④ كۆرۈك مەجلسى ئاشقانەدۇر،
جوش ئېتەدۇر سۇراھىلەر قۇيغالى جامى ھەم كېرەك.

مەشقى مۇرەسسەئ⑤ ئەيلەبان شېئىرنى خۇش لىباس قىل،
مەئرىفەت ئەھلىدىن گەھى لۇتفى كەلامى ھەم كېرەك.

خالى ھەبەش يۈزۈڭگە كىم زىنىنەتى تازە بېرۇر،
روم ئىچىدە بەلىپ-بەلىپ نەچچە غۇلامى ھەم كېرەك.

قوغلاماغىل زەلىلىنى شەيخ بۇخانىقاھدىن،
سۆھبەتى سوفىلارئارا بىرگىنە ئامى⑥ ھەم كېرەك.

---

① كەبك ــ كەكلىك.
② خىرام ــ چىرايلىق يۈرۈش.
③ بام ــ ئۆگزە.



④ سۇجۇد ــ سەجدە قىلماق.
⑤ مۇرەسسەئ ــ ئىككى مىسرادىكى سۆزلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن بىر بىرىگە ماس ۋە ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى؛ قىممەتلىك (ئېسىل تاشلار قادالغان (بېزەلگەن).
⑥ ئام ـ ئاممە، ئاددى خەلق؛ ئادەتتىكى كىشى، نادان.

## 101

ئشق كتابىدىن ماڭا مسرەئى هەسب هال ئاچىلغ،
خانقاه كۆڭۆل ئارا رەۋزەنى① ۋەجدۇهال② ئاچىلغ.

ئالەم ئىچىگە ئوت سالۇر جىلۋەئى قامەتىڭ قانى●،
هەشەر ئەگەر غەرەزدۇرۇر شەئشەئەئى جەمال ئاچىلغ.

قەبر ئىچىدە تابەكەي غۇنچە بولۇر سەهى قەدان③،
مەۋسۇمى نەۋ بەهار ئىرۇر خەبچەئى④ نەۋ نىهال⑤ ئاچىلغ.

مۇسهەف⑥ هۆسن قالماسۇن ئەل كۆزىدىن ياشۇرۇن،
يەئنى قىرائەتى قىلاي پەردەئى خەتتۇخال ئاچىلغ.

تاپماسا هىچ قەرىندە ئەۋج جەمالىڭىز زەۋال،
ناله قىلۇر زەلىليا بۇرقەئى لايەزال⑦ ئاچىلغ.

---

① رەۋزەن — تۈنلۈك، پەنجىر، تۆشۈك.
② ۋەجد — هاياجانغا سىلىش، جەزەبە قىلىش سەۋۋىدىن ئۆزىنى يوقىتارلىق دەرىجىگە كىلىش.
③ سەهى (سىهى) — تۈز، توغرا، بەستە (سەهى قەدان — تۈز قەددى).



④ خەبچە — پورەك.
⑤ نىهال — كۆچەت، ياش دەرەخ؛ كىلىشكەن بوي.
⑥ مۇسهەف — كىتاپ، قۇرئان.
⑦ لايەزال — مەڭگۈ، ئەبەدى.
● «ك»دە: زۇم (سوغاق).

## 102

روىى زەمىنگە بولماسا ھائىل① ئەگەرچە نۆھ② فەلەك،
رەۋزەدىن ئۆرۈلۈر ئىدى مىسلى كەبۇتەران مەلەك③.

كۆركى ئىشارەت⑬ بىلەن ئىككى بۆلۈنمىش ئول قەمەر،
مۆئجىزەئى مۇھەممەدى راست ئېرۇر ئاڭا نەشەك.

خەلق يىدى زەكات ھەج بىرلە نەماز، روزەنى،
كىمگە نەسىب ئېتەر ئىكىن قالدى كەلىمە مۇشتەرەك④.

سىلسىلەئى مەشايىخان⑤ سۇننەتى تەۋق ئەۋلىيا،
شەيخ رىيايى قول ئاچار كۆرسە نەيەردە بىر تېرەك.

ۋائىز شەھرى ئىندەمە مەۋئىزى مەجاز ئۇچۇن،
تەلبە زەلىلىگە بۇگۇن مەئرىفەتى خۇدا كېرەك.

---

① ھائىل (ھايىل) — توسۇق.
② نۆھ — توققۇز.
③ مەلەك — پەرىشتە (مەلائىك).
④ مۇشتەرەك — ئومۇمى، ئورتتۇرىدىكى، ئورتاق.
⑤ مەشايىخان — مەشايىخلار، شەيخلەر، قېرىلار.
⑬ «چ»دە: بەشارەت.



## 103

گۇنبەزى گەردۇن① سەۋاد دۇدى ئاھىڭدۇر سېنىڭ،
ئەبر ئەرمەس ئۆرلەگەن چەترى② سىياھىڭدۇر سېنىڭ.

چەلچەلە③ كۆكلۈكدە ئولتۇردۇك خەلايىق بىلمەدى،
ئافتابى ماھى ئەختەر يا گۇۋاھىڭدۇر بېنىڭ.

مەئرىفەت مەيدانى ئىچرە تولدى سەندىن ھايھۇي،
ئەرشدىن تەھتەس سەراغە④ خانقاھىڭدۇر سېنىڭ.

لەشكەرى شەيتان ھۇجۇم ئەتكەندە كۆپ بەردى شىكەست،
تارۇپۇدى⑤ خىرقە دۇشمەنگە سىپاھىڭدۇر سېنىڭ.

ھەزرەتى مەخدۇم جامى بىرلە مەۋلانايى رۇم،
ھەر بىرى ۋەقتى بەلا پۇشتۇ پەناھىڭدۇر سېنىڭ.

سەر بەرەھنە سەير ئىقلىمى جۇنۇن ئاتىڭ نە ئەيب،
تەركى بۇ دۇنيا ۋۇمافىھا⑥ كۇلاھىڭدۇر سېنىڭ.

يۇز نەۋايى نالەئى نەي يۇز سەدايى ئەرغەنۇن،
بىر سەھەر چەككەن سۇرۇد⑦ ئۆزرەخاھىڭدۇر سىنىڭ.

گاھى شەمئ گاھى شۆئلەكى فەتىلە⑧ گاھى داغ،
ھەرنە بولدۇڭ ئەي زەلىلى ئۆز گۇناھىڭدۇر سىنىڭ.

---

① گەردۇن — ئاسمان، پەلەك.
② چەتر — چېدىر.
③ چەلچەلە — چاقىرىق، تووۇلاش، قىچقىرىش.
④ تەھتەس سەرا — يەر ئاستى.
⑤ تارۇ پۇد — ئۆرۈش - ئارقاق.
⑥ مافىھا — ئىچ، ئىچكى.
⑦ سۇرۇد — ناخشا، قوشاق، كۈيلەش.
⑧ فەتىلە — پىلتە، پىلىك.



## 104

سايراسا بۇلبۇل كۆكۈل بىھۇدە بۇ ھەۋەس دىمەك،
پىرھەنى جۇنۇن ئېرۇر تەن ئۆيىنى قەفەس دىمەك.

كەلسە بۇگۇن سەدا ئەگەر ھۇش قۇلاغىدىن ئىشىت،
نالە ئاشىقان ئېرۇر غۇلغۇلەئى جەرەس دىمەك.

بىر كۆزى زۇلم ئەيلەسە بىر كۆزى ئۆلتۈرۈر مېنى،
شەھرى كۆكۈلكى پاسبان لايىق ھەر ئەسەس دىمەك.

مەجلىس ئەگەرچە خاس ئىدى، كەلدى سەدايى ئەرغەنۇن،
شىشەگە گەر قۇيسا شەرابنى سۇراھى بەس دىمەك.

شەھد لەبىڭگە مەيل ئېتىپ ئىشق ئېلى قىلدىلەر ھۇجۇم،
نەئرەئى جان گۇدازنى زەمزەمەئى مەگەس دىمەك.

بولدى نەھايىتى قارا كاكۇل زۇلفىدىن كۆكۈل.
بېشە ئەژدەرھامىكىن سوختەئى① نەفەس دىمەك

بۇلبۇل سىنەچاك ئۇلۇپ گۇلبۇن② مەئنى ئىستەسەڭ،
ھەر تىكەنى ھىدا يەتى يول ئۆزە خارخەس دىمەڭ.

خۇنى جىگەر رەۋان قىلىڭ كۆز يولىدىن زەلىلدەك،
دۇررى گەران بەھا ئېرۇر قەترەئىنى ئەبەس دىمەڭ.

---

① سوختە — كۆيگەن.
② گۇلبۇن — گۇل دەرىخى، گۇل تۈپى.



## 105

دىل ئارامىغە كۆڭلۇم بولدى بۇلبۇل،
لەبى غۇنچە يۈزى چۇن خىرمەنى گۇل.

شىكەستى بەرمەگىل جان رىشتەسىدۇر،
باشىڭدا ھەلقە ـ ھەلقە تارى كاكۇل.

سىپاھى چىنۇ ماچىن بىر بولۇپدۇر،
ھۇجۇم ئەيلەپ خەتتى مۇشكىنىگە سۇنبۇل.

مېنىڭ ئىشقىم سېنىڭ ھۆسنۈڭ نىگارا،
تۈشۈپدۇر لاجەرەم ھۆسنى تەقابۇل.

خۇمارى مەن يېتىپدۇر جان لەبىمگە،
قەنى جامۇ قەنى ساقى قەنى مۇل.

(زىب① ئەنگىز② شوخى تۈركىيلەرنى،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خوبانى③ كابۇل.)

مۇنافىقلەرغە بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقار، ئەقل دۇلدۇل.

زەلىلى شېئىردىن مۇرغى سەھەر خىز④،
چىمەندە ئەيلەدى فەريادى غۇلغۇل.

---

① زېب — بىزەك، زىننەت، گۈزەللىك.
② ئەنگىز — (سۆز بىرىكمىسىدە) قوزغاتقۇچى، سالغۇچى؛ قەست، ئۇرۇنماق.
③ خوبان — چىرايلىقلار.
④ خىز — (سۆز بىرىكمىسىدە) بەرگۈچى، كەلتۈرگۈچى، قوزغاتقۇچى مەنىلىرىدە؛ (قوشما پېئىلدا) قوزغىلىش، كۆتىرىلىش، سەكرەش، سانچىش، چاچراش، ئىنتىلىش، سۈرئەت مەنىلىرىدە؛ بۇ يەردە "مۇرغى سەھەر خىز" سەھەردە چىللايدىغان قۇش، يەنى خوراز.



# 106

بالۇپەرى مەئنىنى يەسار① ئىلە يەمىن② قىل،
بىر يەردە تۇرۇپ سەيرى ھەمە روىي زەمىن قىل.

ئەي مور③ تىلەرسەن كى سۇلەيمان كەبى بولساڭ،
مېھرى ئىلە تىلىڭ ئۆزرە كۆڭلۈڭنى نىگىن قىل.

ھەر كوچە بىلەن مەرد خۇدايى كى ئۆتۈپدۇر،
باسقان ئىزىنى سۈرمە سىفەت نۇرى جەبىن قىل.

مەۋسۇمى بەھار ئۆتتىيۇ سەن سايەدە غافىل،
كەلمەسدە خەزان سەرسەرى بىر زەررە ئېكىن قىل.

يىغلارسەن ئەگەر ۋەسلى ئۇمىدى بىلە ئاشىق،
ھىجران كېچەسى نالەنى بىسيار④ ھەزىن⑤ قىل.

(تەسبىھ ساناپ قويمادى ئولتۇرغالى زاھىد،
بۇ خانەئى فەقر ئەردى ھېسابىڭنى كېيىن قىل.)

جانىڭنى كەباب ئەتتى زەلىلى ئەسەرى دەرد،
مىن بەئىدە غەزەل مەشق قىلۇرسەن نەمەكىن⑥ قىل.

---

① يەسار — سول (قول، تەرەپ).
② يەمىن — ئوڭ (قول، تەرپ).
③ مور — چۈمۈلە.
④ بىسيار — كۆپ، تولا.
⑤ ھەزىن — قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمكىن.
⑥ نەمەكىن — تۇزلۇق، تېتىملىق، يەنى كۆركەم، چىرايلىق؛ ئۆتكۈر (تىل)، يېقىملىق.



## 107

ھەيف تەمام ئۇلدى ئۆمۈر فىسق① بىلەن ماھۇسال②،
غافىل ئىدىم بىلمەدىم تەۋبە ئايا زۇل جەلال.

رىزقىنى كۆپ ئىزدەدىم●، ھەرنە تاپىلسا يىدىم،
فەرق ۋەلې قىلمادىم لوقمە ھەرامۇھەلال.

گەرچە خەتا ئەيلەدىم پۇشتۇ پەناھىم سەن ئۇق،
ياخشى ئەمەل مەندە يوق غەير گۇناھۇ ۋەبال③.

قىبلەنى بىر بىلمەدىم ئالتە جەھەتتىن ھۇنۇز،
چار ئەناسىر④ بىلەن ئاڭلاماغ ئەمرۇ مەھال⑤.

بادەئى مەئرىفەت كىچە يېقىنراق ئىدى،
تۇتتى يولۇمنى بۇگۇن ۋەسۋەسەئى قىيلۇقال⑥.

مەسئەلە ئىشقىدىن خۇمى فىلاتون⑦ ئىرۇر،
ئەيلەمە ئەي بىئەدەب ئەھلى جۇنۇندىن سوۋال.

مەجلىس ئىچى گەرم ئۇچۇن پىرمۇغاندىن ھۇنۇز،
كۆركۈزەدۇر شىشەدىن ئەكس پەرىلەر جەمال.

جام بىللۇرىنۇ⑧ زەر بولماسە ئەي ساقىيا،
رىندە مەن بادە قۇي بولساچۇ سىنغان سافال.

ۋەجد بىلەن ئۇچقالى قانچە يىراقدۇر سىپىھر⑨،
سەدرە⑩ سەرى ئاچىتلەر مۇرغى كۆكۆل پەرۇبال.

كۆنگۈرەئى ئەرشدىن كەلدى ئازانى بەلەند،
سۇبھى قىيامەت مەگەر بولدى قوپۇق يا بىلال.

باشدىن ئاياغ ھەرفىدىن مەئنى ھۇۋەيدا بولۇر❷،
مەشقى زەلىلى بەلى ساق جو⑪ ئابى زۇلال⑫.

---

① فىسق — قىلمىش، يامانلىق، گۇناھ ئىشلار.
② سال — يىل (ماھۇسال — ئاي - يىللار).
③ ۋەبال (ۋۇبال) — ئەيىپ، كەمچىلىك؛ قىيىنچىلىق، ئۇۋال.
④ چار ئەناسىر — تۆت ئۇنسۇر (ئېلېمېنت): سۇ، تۇپا، ئوت، ھاۋا.
⑤ ئەمرۇمەھال — ناتايىن ئىش - ھەركەت، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.
⑥ قىيلۇقال — گەپ، سۆز.
⑦ فىلاتون — ئەفلاتۇن. (مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى).
⑧ بىللۇرىن — بىللۇردەك ئاق (سۈزۈك) ئەينەك تاش.
⑨ سىپىھر — ئاسمان، كۆك گۈمبىزى، پەلەك.
⑩ سەدرە (سىدرە) — سىدە، قارىياغاچ.



⑪ جو (جوي) — (سۆز بىرىكمىلىرىدە) ئىستىگۈچى، قىدىرغۇچى مەنىلىرىدە؛ كەينى - كەينىدىن.
⑫ زۇلال — تىنىق ۋە تاتلىق سوغاق سۇ.
❶ «چ»دە: ئىستەدىم.
❷ «چ»دە: ئېرۇر.

## 108

دىن ـ دۇنيا بابىدىن ئەيتۇرمە بىر ـ ئىككى مەسەل،
زەھەردەك ئىشتىلسە نوش ئەيلەگىلە❶ گويا ئەسەل.

شاھ راھ① شەرئىنى تائۆلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى② پەيغەمبەردۇرۇر ئۈممەتكە دەستۇرۇل ئەمەل③.

ئاخىرەت ئەسبابى ئۆززە تۈشتى تا سەرسەر كەرىھ❷،
زۇھد تەقۋا رىشتەسىدىن تاپسا بىر مويى خەلەل④.

تەن❸ ئۆيىنى فىسقى ئىسياندىن ئىمارەت قىلماغىل،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە يەتكەي سەلى توفاندىن ئەجەل.

خەتتى پېشانەم❹ رەقەم قىلغاندا ئارى بىلمەدىم،
كافىرۇ يا مۆئمىن ئەيلەر كاتىبى روزى ئەزەل.

كەلسە ھەفتاد دۇ مىللەت فىرقەسىدىن قەۋملەر،
ئېتىرازۇ⑥ مەزھەبۇ ئايىن ئۈچۈن قىلماق جەدەل.



ئەي زەللى ئەھلى دۇنيادىن نە پەرۋا ئەيلەيىن؛
ھەر نەسىھەتكىم قىلۇر كۆڭلۈمگە باغلارمەن غەزەل.

---

① شاھ راھ — پادىشالىق يول، خان يولى، چوڭ يول.
② قەۋل — سۆز.
③ دەستۇرۇل ئەمەل — ئىش ـ ئەمەلنىڭ دەستۇرى.
④ خەلەل — نۇقسان، كەمچىلىك (مويى خەلەل — قىلچە نۇقسان.
⑤ ئېتىراز — قارشىلىق، كېلىشەلمەسلىك.
❶ «چ»دە: ئەتكەنلەگە.
❷ «چ»دە: ئەسەر.
❸ «چ»دە: دىن.
❹ «چ»دە: پىشانى.

## 109

دەرۋىش قوپۇپ ئەين سەھەردە دىيدەنى① تەر قىل،
مۇندىن دەغى ۋەيرانە كۆڭۈلنى بەتەر قىل.

شەيتان لەئىن② ۋەسۋەسەسىدىن قۇتۇلۇرسەن،
كىبىرىڭنى دىماغىڭ ئىچىدىن يەئىنى بەدەر③ قىل.

سەۋدايى سەر زۇلفى سەنەم ئەيلەسەڭ ئاخىر،
ئەقلىڭنى جۇنۇن ھەيبەتىدىن زىرۇ زەبەر قىل.

ئاسايىشى④ كەۋنەيىن قەۋلۇڭدىن ئىبەرۇرلەر،
دۇنيا ئىلىنىڭ سۆھبەتىدىن ئارى ھەزەر قىل.

دونان⑤ ئىشىكىن ياستانىبان بولما مۇكەررەر⑥،
ئىقلىمى قەنائەت سەرىغە تازا سەفەر قىل.

گۇل پەردە يۈزىدىن ئاچادۇر رەشك قىلۇرمەن،
ئەي باي سەبا بۇلبۇلى بىدىلغە⑦ خەبەر قىل.



ھىجران تۈنى بەس تىيرە ئىرۇر ئەيلەمە فەرياد،
بۇ نالەنى مۇرغان چىمەن بىرلە سەھەر قىل.

زۇلفىنى يۈزى ئۆزرە نەخۇش چەكتى دىلارام،
نەزارە ئول ياسمەن سۇنبۇلى تەر قىل.

ئەنۋارى⑧ تەجەللى ئىلاھاغا تولۇپدۇر،
تا سەرسەرى ئالەمگە زەلىلى چۇ نەزەر قىل.

---

① دىيدە — كۆز.
② لەئىن — لەنەتلىك، لەنىتى.
③ بەدەر — قاچماق، قاچقۇزماق (بەدەر قاچماق).
④ ئاسايىش — تىنچ، ئارام، راھەت.
⑤ دونان — پەسلەر، ئەسكىلەر، ناكەسلەر.
⑥ مۇكەررەر — قايتا ـ قايتا. تەكرار.
⑦ بىدىل — يۈرەكسىز؛ ئاشىق: ھەسرەتلىك، قايغۇلۇق.
⑧ ئەنۋار — نۇرلار، يورۇقلۇق.

# 110

جان ئەزىزىم ئەيلەگەچ يار ئىشكىدە سەبىل①،
كۆڭلۈمگە ئاچتىلەر چەشمە جوي سەلسەبىل②.

مەھــزى مەجازى ئېرۇر دېبان بىــھۇدە غافىل ئولماغــىل،
جىلۋە گەھى بۇ بەھرۇ بەرھەق سىفەتىگەدۇر دەلىل.

يۇسۇف ئوتىدا كۆيمەسە قاندا بوغۇزلانۇر بالىق،
بەلكى كەبۇد③ ئېتەرمىدى خىرقەسىنى چۇ بەھرىنىل④.

كەلسە قاشىڭغە كىبىر ئەگەر ئەيلەمە ئېتىراز ئاگا،
بەردى رىۋايەتى بۇ رەڭ مەزھەبۇ مىللەت خەلىل.

قىلما قەلەندەران بۇگۇن مۇمسىك ئۇچۇن دۇئايى رو،
قەدرى سەخىنى كىم بىلۇر بولماسا بىر سەگى بەخىل.

ھىرس تەمەئ ھەرام ئېرۇر ئىزدەمەگىل چۇ دەربەدەر،
ئادەمىزاد بىخەبەر رىزقىڭ ئۇچۇن خۇدا كەفىل.



تەلبە زەلىلىگە كەفەن لالەئى داغدار⑤ ئېتىڭ،
كىمگە يېتەر بۇ مەرتەبە ئىشق ئىلىكىدىن قەتىل.

① سەبىل — ۋاستە، چارە؛ بېغىشلىماق، تۇتماق.
② سەلسەبىل — تازا تىنىق ئاقار سۇ؛ جەننەت بۇلىغى.
③ كەبۇد — كۆك، ھاۋا رەڭ.
④ بەھرىنىل — نىل دەرياسى، كۆك دېڭىز.
⑤ داغدار — داغ چۈشكەن، بۇلغانغان.

## 111

يار ئەگەر جەفا قىلۇر، بولما ئايا كۆڭۈل مەلۇل①،
خالى خەتتى سىپاھىدىن خەتتى چۇ لەشكەر موغۇل.

كۇنگۇر ھاي ئەرشدىن دەرگەھى بەس بەلەند ئېرۇر،
نامە كەبۇتەر ئىلتەدۇر ئاندا نەھاجەت رەسۇل②.

(مۇددەئىنىڭ يۈزى قارا بولسا تەئەججۇب ئەيلەمەڭ،
دەئۋەتى بۇ مۇسافىران سۇبھى دەمىدەدۇر قەبۇل.)

شەھرى خوتەندە ئۇت❶ كۆرۈپ بەرقى ھەۋامىكىن③ دىدى،
شۆئلەئى دۇدى ئاھ ئېرۇر بىلمەدى سەرھەددى قومۇل.

نەسلى جەھاندا قالمادى تەلبە زەلىلىنىڭ❷ دىمەڭ،
ئۆلگەنىدىن كېيىن كۆرۈڭ ھەر غەزەلىدۇر بىر ئوغۇل.

---

① مەلۇل — مەلامەتلىك، قايغۇلۇق.
② رەسۇل — ئەلچى.



③ ھەۋا — ھەۋەس، ئىستەك؛ ئۇچۇش، پەرۋاز.
❶ «چ»دە: كىم.
❷ «ك»دە: زەلىلىنى.

## (112)

لەشكەرى غەم ئىلكىدىن پۈتكەن ئۈچۈن بەسى ئەلەم①،
ھەر كېچە دۇدى ئاھىدىن چەكتى مۇسافىران ئەلەم②.

چالدى مەگەر مۇغەننىلەر③ نەغمەئى ئەرغەنۇنى ئىشق،
پىرمۇغان ئىشكىدىن كەلدى سەدايى زىرۇ بەم④.

زەمزەمە سۇرۇددىن ئەيلەدى بىخەبەر مېنى،
كۆڭلۈم ئىچىدە قالمادى سۇدۇ زىيان⑤ بېشۇكەم⑥.

مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر نالەئى پەردەئى ئىراق،
مەشقى جۇنۇنىدىن ئەيلەگەچ سەۋتى⑦ تەرەننۇمى ئەجەم.

مۇغبەچەكى دەيردىن چىقسا نەمازشام ئەگەر،
سەجدە قىلۇرمە قاشىغە كاكۇل زۇلفىدىن قەسەم.

ئالتۇن ئاياغىدىن غەنى ئەيلەسە فەخر بارھا،
مەيكەدەنىڭ سافالدۇر بىزگە بىجايى⑧ جامۇجەم.



گەئىبە مەقامىدىن بۇگۈن ھەرف دىمەكلىكىم خەتا،
قونماسا تا باشىم ئۈزە خەيلى كەبۇتەرى ھەرەم.

مەۋجى ھەۋادىسات⑨ ئەگەر يەتسە فەلەككە قورقمادىم،
كىشتىئى نوھ ئىچىدە كى غەرق بولۇردىن نەغەم.

تىغى زەبانىم ئاتەشىن بولغانىدىن زەلىلىيا،
سەفھە يۈزىنى كۆيدۈرۈر شۆئلەسىدىن نەي قەلەم.

---

① ئەلەم — دەرت ـ ئەلەم.
② ئەلەم — بەلگە، بايراق. (ئەلەم چەكمەك — بايراق چىقارماق، كۆتىرىلمەك، يالقۇنجماق، يانماق).
③ مۇغەننى — نەغمىچى، چالغۇچى، ناخشىچى.
④ زىرۇ بەم — زىل ۋە بوم (تاۋۇش، ئاۋاز).
⑤ سۇدۇ زىيان — پايدا ـ زىيان.
⑥ بېش — كۆپ، ئارتۇق (بېشۇكەم — كۆپ ـ ئاز).
⑦ سەۋت — ئاۋاز، ئاھاڭ، كۈي.
⑧ بىجايى — توغرىسى، جايىدا، ئورنى كەلگەندە، ياخشىكى.
⑨ ھەۋادىسات — ھادىسىلەر، ۋەقەلەر، ئۆزگىرىشلەر.

## 113

تا ئالەمى زاھىرغە كەلىبان گۆزەر ئەتتىم،
تەرك ئەيلەدىمۇ جۇملەنى قەتئى نەزەر ئەتتىم.

ئەھۋالى كۆڭۈل ئەيغالى بىر مەھرەمى تاپماي،
زۇلمۇڭنى قەرىنداش، غەمىڭنى پەدەر ئەتتىم.

سەۋدايى سەھەر[1] زۇلفۇڭ ئۇچۇن نەچە مەھەلدۇر،
جان كىشۋەرىنى بۇزدۇمۇ زىرۇ زەبەر ئەتتىم.

بىر مەرتەبەدە تۇرماس ئىمىش شاھ نە دەرۋىش،
بەس خىرقەنى كىيدىم ئۆزۈم دەربەدەر ئەتتىم.

ئاشىقغە رەۋا ئەرمەس ئىمىش مەنزىلى مەئۋا،
چۈن ئابى رەۋان بولدۇم يەئنى سەفەر ئەتتىم.

---

[1] «ك»دە: سەر.



بۇ قۇشكى چولاق سايىدا پەرۋاز ئېتەي دەپ،
گۈل غۇنچەلەرىن بەلگە قىسىپ بالۇپەر ئەتتىم.

مېھمان ئەگەر كەلسە زەللى يىمەگىل غەم،
خۇنى جىگەرىم جەمىئ قىلىپ ماھەزەر ئەتتىم.

## (114)

شەيخان رىيايىغە ۋەقتىكى مەساف① ئەتتىم،
كۆڭلۈمگە غۇبار ئولماي ئايىنە ساف ئەتتىم.

شەيدالىقىم ئەل بىلدى، تىل بىرلە يۈرەك تىلدى،
ئول قانچە جەفا قىلدى، مەن ئانچە مەئاف ئەتتىم.

ئىقلىمى مۇھەببەتنىڭ سۇلتانى قەنائەتدۇر،
سىمۇرغ سىفەت مەنزىل چۇن قۇللەئى قاف② ئەتتىم.

ئەشئارىم ئوقۇر بولساڭ ئەي مۇددەئى پەرھىز ئەت،
كاغەز كۆرۈنۈر لېكىن شەمشىرگە غىلاف ئەتتىم.

ئەقلىمنى جۇنۇن ئالدى زەنجىرۇغۇل③ ئەئزا ھەم،
ھۇشيار بولالمايمەن مەئزۇر④ كى لاف ئەتتىم.

نى گەبر⑤، نى تەرسا مەن، نى بەرەھمەنۇ، نى شەيخ،
ھەفتاد دۇ مىللەتتە بىر نۇقتە خىلاف ئەتتىم.



نۇش ئەتتى زەلىلى مەي بۇ مەرتەبەگە يەتكەي،
ئىخلاس بىلەن ھەي-ھەي مەشھەدىن تەۋاف ئەتتىم.

---

① مەساف — جەڭ، ئۇرۇش؛ ئەسكەر سىپى، جەڭ مەيدانى.
② قۇللە — چوققا، تاغ چوققىسى؛ قاف — ئەپسانىۋى تاغ نامى.
③ غۇل — تۆمۈر ھالقا؛ زەنجىر ھالقا.
④ مەئزۇر — ئۆزرىلىك، كەچۈرۈلگەن.
⑤ گەبر — ئاتەشپەرەست، ئوتقا تېۋىنغۇچى.

## (115)

دەرىغ دەردكە ئەۋۋەل نەچەشم گوش① ئەردىم،
يوق ئەردى گىردۇ ئەناسىر چۇ بى نەقۇش② ئەردىم.

قەزا جەھان قەفەسى ئىچرە ئەيلەدى مەھبۇس،
ۋەگەر نە روزى ئەزەلدە بەجايى قۇش ئەردىم.

گۇلى جەمالى ئىلاھاغە مەستى مۇستەغرەق③،
چۇ بۇلبۇلىكى خەزاندەك بەسى خەمۇش ئەردىم.

بۇ سوفيانى رىيايىلەردىن سەفا تاپماي،
غۇلامى چاكەرى④ رىندان⑤ دۇردى نۇش ئەردىم.

كۆكۆل خەزانەئى ئەسرار فەيزى رەھمەت ئۇچۇن،
كى خۇمۇ خۇسرەۋىدەك ھەرزەمان بىجۇش ئەردىم.

نەسىھەتىكى ماڭا پىرى ئىشق ئەيلەدىلەر،
باشىم قوياي قەدەمىگە تەمام ھۇش ئەردىم.



زەلىلدىن سەرو سامان⑥ خىتا ئىلى سورما،
مۇسافىران خوتەن بىرلە خىرقە پوش ئەردىم.

---

① گوش — قۇلاق.
② نەقۇش — نەقىشلەر (بى نەقۇش — نەقىشلەنمىگەن، پەيدا بولمىغان).
③ مۇستەغرەق — غەرق بولماق، چۆكمەك.
④ چاكەر — چاكار.
⑤ رىندان — سالتى، سالپى، بۇ يەردە "ھاراقكەش، ھاراقخانىدىن بېرى كەلمەيدىغان" مەنىسىدە.
⑥ سەرۇ ـ سامان — ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنە، لازىمەتلىك، ياردەم، نەرسە ـ كېرەك.

## 116

ئۆزۈمدىن بىخەبەر تا بادەئى لەئلىڭدە مەست ئولدۇم،
كى تارى كاكۇلى ئەنبەرفەشان ياڭلىغ شىكەست ئولدۇم.

قارايەر بىرلە تەڭ مەن شۆھرەتى ھۆسنۈڭدىن ئەي دىلبەر،
بەلەند ئاۋازە بولدۇڭ قانچە سەن، مەن ئانچە پەست ئولدۇم.

ئۆتەر ئەردىم بى بال ئەفسانەئى ئەنقايى مەغرىبدىن،
سەرى زەنجىرى زۇلفۇڭ بىرلە جانا پايى① بەست ئولدۇم.

رىيايى شەيخلەردىن تاپماغاي بۇيى مۇسۇلمانلىق،
بەرەھمەن سومناتى ئىچرە گەبرىيەت② پەرەست ئولدۇم.

قۇتۇلماغلىق كەمەند زۇلفىدىن كۆڭلۈمگەدۇر مۇشكۇل،
نە ھەڭ بەھرىئى بى پايان ئىدىم دەربەند③ شەست④ ئولدۇم.

خىرەدخەيلى زەبەردەست ئەردىلەر ئەقلىم ھىسارىدا،
بۇگۇن لەشكەركەشى ئىشقىڭنى كۆردۇم زىرۇدەست ئولدۇم.



زەلىلىدىن رەمۇزى مەئنىئى لاۋۇنەئەم⑤ سورماڭ،
كى مەن دىۋانەئى لايەئقەلى⑥ روزەئەلەست⑦ ئولدۇم.

---

①پايى بەست — پۇتى چىتىقلىق.
② گەبرىيەت — گەبرلىك، ئوتپەرەستلىك؛ چوكلۇق، مەرتىۋە.
③ دەربەند — تاغ ئاغزى، ئىشىك.
④ شەست — تىز، چاققان، چاپسان (ئۆتەر).
⑤ لاۋۇنەئەم — "ھە - ياق"، ھەمۇ ياكى ياقمۇ.
⑥ لايەئقەلى — ئەقلسىز.
⑦ روزەئەلەست — "ئەلەستۇ" دەپ سورىلىدىغان كۈن.

## 117

نەۋايى نالەئى نەي بىرلە بىر دەم ھەم سۇرۇد ئولدۇم،
كى توفان① سەرشكىم چەشمە-چەشمە بولدى رۇد② ئولدۇم.

باھار ئىشقىنىڭ خاسىيەتى دىۋانەگە رەڭدۇر،
تاماشا قىل سەراپا تىفلى تاشدىن كەبۇد ئولدۇم.

مەگەر چىنى③ خەمى زۇلفۇڭغە جانا تاب④ تۇشـمەيدۇر،
سىپپھرى نىلگۇنغە چىرماشىپ گوياكى دۇد ئولدۇم.

گەھى ئىسلامىلەرغە تەشنەلىك بولغاندا چـۇن دەريا،
گەھى تەرسا ئىبلىنىڭ باشىغە ئوتلۇغ ئۇمۇد ئولـدۇم.

بۇ بەزم ئىچرە زەلىلى ئاندەكى ئاسايىش ئەيلەر مەن❶،
جۇنۇندىن نەچە كۈندۈز زاكىرى⑤ ھەمد دۇرۇد ئولدۇم❷.

---

① توفان — كۆچلۈك سۇ تاشقىنى.
② رۇد — ئېرىق، ئۆستەڭ.



③ چىن — پۇرۇم؛ بۇجغۇر (چاچنىڭ).
④ تاب — ئۆرۈمە، ئەشمە؛ نۇر، تاۋلىنىش.
⑤ زاكىر — زىكرى قىلغۇچى، ياد قىلغۇچى، تىلغا ئالغۇچى.
❶ «ك»دە: ئەيلەرسەن.
❷ «ك»دە: جۇنۇندىن نەچە كۈن دۇرساھىب ھەم دۇرۇد ئولدۇم.

## ❶118

تا تىلىمدا بەندەلىك ھەرفىدىن ئىقرار ئولمەشەم،
كايىناتى بىمەداردىن① چۇ بىزار ئولمىشەم.

زەررە-زەررە ئافەرىنىشدىن②كى خۇرشىدى ۋۇجۇد،
مەھۋە بولمايدۇر تەجەللىدىن تەلەبكار ئولمىشەم❷.

ئەژدە ھايى گۆشەگىرى گەنجى مەئنى بولمادىم،
پىچتابىمدىن③ ئەگەرچە سياقى❸ مار④ ئولمىشەم.

بەرگى گۇلدىن ئەي سىپاھى ھۇسن بولغىل پەردە پۇش،
بۇلبۇلى مەن بەرقى ئاھىمدىن ئەلەمدار ئولمىشەم❹.

نەرگىسى⑤ جادۇي دىلبەر بەس خۇمار ئالۇدەدۇر،
مەستلىكدىن ئەندەكى⑥ مەجلىسدە ھۇشيار ئولمىشەم.

---

① بىمەدار — مادارسىز، ھالسىز.
② ئافەرىنىش — يارىتىلىش، ۋۇجۇتقا كېلىش.
③ پىچتاب — يالاڭغاچلىق، ئۈستى-بېشى ئوچۇق.
④ مار — يىلان.
⑤ نەرگىس — بوتا كۆزگۈل.



خەلقى ئالەمنىڭ سەۋادۇ نامەئى ئەئمالى بار،
مەن نە تەنھا ئادەم ئوغلىدىن گۇنەھكار ئولمىشەم.

قەۋمى ھەفتاد دۇ مىللەت كي زەلىلى سۇلە ئۇچۇن،
ئاشنالىغ ئەيلەگىل بىسيار ناچار ئولمىشەم.

---

⑥ ئەندەك — ئازراق، ئانچە-مۇنچە.
❶ «چ»دە: بۇ غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيتى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئالدىنقى غەزەل بىلەن قوشۇپ بىر غەزەل قىلىۋېتىلگەن.
❷ «چ»دە: ھەر تەرەف پەرتەۋ فىشان ئولدى چۇ ئەنۋار ئولمىشەم.
❸ «چ»دە: سۆزەتى.
❹ «چ»دە: سەلتەنەتدۇر بەرقى ئاھىمدىن ئەمەلدار ئولمىشەم.

## (119)

بەندى زەنجىرى جۇنۇندىن ساھىبدار ئولمىشەم،
بادە پۇر زور ئەردى بىر ساغەردە سەرشار① ئولمىشەم.

رىشتەئى تەسبىھى زاھىددىن نە خاسىيەت ماڭا،
سومناتۇ تەندە❶ كۆرگىل قەيدى زۇننار② ئولمىشەم.

غارەت ئەقىل❷ ئەتتى بەلكى نەقدى ئىمان ئىلتەدۇر،
كافىرىكى ئەي مۇسۇلمانلەر گىرىفتار ئولمىشەم.

نەغمەئى سەۋتى مۇغەننىلەر چۇ دىلگىر ئەيلەدى،
تا ۋۇجۇدۇمنىڭ مەقامىدىن خەبەردار ئولمىشەم.

چارباغى جەننەتۇل مەئۋاغە سالمايمەن نەزەر،
مەرغزارى③ ھۆسن ئۇچۇن يارەب خەبەردار ئولمىشەم.

خەلق ئۆزرە پەردەئى غەفلەت نەدىندۇر بىلمەدىم،
مەن دەغى غارى فەنادىن ئەمدى بىدار ئولمىشەم.



بۇ زەلىلى ۋاقىفى سىررى ئىلاھى بولماغاچ❸،
جانۇدىل❹ بىرلە مۇرىدى شەيخى ئەتتار④ ئولمىشەم.

---

① سەرشار — لىپمۇ - لىپ، لىق.
② زۇننار — ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان خىرىستىيانلار مەجبۇرەن بېلىگە باغلاپ يۈرىدىغان مەلۇم رەڭدىكى بەلباغ.
③ مەرغزار — ئوتلاق.
④ ئەتتار — ئەتىرچى، تۈرلۈك دورا - دەرمەك ۋە خۇشبۇي نەرسىلەر ساتقۇچى، شەيخى ئەتتار — پەرىدۇددىن ئەتتار.
❶ «چ»دە: ئىشكىدە.
❷ «چ»دە: غارەت دىن.
❸ «چ»دە: بولمادىڭ.
❹ «چ»دە: ئەمدى جان.

## 120

ئەگەرچە ئاستانەڭ تۇفراغىنى ياستانىپ ياتتىم،
كۆڭۈل دىۋانە ئەردى بەندى زەنجىر بىرلە❶ توختاتتىم.

سەدايى مەھملى① لەيلى دىدىلەر بىلمەيىن ئالەم،
نەۋايى نالەئى مەجنۇنغە مەن ھامۇندا ئۇن قاتتىم.

قەلەندەر مەن بەھار ئەييامى بولدى ۋەجھىنى تاپماي❷،
كەمەر بەندى كۇلاھۇ خىرقەھۇ پەشمىنەنى ساتتىم.

سەھەردە نالەۋۇ ئاھىم سەمۇمى② ئىشق بىلدىلەر،
سىپاھى ئەقل دەرخاھ ئەردىلەر ئەز بەسكى ئويغاتتىم❸.

زەلىلى تەلبەلىكدىن دامەنى سەھرايى غەم تۇتتى،
تاپىلمايدۇركى بازار ئىچرە مەن ھەرنەچچە چىرلاتتىم❹.

---

① مەھمىل — (تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان، ئادەم ئولتۇرىدىغان) تەختىراۋان، مەپە.
② سەمۇم — ھەلاكەتلىك ئىسسىق شامال.
❶ «ك»دە: ئىلە.



❷ «ك»دە: ئەييامى تاپماي رەجھىنى بىلمەي.
❸ «ك»دە: دەرخوب ئەردىلەر ئەز بەسكى ئىرغاتتىم.
❹ «ك»دە: تاپىلمايدۇر قەنى بازار ئىچىدە مۇنچە چىرلاتتىم.

## 121

ۋەھ نە تەجەللى ئەيلەدى يار چىقىپ بىتەرەف بام،
قاشلەرىنى ھىلال ئېتىپ ئارىزىنى مەھى تەمام.

شەئشەئەئى جەمالىنى شەرھ ئېتەر ئۈچۈن بەسى،
ئايەتى ۋەززۇھا① ئېرۇر كۆندە قەرائەتى ئىمام.

شامۇ ھەبەش② ئەسىر ئېرۇر ھەر خەمى كاكۇلىدە كۆر،
زۇلفى سىلسىلى دەغى چىن ئېلىنى قىلۇر غۇلام.

فەيزى ئىشكىن ئاچتىلەر كېچە مەگەركى قەدر③ ئىدى،
خەيلى كەبۇتەرى مەلەك قىلدىلەر ھەر تەرەف سەلام.

ساقى خۇمار ئىلكىدىن بەندەنى ئۆلمەسۇن دىسەڭ،
شىشەگە قۇي سۇراھىدىن ئىشق شەرابىنى مۇدام.

ھىچ تەبىب كەلمەدى باشىم ئۈزە بۇرادەران،
سۆرەتى چەم موي④ ئېرۇر رەنج چېكىپ ئەلەد دەۋام⑤.



بولسا نەماز ئاشىقان خەلق ئىچىدە تەرك ئەگەر،
باتىنىدىن زۇھۇر ئېتەر سەجدەۋۇ قەئىدۇ قىيام⑥.

چىللەنىشىن شەيخلەر سەۋمەئەدىن⑦ چىقىڭ بەلى،
تەڭرى چۇ لامەكان ئېرۇر يوق ئاڭا مەنزىل مەقام.

بۇلبۇلى بىنەۋا بولۇپ كەتتى نەۋايى نەغمە سەنج،
خەلق ئىشىت زەلىلىدىن ئەمدى فەساھەتى كەلام.

---

① زۇھا — يېڭى چىققان كۈن، چاشگاھ ۋاقتىدىكى قۇياش.
② شامۇ ھەبەش — شام ـ قاراڭغۇ، كەچقۇرۇن؛ ھەبەش — قارا تۈسلۈك، قاپ ـ قاراڭغۇ.
③ قەدر — قەدرى كېچىسى، رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى، خاسىيەتلىك كېچە.
④ چەم (پەرچەم) — تۇگۈلگەن، موي (مو) — چاچ.
⑤ ئەلەد دەۋام — داۋاملىق، ھەمىشە.
⑥ قەئىدە — ئولتۇرماق، قىيام — قوپماق.
⑦ سەۋمەئە (سومئە) — خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىسى.

## 122

تا ئەسرى مېھنەتۇ زىندانۇ جاھى بولمادىم،
مىسر مەئىنىگە چۇ يۇسۇف پادىشاھى بولمادىم.

قازىئى مەھشەرگە شاھىدسىز كىرامۇل كاتىبەين①،
ئۆزگە ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ گۇۋاھى بولمادىم.

كۆڭلۈم ئىچرە ئەربەئەين ئولتۇردۇم، ئەمما ھىچ ۋەقت،
ھەمرەھى ھەمرازى② شەيخى خانىقاھى بولمادىم.

شەمئى بولدۇم شۆئلە ياقلىغ(ك)، كۆر، سەراپا رەنگى گۈل،
ئىن ھەمە③ بولدۇمۇ فانۇسى ئىلاھى بولمادىم.

ئەي زەلىلى بىسمىلى تىغى مۇھەببەت بولماين،
مەئرىفەت دەرياسىنىڭ بەتنىدە④ ماھى بولمادىم.

---

① كىرامۇل كاتىبەين — ياخشى يامانلىقنى پۈتكۈچىلەر.
② ھەمراز — سىرداش.
③ ئىن ھەمە — ھەممىسىدىن، ھەرقاندىغىدىن،
④ بەتنى — قورساق، ئىچى.
(ك) «ك»دە: شۆئلە بولدۇم.



## 123

بۇگۇنكى ساقىئى مەھ روغە روبىرو بولدۇم،
گەھى چۇ شىشەئى گۇلگۇن گەھى سەبۇ① بولدۇم.

ھەمىشە بۇلبۇلى خامۇش ئەردىم، بىلەلمەسمەن،
جەھان ئېلىگە نەدىن مۇنچە گۇفتگۇ② بولدۇم.

شەرابخانەئى تەۋھىدنى③ مەقام ئەيلەپ،
كى زاھىدان رىيايىلەرغە(ك) ئەدۇۋۇ بولدۇم.

خەلايىقى كى مېنى مەنئى ئىشق ئەيلەيدۇر،
ئىلكىدىن قۇتۇلۇرغە بەھانەچۇ بولدۇم.

ئەدىم يولىغا كىرىپ ئەقىل تۇرفە ھەيراندۇر،
زەلىلى تەلبەلىكىمدىن نە تۇندخو④ بولدۇم.

---

① سەبۇ — كوزا (مەي كوزىسى).
② گۇفتگۇ — گەپلىشىش، سۆھبەت، مۇنازىرە، گەپ تالىشىدىغان.
③ تەۋھىد — بىرلا (يىگانە) دەپ بىلمەك؛ بىر بىلىپ تونۇمەك.
④ تۇندخو — ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرماق، گېپى گەپ؛ چۇست؛ ئاچچىقى تېز.
(ك) «ك»دە: رىيايىغە مەن.

## 124

تا كۆزۈم ياشى بىلەن غۇسلۇ تەھارەت قىلمادىم،
كەئبەئى كۆڭلۈم تەۋاف ئەيلەپ زىيارەت قىلمادىم.

خاكدانى دەھرى، دەريا ئۆزرەدۇر، ئەي دوستلار،
بوستانۇ باغۇ ئايۋانۇ ئىمارەت قىلمادىم.

سۆرەتى شەكلى بەشەردە① كەلدىلەر ھەر ئەۋلىيا،
غافىل ئەردىم ۋەرنە مەن تەركى بەسارەت② قىلمادىم.

ۋە ھىشەتىم چۈن قەبر دەھشەت گىردىن ھەر باربار،
باۋۇجۇدى تۇخم③ تائەتدىن تىجارەت قىلمادىم.

ئەي زەلىلى كەلدى ھەرفىڭدىن ھامانا بۇيى دەرد❶،
بۇ غەزەلدە❷ گەرچە پەردازى ئىبارەت قىلمادىم.

① بەشەر — ئادەم، كىشى.
② بەسارەت — كۆزى ئۆتكۈرلۈك.
③ تۇخم — ئۇرۇغ، تۇخۇم.
❶ «ك»دە: ئەي زەلىلى ھەرفىدىن كېلۈركىم بۇيى دەرد.
❷ «ك»دە: بۇ غەزەلدىن.



## (125)

تاجۇ تۇغرايى مۇھەببەتنامە تا كەلتۈرمىشەم،
سەرخەتى① مەشقى جۇنۇندىن ئىبتىدا كەلتۈرمىشەم.

دەستەئى گۈل چارباغى گۈلشەنى تەۋھىددىن،
ئەزبىرايى بۇلبۇلانۇ بىنەۋا كەلتۈرمىشەم.

مىسرەئى شوخى شەھىد ئىشقىدىن بەرگەچ خەبەر،
لالە ھايى داغدارى كەر بەلا كەلتۈرمىشەم.

شىشە پوشى قۇلزۇمى مەئنىنى سورما سەن ھۇنۇز،
مەئرىفەتدىن گەۋھەرى قىممەت بەھا كەلتۈرمىشەم.

ئەژدەھايى تىغى ھەرفىمدىن ھەزەر قىلغىل بۇگۈن،
سىھر ئىلىگە قەۋمى مۇسادىن ئەسا كەلتۈرمىشەم.

كۇفرىدىندۇر زىدى يەكدىگەر② نە مەئلۇم ئەيلەيىن،
بەس بۇ مەزمۇنى سۇخەندە ماجرا كەلتۈرمىشەم.

مۇژدە بەرگەيمۇ سۇلەيمانۇ نەبىدىن خەلق ئارا،
تاجدارۇ ھۇد-ھۇدى پەيكى③ سەبا كەلتۈرمىشەم.

بۇ ھەنىفە مەزھەبىن نەقشىنى كۆركۈزگەيمە دەپ،
شافىئىنىڭ مەسجىدىگە بورىيا كەلتۈرمىشەم.

تىبرە ئاھىمدىن قەدىمنى ھەلقەئى نۇن ئەيلەبان،
ئىپتىراز ئەھلىنى ئاتماغلىقىا يا كەلتۈرمىشەم.

شائىرانۇ شەھر تۈركىستان بەسى نازۇك ئۈچۈن،
شام ئىچىدىن شىشە-شىشە زەلبىيا④ كەلتۈرمىشەم.

ئاستانى جەئفەرى تەييىاردۇر باغى بىھىشت،
رەۋزەسىدىن گۈللەرىنى بارھا كەلتۈرمىشەم.

سۇرمە سايى شەرھى مازاغۇل بەسەر⑤دىن دەرس ئوقۇپ،
تۇفراغىدىن كۆزلەرىنگە تۇتىيا كەلتۈرمىشەم.

تاقەتىم يىسيان ئىچىدە تەشنەلىكدىن قالماغاچ،
ساغەرى پەھرى كەرەمدىن ئىلتىجا كەلتۈرمىشەم.

ئەندەلەبى مەن ھەمىشە بوستانى ھەمدىدىن،
نەئت⑥ پاكى ئىبنى ئەمم⑦ مۇستەفا كەلتۈرمىشەم.



ئەقل مەجنۇن ئولدى رەقس ئەيلەر جەمىئ كايىنات،
ئەرغەنۇنى ئىشقىدىن گويا سەدا كەلتۈرمىشەم.

غەرقەئى دەريايى شور ئولغاندا ھەرگىز قورقماغىل،
نەسخە⑧ئى مەردۇخۇدادىن ناخۇدا كەلتۈرمىشەم.

مەشرەبى ئالى ئۇممەتىنىڭ⑨ شېئرى شەكەر بارىدىن،
دانە-دانە ئەنگۇبىنى⑩نى جۇدا كەلتۈرمىشەم.

گەردىشى گەردۇن سۇرۇدى نەغمەدىن قىلماڭ گۇمان،
ھەيبەتى سۇرى قىيامەتدىن نىدا كەلتۈرمىشەم.

تىيرەخاكى ئەردى يەئنى سەربەسەر مەستى ۋۇجۇد،
ھىممەتى ساھىب نەزەردىن كىمىيا كەلتۈرمىشەم.

ماسىۋايى قەتئ ئەيلەيدۇر دەمى تىغى زەبان،
رو بەرويى⑪ جانىبى⑫ دارۇل-قەزا⑬ كەلتۈرمىشەم.

لائىلاھە ھەرفى ئىللەللاھۇنى كۆرمەك ئۈچۈن،
بىر نەھەڭى دۇر نەخۇستىن⑭ شەكلى لا كەلتۈرمىشەم.

گەرچە مىرزايى سۇخەن مەئرۇفۇ مەشھۇر ئەردىلەر،
مەنسەبى بالانىشىندىن مەرھەبا كەلتۈرمىشەم.

---

① سەرخەت — ھۆسنى خەت مەشق قىلغۇچى ئۈچۈن خەت نەمۇنىسى.

گەۋنى سەراسەر مۇسبەت خانەدۇر بەئدە ئەزىن،
غۇلغۇلەمدىن بۇلبۇلى ماتەم سەرا كەلتۇرمىشەم.

تەختى بەندى تەن راۋاقى روھ ئبرۇر يا نەفس دۇن،
ئەھلى دۇنياغە بۇ سۆزنى بى ئىبا كەلتۇرمىشەم.

ئەي زەلىلى ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان،
مەشھەدىنىڭ قەندەلىدىن كىم زىيا كەلتۇرمىشەم.

---

② يەكدىگەر — بىر بىرىگە؛ بىر بىرىدىن، بىر - بىرلەپ.
③ پەيك — خەۋەرچى، ئەلچى.
④ زەلبىيا (زەلوبيا، زەلىبا، زەلابىيە) — بىر خىل تاتلىق - مايلىق يىمەكلىك؛ شەرۋەت.
⑤ مازاغۇل بەسەر — ئازماي قاراش: زاغە — ئازماق، مازاغە—ئازماقلىق، بەسەر — قاراش، كۆرۈش. «قۇرئان» ئايەتلىرىدىن بىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
⑥ نەئت — سۈپەتلەش، بىر كىمنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ماختاش.
⑦ ئەمم — تاغا، ئىبنى ئەم — ئىككى تۇققان بۇرادەرلەر.
⑧ نەسخ (نەسخە) — نۇسخا ئېلىش، سۆرەت ۋە قېلىپىنى ئۆزگەرتىش.
⑨ ئۈمەم — ئۈممەتلەر، بىر پەيغەمبەرگە تەۋە كىشىلەر.
⑩ ئەنگۇبىن (ئەنگۇبىن) — ئەسلى "ھەسەل"، بۇ يەردە خىسلەتلىك مىۋە مەنىسىدە.
⑪ روبەرو — يۈزمۇيۈز، ئۇدۇل، مۇقابىل.



⑫ جانىب — تەرەپ، جەھەت.
⑬ دارۇل قەزا — قازىلىق ئۆيى، قازىخانا، بۇ يەردە قىيامەتدىن كىنايە.
⑭ نەخۇستىن — بىرىنچى، ئەلا.
⑮ «چ» دە: دارۇل بەقا.

## 126

ئايا، سۇلتان ساتۇق ئالەمگە سىزنى شاھ دەپ كەلدىم،
خەلايىق ھالىدىن شامۇسەھەر ئاگاھ دەپ كەلــدىم.

كەرامەتلەركى سەندىن زاھىر ئۇلدى ھىچ تەك يوقدۇر❶،
كەمىنە ـ بۇ قۇلۇڭ مەئىندە ئەھلىللاھ دەپ كەلدىم.

ئۆتۈپ ئىت يولىدىن سۈرتۈپ كۆزۈمنى ئەت❷،
ئىنايەت① كۆزلەرىن ئاچقايمىكىن❸ ناگاھ دەپ كەلدىم.

ياتار يۇلدۇزكەبى ئارتۇشدا ھەر يان تۇرفە بۇزۇرگلار،
ۋە لېكىن ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقنى ماھ دەپ كەلــدىم.

بەھەققى ھۆرمەتى تۇغى ـ لىۋايى② ئەھمەدى مۇرسەل③❹،
زەلىلى يولدىن ئازمىش يولغە سال گۇمراھ دەپ كەلدىم.

---

① ئىنايەت ــ مېھرىبانچىلىق، ئىلتىپات، ياردەم.
② لىۋا ــ تۇغ ـ ئەلەم.
③ مۇرسەل ــ ئەلچى، پەيغەمبەر؛ ئەھــمەد ــ مۇھەممەد پەيغەمــبەرنىڭ
بىر نامى.



❶ «ك»دە: جەمالۇ باكەمالىڭ ۋەسف ئېتەرگە مەنــدە ھەد يوقتۇر.
❷ «ك»دە: ئۆتۈپ ئىت يولىدىن كۆزۈمنى ـئىت ئىزى كۆرسەم.
❸ «ك»دە: ئىنايەت كۆزىن ئاچقايمۇ ماڭا.
❹ «ك»دە: ـبەھەققى ئەھمەدى مۇرسەل بەھەققى شاھى مەردانىڭ.

## 127

ئىماملەر تەۋفىغە ئۆز ئىختىيارىمدىن قاچان كەلــدىم،
بەئەمر خالىقۇ پەرۋەردىگارى مېھرىبان كەلدىم.

ئىمامۇ مۇرشــدى ئەھلى تەرىــقەت جەئــفەرى سادىــق،
مۇبارەك مەرقەدىنى تەۋق ئېتەرگە ناگەھان كەلدىم.

شىكەستە بەستەۋۇ① سەرگەشتەۋۇ② دىلخەستە ئەۋۋارە،
يۈزۈمنى سۈرتۈبان دەرگاھىغە بەس ناتەۋان كەلــدىم.

ئەشۇرا③ ئايى ئەردى كەربەلادەك قۇم كېزىپ ھەي-ھەي،
ساچى سەر فىتنەئى دەۋران بۇ ئاخىر زەمان دەرلەر،
خەتتۇ خالى بىلە ھەر كوشەدە يۈز مىڭ تاماشايى.

مەلامەت كويىدا مەجنۇندىن ئارتۇق بولدى ئەھۋالىم،
قەنى بۇ يەتتە ئىقلىمدە مېنىڭدەك تازە رەسۋايى.

جۇنۇن مەكتۇبىن ئاچىپ كۆردىلەر ئەھلى مۇھەببەت كىم،
ستەمگەرلەر جەفاسىدىن بۆلەك يوق ئاندا تۇغرايى.

شەھىدى خەنجەرى خۇنرىزىڭ ئولدۇم باقمادىڭ ئەي شوخ،
نە ئىستىغناكى قىلدىڭ، ئەيلەگۈم مەھشەردە دەئۋايى.

قەلەندەر بول جەھاننى تەرك ئەيلەپ، يەئنى كىم يوقدۇر،
كۇلاھۇ ژەندەدىن② بەھتەر بۇ ئالەمدە سەرۇ پايى.

زەلىلى چىنۇماچىن ئىچرە شۆھرەت تاپتى ئەنقادەك③،
ماڭا كۆرگۈزمەدى، لېكىن بۇ يولنى مەردۇ دانايى.

---

① سىيما — يۈز، بەت، چىراي، تۇرق، ئەپت، فىزونومىيە. (ماھى سىيما — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل).
② ژەندە — كونا، جۇل - جۇل، يىرتىق.
③ ئەنقا — ئەپسانىۋى قۇش، قاف تېغىدا ياشىغان بىر قۇش.



## 176

سەۋاد ئاھىم ئىلە ئاي يۈزنى قارە قىلاي،
سىرىشك① قىرمىزىدىن مۇتتەسىل② فەۋۋارە قىلاي.

يۈزۈڭ مۇتالىئە③سىن ھىجر كېچەسى قىلسام،
فەلەكنى خىيمە بىلىپ مەشئەلىم ستارە قىلاي.

مەئانى بېشەسىدە شىر - ئەژدەھالار بار،
پەلەڭ④ جەئفەرى سادىقنى ئىستىخارە قىلاي.

سىپاھى ئىشق كۆڭۈل شەھرىنى قىلۇر تاراج،
بىھايى ھاي ئەجەب جەڭ ئىلە نەققارە قىلاي.

جۇنۇن قاناتىن ئاچىپ، بەسكى، ئەيلەبان پەرۋاز،
لەبىڭدە نۇقتەئى خالىڭنى خوب نەززارە قىلاي.

فىغانكى، بۇلبۇلى بۇ مەرغزار ماچىن مەن،
كىشىكى بىلمەسە قەدرىمنى مەن نەچارە قىلاي.

رىيا كۇلاھىنى باشدىن زەلىلى تەرك ئەيلەپ،
چۇ غۇنچەئى سىھرى خىرقەنى دۇ پارە⑤ قىلاي.

① سىرشك — كۆز يېشى.
② مۇتتەسىل — تۇتاش، ئۈزلۈكسىز.
③ مۇتالىئە — دىققەت بىلەن ئوقۇش، ئوقۇپ بىلىش.
④ پەلەك — قاپلان.
⑤ دۇپارە — ئىككى پارە، ئىككى بۆلەك.



## 177

شەكەر لەبىڭگە بىھا① جانۇ دىل ھەۋالە قىلاي،
نەزەرگە كەلمەسە جانىم يەنە قەۋالە قىلاي.

ستارە شۆئلە كۆزۈڭدىن ۋۇجۇدۇم ئۆرتەندى،
قەمەر يۈزۈڭگە قارا كاكۇلۇڭنى ھالە قىلاي.

يۈزۈڭ بەھارى چىمەندەك ھەمىشە تازە ئۈچۈن،
كۆزۈمنى شىشەئى گۈلگۈن كۆڭۈل پىيالە قىلاي.

بەرەھمەنى سەنەمى سۈرەتى فەرەنگى مەن،
كى سومنات ئىشكىدە ھەمىشە نالە قىلاي❶.

(ئاق ئۆي ئىچىدە سارىغ يۈزلە-گە تەرەھھۇم قىل،
كى ھەلقەئى خەمى ھەر ساچىڭ رىسالە قىلاي.

نەھايەتكى بەلا يولىنى سوراماڭلار،
جەۋابىن ئەيتۇرىدە ئىبتىدايى نالە قىلاي.

خۇمار ئول لەب مەيگۈن خەراب ئەتتى مىنى،
يۈرەك قانىنى زەلىلى مەي دوسالە② قىلاي.)❷

① بېھا — راسا، خوپ.
② دوسالە — ئەسلى "قوش يىل، قوش ياش" مەنىسىدە، بۇ يەردە "قوشۇق" "قوشۇش" مەنىسىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
❶ «چ» دە: مەزكۇر بېيتلاردىن كېيىنكى بېيتلار يوق.
❷ «چ» دە: غەزەلنىڭ ئاخىرى مۇنداق چۈشكەن:

زەلىلى بىر دەمى غەمدىن ئەگەر خەلاس ئۇلسام،
كى ھەلقەئى خەمى ھەر ساچىغە رىسالە قىلاي.



## 178

نىقابىڭ ياپماغىل تاكى يۈزۈڭ ئايدەك نىھان بولغاي،
جەھان ماتەم سەرا ياڭلىغكى مىڭ تۈرلۈك فىغان بولغاي.

چېمەنگە ھەر سەھەر تۈشكەن بۇلۇتلەر ژالەسى ئەرمەس،
مېنىڭ ئاشۇفتە ھالىمغە مەلائىك① يىغلاغان بولغاي.

كىرىپ سەھرايى مېھنەتنى سوراغى يار قىلماغلىق،
غەرەز مەجنۇندە ئول ئەردىكى لەيلى مېھرىبان بولغاي.

قىلۇر تاراج ئىمان دەپ قاچارلەر ئەھلى دىن ئارى②،
قاراقچى كۆرسە قاچماغلىق تەرىقى كارۋان بولغاي.

تەنىمنى تەختەئى تابۇتقە سالماغلىق نە ھاجەتدۇر،
كويۇڭدا نەچچە يىللەردىن ئاقارغان ئۇستىخان بولغاي.

كەفەنگە قان ساچىپ تاڭلا شەھىدلىك شۆھرەتى بەرسەم،
قيامەت كەربەلا ياڭلىغ قىزىل قان ھەر قايان بولغاي.

زەلىلى تەبئىنى، يارەب، خەلايىق پايمال ئەتكەچ،
بەھارى گۈلشەنى ئۆمرى ياشۇتى كىم خەزان بولغاي.

① مەلائىك — پەرىشتىلەر.
② ئارى — راست، توغرا.



## 179

پەرى روينكى ئىسمەت پەردەسىدە ئافتاب ئەردى،
كى زۇلفى ئەنبەرىن رۇخسارەسىدە چۇن نىقاب ئەردى.❶

فەرىب① ئەنگىز كافىر كۆزلەرى مەستانەلىك ئەيلەپ❷،
مۇسەلسەل② ھەر خەمى كاكۇلدە يۈز مىڭ بىپىچتاب ئەردى.

چىمەن سەيرىگە گۇلگۇن پوش ئولۇپ چىققان كۈنى ئول شوخ،
خۇمار ئالۇدە كۆردۈم لەبلەرى ئەينى شەراب ئەردى.

نەئىستىغنا قىلىپ بىزگە تەنھا تەگلەدى بولغاي،
كى پەيۋەستە قاشىنىڭ ياسىدىن❸ ئالەم خەراب ئەردى.

سەۋادى سۇرمەئى مازاغ③ ئالۇرغە خاكپايىدىن،
غەزالانى خوتەنىنىڭ كۆڭلىدە پۇر ئىزتىراب ئەردى.

ئەجايىب مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتۇ بەيابانكىم❹،
نەۋايى نالەئى مەجنۇن بىلە ئاھۇ كەباب ئەردى.

زەلىلى تۇر بەتىدە④ مۇتەربا بىر دەم تەرەننۇم قىل،
تىرىكلىك نەشئەسىدە❺ ھەمدەمى چاڭۇ رەباب ئەردى.

① فەرىب — ھىلە، ئالدىغۇچى.
② مۇسەلسەل — زەنجىردەك ئۇلانغان، زەنجىر شەكلىدە.
③ مازاغ (مازاغە) — ئازماسلىق.
④ تۇربەت — تۇپراق، قەۋرە.
⑤ نەشئە — كۆڭ كەچۈرۈش، ياشاش يولى.
❶ «ك»دە: تولۇن ئايدەك نىقابىن يۆرگەبان زۇلفى نىقاب ئەردى.
❷ «ك»دە: قىران ئەتكەندە كافىر كۆزلەرىكىم ئالەم ئەھلىنى.
❸ «ك»دە: ئانىڭ پەيۋەستە قاش ياسى بىلەن.
❹ «ك»دە: غەزادىن غەم يېمەسلەر ئاشىقى پىنھانىمان ھەرگىز.
❺ «ك»دە: ھەمىشە ئۆمرىدە ئول.



# 180

كۆڭۈلنى بۇ كېچە ھىجرانى بىلە بىر ماھ كۆيدۈردى،
گەدايى گۈلخەننى شۈكرىللاھى شاھ كۆيدۈردى.

رەفىقا سورما بۇ ئاشۇفتەلىكدىن بىقەرار ئولدۇم،
كۆرەرسەن ھالەتىمنى بىر كىشى ناگاھ كۆيدۈردى.

چىمەندە غۇنچە ياڭلىغ چاك ئەيلەرمەن گىرىبانىم،
پەرى بۇلبۇلنى گويا سۇبھەدەمدە ئاھ كۆيدۈردى.

تاماشا ئەيلەگىل بىدادلىق مۇندىن زىياد ئولماس،
تەغافۇل تىغىدەكى ئۆلتۈرۈبان گاھ كۆيدۈردى.

خەلايىق ئارزۇيى جەننەتۇل مەئۋا ئۈچۈن كۆيسە،
زەلىلى ئۆزلۈكىنى① فى سەبىلىللاھ② كۆيدۈردى.

① ئۆزلۈك — ئۆزلۈك، مەنلىك، ئۆز خۇسۇسىيىتى، ئۆز پايدىسى.
② فى سەبىلىللاھ — خۇدا يولىدا، ئاللاھ ئۈچۈن.

## 181

پەند ئېيتتى پىرى دېھقان: ئەي يار زىنھارى،
ئۆمرۈڭ بەھارى ئۆتتى قىل زەررە كىشتكارى①.

شەبنەمنى غۇنچە يۇتقاي، گۈلنى خەزان قۇرۇتقاي،
راھى ئەدەمنى تۇتقاي، مۇرغان مەرغزارى.

چەندان شەھى قەباپوش، گەنجى لەھەدا② خامۇش،
بارو يوقى فەراموش، ھەمراھ مور يارى.

ھەم شۆئلەئى فىغانىم ئالەمنى يارۇتۇپدۇر،
ھەم قان ياشىم چۇ دەريا مەۋج ئىلە بولدى جازى.

پەرۋەردىگارى ئالەم خالى ئەمەس جەھاندىن،
مەجنۇن كۆزىدە كۆرگىل ھەر دەشتى لالەزارى.

قىرىق يىل ئويۇقلادىڭ③ سەن غەفلەت بىلە زەلىلى،
ئىبرەتدىن ئاچ كۆزۈڭنى بىر سۇبھدەمدە بارى.

① كىشتكار ـــ دىخان، تېرىقچى؛ كىشتكارى ـــ دىخانچىلىق.
② لەھەدە ـــ لەھدا (لەھدەن) ـــ كۆمۈش، گۆر.
③ ئويۇقلادىڭ ـــ ئۇيقۇلىدىڭ ـ ئۇخلىدىڭ.



## 182

سەھەر گۈلگۈن كىيىپ گۈلشەنگە كىرگەچ بىر پەرى رويى،
كەبۇتەرخانەئى كۆڭلۈمگە چەكتىم شۆئلەدىن ھويى.

مۇھەببەت ياسىدىن كىرفىك ئوقىنى بەس بەلەند ئەتتى،
مېنىڭ جانىمنى قۇربان ئەتكەلى پەيۋەستە ئەبرويى①.

قىيامەت ئىشۋە②خىزى قامەتى رەئناسىنى زىنھار،
كۆزۈم ئەترافىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار سەرۋى دىلجويى③.

سەبا ئەنبەر شەممى④ زۇلفىدىن جانىمغە يەتكۇردۇڭ،
كى رىزۋانۇ بېھىشتى تاپماغايكىم مۇنچە خۇشبۇيى.

نەتەنھا دەشتى ھامۇن لايىقى ئىقلىمى مەجنۇندۇر،
بۇ تۇر ئىچرە ھەزاران مۇسەئى مەستانە ھەر سويى.

چۇ ئىستىغنا يۈزىدىن بۇرقەئى ھۆسنىنى ئاچمايدۇر،
ۋۇجۇد ئەسبابىدىن ئاشىقدە بولسا گەر سەرى مويى⑤.

بەشەر ھۆكمىدە بىلمەك ئىنتەھايى بى بەسارەتلىك⑥،
فەرىشتە خەيلىنى دىۋانە قىلغان تۇرفە بانۇيى⑦.

سەنەم شەھر ئىچرە گويا خىرمەنى گۈل پەردە پوش ئولغاچ،
زەلىلى خاكى رىزى قەلئەدە مۇرغى سۇخەنگويى⑧.

---

① ئەبرۇ — قاش.
② ئىشۋە — يوشۇرۇن ئىشارەت، ناز؛
③ دىلجوي (دىلجو) — كۆڭۈل تارتقان، دىلنى تاپقۇچى؛ گۈزەل.
④ شەمم — خۇشپۇراق.
⑤ سەرى موي — تۈك ئۇچى، قىلچە.
⑥ بەسارەت — ئۆتكۈر كۆزلۈك، كۆزى ئىتتىك.
⑦ بانۇ—خان، خېنىم.
⑧ سۇخەنگوي — سۆزمەن، گەپچى، سۆز قىلالىغۇچى.



## 183

جىلۋەگەر پەرىزادى شوخى قىرمىزى پوشى،
كافىرۇ مۇسۇلمانىنى قىلدى خانە بەردوشى.

شىشە-شىشە مەي كەلتۈر، ساقىيا، خۇمارىم بار،
چۈن خۇمى پۇر ئازادە گەرچە ئەيلەدىم جوشى.

چاك ئېتىپ گىرىبانىم رەشكىدىن نىچۈك تۆلمەي،
بىھىجاب① ئىتەر① دايىم ئاينى ھالە ئاغوشى.

جوششى تەجەللىيدىن سۇبھى خېزى مەھشەردۇر،
پىرھەن كىيىپ گۈلگۈن نازەنىنى مەي نوشى.

بولسە گەر شەبى يەلدا ھاجەتى چىراغ ئەرمەس،
كۆرگۈزۈر يەدى بەيزا② سۇبھدەم بۇناگوشى.

سىررى نەغمەئى داۋۇد خەلق ئىچىدە فاش ئەيلەر،
چەھ-چەھى فىغانىدىن بۇلبۇلانى خاموشى.

شورىشى جۇنۇنۇڭدىن② تولدى ئەرسەئى③ ئافاق،
رەقس قىل زەلىلى سەن تابەكەي فەراموشى.

① بىھىجاب — پەردىسىز، ئوچۇق.
② يەدى بەيزا — ئاق قول، ئاق بىلەك.
③ ئەرسە (ئەرەسات) — كەڭلىك، مەيدان.
❶ «ك»دە: ئىبرۇر.
❷ «ك» دە: فىغانىڭدىن.



## 184

بارۇر تەرفى چىمەنگە سەير ئۇچۇن بىر شوخ رەئنايى،
خىرامىدىن سالىپ كىبك-تەزەر① دان ئىچرە غەۋغايى.

كۆڭۈل ئاشۇفتەلىكدىن بىجىتاب ئەيلەر، تاماشا قىل،
چۇ سۇنبۇل ھەلقە-ھەلقە كۆرگۈزۇر زۇلفى سەمەن سايى.

سەمەندەر مەن ھەمىشە مەنزىلىمدۇر خىرمەنى ئاتەش،
ۋۇجۇدۇم ئۆرتەمەكدىن ئۆزگە يوق ھەرگىز تەمەننايى.

گۈلۈ بۇلبۇل فىغانىم بىرلە دايىم مەست بولمىشلار،
سىرايەت قىلمادى كۆڭلۈڭگە گويا سەنگى خارايى②.

كۆز ئاچقاي غەيبدىن بىر ئادەمى كۆز يۇمسە ئالەمدىن،
تەفەككۇر قىلماغۇنچە بىلمەگەي سەن مەۋجى دەريايى.

مۇغەننى تارى قانۇن رىشتەئى جانىمدىن ئەيلەبدۇر،
قەنى بۇ شىشەلەرنى نۇتقالى بىر مەجلىسى ئارايى.

زەلىلنى نەدىن دىۋانەئى شەھر جۇنۇن دەرلەر،
خىرەد③ زەنجىرىنى ئۈزگەن ئىبرۇر ئۇل مەردۇ سەھرايى.

① تەزەر (تەزەرۇ) — قىرغاۋۇل.
② خارا — قاتتىق تاش، گىرانىت.
③ خىرەد — ئەقىل، ھۇش.



## 185

كەلدى قەلەندەرىكى بىر سۇبھىدەم نىدايى①،
دەۋلەت ئۆيىگە ئىلتەر بۇ كوچەئى گەدايى.

زىنھار، ئەي مۇسافىر، شام ئۇلدى بىر دوئا قىل،
رەددى بەلا② دىدىلەر ھەر سۆھبەتى خۇدايى.

دىل خانىقاھى تەندۇر ئۇلتۇرغىل ئەربەئەين سەن،
مۇنداغ نەسىھەت ئەيتۇر شەيخان بىي رىيايى.

دىلبەر يۈزىنى كۆرمەي تاك ئاتقۇچە كۆيەرمەن،
كۆڭلۈمدە سەبر يوقدۇر ھەم تاقەتى جۇدايى.

مەفھۇم ئىتەلمەگەندىن بىر نۇكتەئى تەرىقەت،
ئەللامەلەرغە تۈشتى يۈز نەۋئى ماجرايى.

ئەبياتىڭ③ ئەي زەلىلى بوستان ئىچىدە ئەيتۇر،
سەرۋ بەلەندى ئۆزرە قۇمرىئى بىي نەۋايى.

① نىدا — قىچقىرىق، چاقىرىق، ئۈندەش.
② رەددى بەلا — بالانى قايتۇرۇش.
③ ئەبيات — بېيىتلەر.

## 186

زەيبى ئەقلىمنى تاراج ئەيلەدى بىر شوخ بەرنايى①،
كۆلاھى شۆئلەئى گۈن زىنەت بېرىپ باشىمدا رەئنايى.

كەمەربەندىنى كۆردۈم رىشتەئى جانىمچە نازۇكدۇر،
رۇمۇزى لەبلەرىدىن بىلمەدىم شەكلى مۇئەممايى②.

قىلىچلەردەك قاشىنىڭ تىغى بىرلە ۋەگەھ ئۆلتۈردى،
ئەگەرچە تىرگۆزۈردە نۇتقىدىن گويا مەسىھايى.

ئەسرى مېھنەت زىندانى ئېتەرگە ھەزرەتى يۇسۇف،
قەنى مەغرىب زەمىنىنىڭ ئىقلىمىدىن بىر زىلەيخايى.

نەمەۋج ئۇردى بۇگۈن سۆز مەخزەنىدىن گەۋھەرى ئەشئار③،
زەلىلى مەئرىفەتدە ئادەمىنىڭ كۆڭلى دەريايى.

---

① بەرنا — گۈزەل، چىرايلىق، ياش (كىشى).
② مۇئەممما — مەنىسى يېپىق سۆز، ھەرپلىرى ئىچىگە يېكىتىلگەن سۆز.
③ ئەشئار — شېئىرلار.



## 187

مەئانى بۇلبۇلى گۈلشەندە ئەيلەر ئۇشبۇ تەفسىرى،
جۇۋان ئەيلەر كۆڭۈلنىڭ گۈللەرىنى سۆھبەتى پەرى.

بۇراقۇ بەرق① ئانداغ دەفتەرى ئۆمرۈمنى تەي② ئەيلەر،
ئىنانىن③ توختاتۇرغە تاپمادىم ئەي دوست تەدبىرى.

نەزەر ئول كاكۇلى مۇشكىن سالدىم قىلدى دىۋانە،
سەرى زۇلفى شەنەمدىن كەلتۈرۈڭلەر بىزگە زەنجىرى.

قەبۇلى كىبرىيا بولغايمىكىن دەپ سىدق ياسىدىن،
ئاتىپدۇرمەن دۇئايى بى رىيادىن ھەر تەرەف تىيرى.

نىدىن تەنها دىگەيلەر خەلقكىم مەجنۇن ئاشىقنى،
ئېرۇر ھامۇن ئىچىدە بارھا ھەمرايى نەخچىرى④.

يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن رەخشەندەرەك بۇ كېچە تۈش كۆردۈم،
زەلىلى تاپمادىم فىكر ئەيلەبان بىر زەررە تەئبىرى.

① بۇراقۇ بەرق—چاقماق ئېتى، چاپقۇرئات (چاقماقتەك).
② تەي — كەزمەك، يۈرمەك.
③ ئىنان — تىزگىن.
④ نەخچىر (نەخجىر) — ئوۋ هايۋىنى، ئوۋلاق، ئوۋلاش؛ قۇلان.



## 188

سايەئى سەرۋ مەنۇ يار گۈلۈ بوستانى،
نەغمە سەنج ئولسە دەغى بۇلبۇل خوشلهانى①.

سەبزەئى خەتتى② لەبى بار ئۇچۇن ئۆلدۇم مەن،
تۇربەتىم ئۆزرە ئۈنەر تاگلا گۈلى رەيهانى.

سىزگە ئەي شوخى چىمەن سەهندە يۈز ئەيش ئىسرۇر،
بىزگە مىلك دەردۇ ئەلەم بىرلە بۇ سەرگەردانى.

مەرغزار هەمە شامە ③ مۇئەتتەر بولغاي،
تۇررەئى④ زۇلفۇڭ ئەگەر ئەيلەسە مۇشكى ئەفشانى.

كىشتىئى نوهفە ئالغايسەن ئۆزۈڭنى ۋەرنە،
مەۋج خىز ئولدى جەهان ئىچرە بۇگۈن توفائى.

ئاقىبەت مەنزىلى ئەسلىگە سالىپ ئىلتەرلەر،
ئادەمى بىرنەچچە كۈن تەن ئۆيىدە مىهمانى.

ئاسمان بىر ـ بىر ئۆزە سەلتەنەتىدىن تەبەقى⑤،
ئەرش ھەم قۇدرەتىنىڭ ئالدىدا بىر ئايۋانى.

قىلماغۇنچە سېنى تا شۈكرى تەئالا دەنا،
ئىلمى ھىكمەتدە ئەگەر بۇ ئەلى⑥ سەن نادانى.

سۆز بىلەن تەلبە زەلىلى نە ۋىلايەت ئالدىڭ،
گەرچە تۈرك ئەردىڭۇ ھەم شائىرۇ تۈركستانى.

---

① خوشلھان (خوش ئىلھان) ـــ خۇش ئاۋاز.
② سەبزەئى خەت ـــ كۆكۈچ ئىنچىكە سىزىق (مىيىق).
③ شاممە ـــ پۇراش ئەزاسى (بۇرۇن).
④ تۇررە ـــ سىكىلەك، ماڭلاي چاچ.
⑤ تەبەق ـــ تەبەقە، قاتلام، پەلەمپەي.
⑥ بۇ ئەلى ـــ ئەبۇ ئەلى سىنا.



## 189

ئەي، بۇرجى ھۆسن ئىچرە رۇخسارىڭ ئافتابى،
زۇلفۇڭ دەغى سەراسەر ھەر تارىدىن نىقابى.

ھەرچەند سەئى ئەيلەپ بەزمىڭگە تاپمادىم يول،
دەردا①ۋۇ يۈز دەرىغا، بولدۇم ئۆزۈم ھىجابى.

تۇتتى ئەدەم يولىنى، تۇتتى تەمامئى خەلق،
سوردۇم نە ھالەتىڭ بار؟ بەرمەيدۇرلەر جەۋابى.

نى قەسرى شاھ قالغاي، نى خانقاھ دەرۋىش،
ئەي ھۇشمەند② بىلگىل، ئاخىر ھەمە خەرابى.

ساقىي خۇمارى غەمدىن بەس دايىما ئۆلەرمەن،
پىرمۇغان قولىدىن گەر بەرمەسەڭ شەرابى.

باشدىن ئاياغ رەگۇ پەي چۇن تار ئەرغەنۇندۇر،
كەلتۈرمەسەڭ مۇغەننى قانۇن يا رەبابى.

ئۆمۈر ئۆتتى، ئەي زەلىلى، غەفلەتدە چۈن شەبۇروز③،
نامىڭ ئىچىدە يوقتۇر بىر زەررەئى سەۋابى.

① دەردا — ئەي، ۋاي (ئۈندەش).
② ھۇشمەند — ھۇشيار، ئېسى بار، ئەقىللىق.
③ شەب-روز — شەپ - كېچە؛ روز — كۈن، كۈندۈز، يەنى كۈن - تۈن.



## 190

ئىشق ئەھلىنى ئۆزۈڭگە قىلغىل ھەۋالە گاھى،
ھەر بىرنەۋا بۇ يولدا مەسنەد نىشىن شاھى.

ئەي ئادەمى كۆزۈڭ ئاچ، ئەزبەسكى①، بىخەبەرسەن،
شۈكرى تانۇغلۇقىغە ھەر خار-خەس گۇۋاھى.

تاڭ ئاتقۇچە ياتارسەن، غەفلەتدە ئۆمرۈڭ ئۆتتى،
بىر نىمشەب② چىقارغىل دەرد ئىلە دۇدى ئاھى③.

بارى گۇناھىڭ ئولدى نامىڭ ئىچىدە چۈن كوھ،
تائەتدىن ئالمادىڭ سەن ئىلكىڭگە بەرگى گاھى④.

دىل كەئبەئى مۇئەززەم⑤، ئاغرىتماغىل بەرادەر،
يوقتۇر تەرىقەت ئىچرە مۇندىن يامان گۇناھى.

شاھا نەسىھەتىمدۇر گوياكى نوش دارۇ⑥،
ئاھسىنە سۇرت تەكاۋۇر⑦ ھەر كوشە دادخاھى.

ھىجران تۈنى زەللىلى رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ،
نالەڭگە ئۈن قوشارلەر مۇرغان سۈبھگاھى⑧.

---

① ئەز بەسكى — ھەر ھالدا، ھەرقاچان، قانداقتۇ.
② نىمشەب — يېرىم كېچە، يېرىم تۈن.
③ دۇدى ئاھ—ئاھ تۈتۈنى (ئۇتلۇق ئاھ، ئاچچىق ئاھ).
④ بەرگى گاھ — سامان.
⑤ كەئبەئى مۇئەززەم — ئۇلۇغ كەبە.
⑥ نوش دارۇ — ئىغىر يارىنى ساقايتىدىغان دورا.
⑦ تەكاۋۇر — ياخشى ئات (سۇرت - سۇرگىن، چاپتۇر)
⑧ سۇبھگاھ — تاڭ چېغى.



# 191

كىردى كەرەشمە بىرلە مەجلىس ئىچىگە بارى،
رۇخسارى خىرمەنى گۈل ھەر ئەبرى نەۋ بەھارى.

پەيكى تەرىقەت ئەيلەپ قىلغاچ نەزەر سۈلەيمان،
قۇشلار ئىچىدە ھۆدھۆد① گوياكى تاجدارى.

غەفلەت شەرابىدىن سىز زىنھار مەست بولماڭ،
مۇنداغ نەسىھەت ئەيلەر بىر مەردۇ ھۇشيارى.

چىن ئەھلىدىن بەرادەر ئابى تەراۋەت② ئىستەڭ،
ماچىندە كىم كۆرۈپدۇر پاكىزە روزگارى.

گەھ كەئبە تەۋق ئېتەرمەن گاھى شەرابخانە،
ئىلكىندە دۇر مىھارىم، يوق مەندە ئىختىيارى.

رەنگىنەئى③ غەزەلنى ئەل مەھز④ سۆز بىلۇرلەر،
مۆئمىنگە گۈل كۆرۈنۈر كافىرغە زۇلفىقارى.

ساقى، زەللى كەلدى، بىر شىشە تولدۇرۇپ بەر،
مەيخانەنى تاپالماي ئۇل ئەرتەدىن خۇمارى.

① ھۆدھۆد — ھۆپۈپ.
② ئابى تەراۋەت — تازا سۇ، تازىلىق سۈيى.
③ رەنگىنە — رەڭدار، چىرايلىق.
④ مەھز — ساپ، خالىس؛ پەقەتلا؛ دەرۇغ.
مەھز — يالغان، بىھۇدە.



# 192

دەرىغ، كۆڭلۈم ئارا يەتكۈرۈر بۈگۈن خەلەلى،
بەھار ئۆمۈر خەزان بولدى قىلمادىم ئەمەلى.

مۇنەججىمكى مېنىڭ تالىئىمنى بىلمەيدۇر،
مەگەركى تەربىيەت ئەيلەر ستارەئى زۇھەلى①.

قاراي-قاراي يولۇڭ ئۆزرە ئاقاردى كۆز، لېكىن،
مۇيەسسەر ئولمادى جانا، سېنى كۆرەر مەھەلى.

ھەمىشە زاھىدۇ خۇدبىنگە② ئېئتىراز ئەيلەر،
مېنى شىكەستەگە بۇ ھەم ئىنايەتى ئەزەلى.

مۇغەننى مەست بولۇپ، تۇرفە ئەرغەنۇن چالدى،
زەللى تەلبە ئوقۇك دەرد بىرلە سىز غەزەلى.

① زۇھەل — ساتورىن سەييارىسى.
② خۇدبىن — باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھاكاۋۇر.

## 193

تا كۆكۆل ئۇقلىمنى ئالغالى بىر بېدادى،
غەم كەلىپ كۆندە قىلۇر بىزنى مۇبارەكبادى.

يار سەرۋۇ سەنۇبەرنى خىجىل ئەتمەك ئۈچۈن،
جىلۋەگەر بولمادى بىرلەھزە قەددى شەمشادى.

ئۆمۈر ئەگەر ئۆتتى غۇرۇر ئىلە دەغى تۇيمايسەن،
ئەي زەلىلى بۇ جەھان ئاخىرى بى بۇنيادى.



## 194

ناگاھ جىلۋە قىلغاچ بىر كىبك خۇش خۇررامى،
جان بىرلە بەندە بولدۇم ئەقلىم دەغى غۇلامى.

فەسلى بەھار گۇلدۇر ھەر يان شۇكۇفە سەۋسەن،
بەس، ئاشقانۇ بېدىل شۇربى قىلىڭ مۇدامى①.

دۇنيايى بى مەدارا جادۇگەرى بېغايەت،
مىڭ فىتنە بىرلە قويمىش ھەر گوشەئىدە دامى.

سۇبھى دەمدە② بولدى، چەكتى نەۋايى بۇلبۇل،
ئەي پىرى دەير③ بەرگىل مەخمۇرلەرغە جامى.

سالدى ئەرەب ئىچىگە شورى زەلىلى تەلبە،
مۇترىب تەرەننۇم ئەيلەر گويا ئەجەم مەقامى.

---

① مۇدام ــ مەي، شاراب.
② دەمدە ــ كۆرۈنمەك، تۇغۇلغان.
③ پىرى دەير ــ مەيخانا باشلىغى.

## 195

کەمەر باغلاپ چىقىپدۇر ئەلنى قەتل ئەيلەرگە خۇنرېزى①،
بەلى، شەھلا كۆزىدىن ھەر مىژە بىر خەنجىرى تېزى.

خەتۇ خالىن تاماشا ئەيلەدىم ئاشۇبى② ئالەمدۇر،
قارا كاكۇل بىلە زۇلفى دۇتا ھەم فىتنە ئەنگىزى.

ئەگەرچە پەردەئى ئىسمەت ئىچىدە شوخلۇق ئەيلەر،
ۋەلې، ئەي پارسالەر، ئەيلەگىز ئەلبەتتە پەرھىزى.

شەرابى بىخۇدى ئايىنە ياڭلىغ سافدۇر كۆڭلۈم،
بۇ مەيخانە مەيىدىن ئىچمەگىزلەر دۇردى ئامىزى③.

نە مەۋلانايى رومى ئۆزلۈكىدىن ئارىف ئولدىلەر،
زەلىلى تەربىيەت تا قىلماغۇنچە شەمسى تەبرىزى.

① خۇنرېز — قان تۆككۈچى، قان ئاققۇزغۇچى، رەھىمسىز.
② ئاشۇب — غەۋغا، مالىمان، ھاياجان.
③ دۇردى ئامىز — دۇغ ئارىلاشقان.



## 196

تەرىقەت ئەھلى بۈگۈن بەردىلەر ئەجەب خەبەرى:
قەلەندەرانە ئۆتۈڭلەر جەھان چۇ رەھگۇزەرى①.

فىغان كۆتەرگىلۇ بۇلبۇلدىن ئىلگەرى قوپغىل،
كى مۇستەجابى دۇئا بىرلە نالەئى سەھەرى.

دەرەختى باغ ئىچىدە يوغنامايدۇرۇر ھەرگىز،
ئەزىزىدىن ئاڭا تا تۈشمەگۈنچە بىر نەزەرى.

كۆڭۈلنى تۇتتىئى شېكەر شىكەنگە بەگىز② ئەتمەك،
ھەرەم ساراي ئىچىدىن چىقماغۇنچە لەب شېكەرى.

قەدەم بۇ مەرھەلە ئۆزرە قويارمە، قورقۇتماڭ،
زەلىلى تەلبە بەسى باردى، كۆرمەدى خەتەرى.

① رەھگۇزەر — گۈزەر يولى، ئۆتەر يول.
② بەگىز — ئوخشاش (بەگىز ئەتمەك — ئوخشاتماڭ).

# رۇبائى، مۇخەممەس
# ۋە مۇستەزادلەر

# رۇبائىلەر

## 1. رۇبائى

ئەي، جۇملە جەھان ۋۇجۇدى سەندىن پەيدا،
ئاتەشكەدە①نىڭكى دۇدى سەندىن پەيدا،
ئاسارى② ئۇلۇغلۇقۇڭ بەلى زاھىر ئۇچۇن،
كۆك گۇنبەزىنىڭ كەبۇدى سەندىن پەيدا.

## 2. رۇبائى

نى مەئرىفەتى خۇدا، نى ئۆزنى تانۇپ❶،
ئۆتتۇم بۇ جەھان ئىچىدە بىرنەچچە❷ قونۇپ؛
ھەي-ھەي، نى گۇناھكار زەلىلى❸دۇرمەن،
شەب مەست، سەھەر بەنگى ۋۇروزانە③ جۇنۇب④.

---

① ئاتەشكەدە — ئوتقا تىۋىنغۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى.
② ئاسار—ئەسەرلەر، نىشانىلەر، بەلگىلەر.
③ روزانە — روز — كۈن، كۈندۈز.
④ جۇنۇب — بويى كىر، ناپاك.
❶ «ك»دە: تونۇپ.
❷ «ك»دە: ئىچىندە بىر كىچە.
❸ «ك»دە: قەلەندەر.

## 3. رۇبائىي

گەردۇنكى سۇزۇد ئىشقىدىن سەير ئەيلەر،
بۇ غۇلغۇلەدىن مەلايىكە تەير ئەيلەر؛
رەم① ئۇرمە زەللىلى مەئرىفەتدىن ھەرگىز(ك)،
دەرۋىش دۇئايى ساھىب خەير ئەيلەر.

## 4. رۇبائىي

شەيخان رىيايىكى سەھەر خىز ئېرۇر،
مىسۋاك② ئىلە دەندان③ تەمەئ تىز ئېرۇر؛
ھەر سوفى سەفا④ تاپماغۇچە سەۋمەئە⑤ ئىچرە،
شەيتان لەئىنچە فىتنە ئەنگىز ئېرۇر.

---

① رەم — ئۈركمەك، چۆچمەك.
② مىسۋاك — ئېغىز يۇيغاندا چىش تازىلايدىغان ئەسۋاب.
③ دەندان — چىش.
④ سەفا — ساپلىق، تازىلىق، پاكلىق، سۈزۈك.
⑤ سەۋمەئە — خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىسى، موناستىر، خىرىستىيان دەرۋىشلىرىنىڭ خەلقتىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىش جايى.
(ك) «ك»دە: فەرز ئولدى ماڭا ھەر نەفەسى ھەمد ئەيتماق.



## 5. رۇبائىي

ئەي، يارۇ بەرادەران ھەمراز،
قەبرىمدە قىلىڭلار نەغمە ئاغاز①؛
يۈز پارە بولۇپ قىلۇرمەن نالە،
چىققاي كەفەنىمدىن تۇرلۇك ئاۋاز.

## 6. رۇبائىي

يارەب، ماڭا بىر ھادى يولۇمغە بەرگىل،
مۇشكاتى② مۇھەممەدى قولۇمغە بەر گىل؛
ئوڭلانمادى فىرئەۋن③ نەفسى مۇكەددەر④
مۇسانىڭ ئەساسىنى سولۇمغە بەرگىل.

---

① ئاغاز — باشلانما، كىرىش، كىرىشمەك، باشلانغۇچ.
② مۇشكات — چىراغ تەكچىسى؛ قەندىل؛ ئاساس، دەستەك.
③ فىرئەۋن — قەدىمقى مىسىر پادىشالىرىنىڭ ئۇنۋانى؛ زالىم.
④ مۇكەددەر — كىر بولغان، بۇلغانغان.

## 7. رۇبائى

ھەر گەھ ـ گەھ گۆرستان ئىچىنى سەير ئېتەرمەن،
ھەسرەت مەيدىن① بىخۇد دىۋانە كېتەرمەن؛
مەردانە بولۇك ئەھلى قۇبۇرىكى ياتىپسىز،
مەن ھەم بۇگۇنۇ تاڭلا بۇ② مەنزىلگە يېتەرمەن.

## 8. رۇبائى

يارەب، گۇنەھىم مىنىڭكى بىھەد، تەۋبە،
قىلغان ئەمەلىم قەبۇل③ يارەد، تەۋبە.
مەھشەر كۇنىدە شەفائەتى قىلغايلەر،
ئەز ھۆرمەتى مەھمۇدۇ مۇھەممەد، تەۋبە.

---

① «چ»دە: ھەر مەيدىن.
② «چ»دە: مەن تەلبە بۇگۇن ـ تاڭلا.
③ «ك»دە: مەنىڭكى.



## 9. رۇبائى

ئەي شاھ خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدەمىڭدەكى غۇبارىڭ بولسۇن؛
بۇ سەلتەنەتۇ تۇغ ـ ئەلەم سەندە مۇيەسسەر①،
ھىممەت ئىلكىڭدە زۇلفىقارىڭ بولسۇن.

## 10. رۇبائى

قىش بولدى بەھارۇ چىمەن بىد قەنى،
مۇرغان سەھەر تىلىدە تەۋھىد قەنى؛
شاھان جەھان② بۇ زىرى خاك ئۇلماسالەر،
كەي خىسرەۋ، كەي قۇباد، جەمشىد قەنى.

---

① «ك»دە: ھىممەت بىلە بۇ تۇغ ـ ئەلەم جىلۋەگەر ئولدى.
② «ك»دە: شاھان كەيان (كەي قەۋمىنىڭ شاھلىرى).

## 11. رۇبائى

يەتمشكە ييـتپـدۇرمەن ئاغزىمـدە تـشم يوق،
هەفتاد دۇ مللەت ئىلگە ئەمدى ئىشم يوق؛
يارا نۇسا هبان جەهاندىن كەتتى،
غەمكىن مەنۇ مۇڭداشقالى بەهيات① كىشم يوق.

## 12. رۇ بائى

نوهى كى جەهان ئىچىدە دىلگىر② ئىدى، ئۆتتى،
هەيدەرچۇ ۋەلايەت③ بىلە بىر شىر ئىدى، ئۆتتى؛
مەنسۇر ئەگەرچەند ئىنەل هەق دىدى ئاخىر،
دەر قەيدى جۇنۇن بويىندا زەنجىر ئىدى، ئۆتتى.

---

① بەهيات (بەهيە، بەهييات) — ياخشى، ئوبدان، ئوچۇق.
② دىلگىر — غەمكىن، كۆڭلى سۇنۇق.
③ ۋەلايەت — ۋالىلىق، هاكىملىق، هۆكۈمدارلىق؛ ئەۋلىيالىق؛



## 13. رۇبائى

سيمىن بەدەنىكى ئىلكىدە گۈل بولغاي❶،
بويى گۈل هەم نەۋايى بۇلبۇل بولغاي؛
ساقىيۇ شەراب شەمئى مەجلىس رەۋشەن،
نەززارەسىگە زەللى ئەگەر قۇل بولغاي.

## (14. رۇبائى)

بولماي نەفسى مەئرىفەتىڭ ئىلمىدىن ئاگاه،
فەردايى قىيامەتدە نىتەرمەن مىنى گۇمراه؛
چۇن بەرق ئۆتتۈپ كەتتى بەسى قافىلەئى ئۆمۈر،
لاهەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاه①.

---

① ئاللادىن باشقا تايىنىدىغان هىچقانداق كۈچ - قۇدرەت يوق.
❶ «ك»دە: شەمئى چىمەنۇ شاهىد ساقىيۇ جانىم سەن.

## (19. رۇبائىي)

تا مەملەكەتى مۇلكى كۆكۈلنى ساڭا بەردىم،
ئىقلىم ئەناسىرنى چۇ بەرباد ئىبەردىم؛
ئەغيار① جەفا قىلدى دەغى ئۆززە ئەيتتى،
رو بەرمە گۇچە سۆزلەرىگە چىقمادى دەردىم.

## (20. رۇبائىي)

دېھقان كۆھەن سال② نەسھەت ئەيتىپدۇر،
ئالەمگە ئىكىن-ئەنجۇلەرىنى يايىتىپدۇر؛
رۇخسار بەھار ئۆمرىنى تىيرە قىلۇر،
ھەر ئادەمىكىم زادىكى سۇيىنى لايىتىپدۇر.

① ئەغيار — دۈشمەن، ياتلار، بىگانىلەر.
② كۆھەن سال — قېرى، ياشانغان.



## (21. رۇبائىي)

ئەي شەيخ ساڭا بۇ خانىقاھىڭ قەفەسى،
ئۇچ جەزبە تانابىنى تۇتتۇبان نەفەسى؛
سەن كىم سەنۇ، مەئرىفەت ئەيتماق كىمدۇر،
لۇقماڭنى پۇشۇراسەن بەدىكى① ھەۋەسى.

## (22. رۇبائىي)

دۇنيا چۇ رەبات، كارۋان ئادەمدۇر،
ھەر ئادەمنىڭ ئىچىدە يۈز ئالەمدۇر؛
مىڭ يىل ياشاساڭ جەھاندا چۇن نوھى نەبى،
ئاخىر ئۆلەسەن غەنىمەت ئۇشبۇ دەمدۇر.

① دىك — قازان (بەدىكى ھەۋەسى — ھەۋەس قازىنىدا)

## (23. رۇبائىي)

بۇقرات ھەكىم ساھىبى تەدبىر ئىدى، ئۆتتى،
جاماس فۇنۇن① بابىدا بىر ئەر ئىدى، ئۆتتى؛
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇنچە تەمام ئۆلدى بۇ ئالەم،
تۇش كۆردۇمۇ يا نۇسخەئى تەئبىر ئىدى، ئۆتتى.

## (24. رۇبائىي)

كۆڭلۈمنى خەزانە جەۋا ھىر بىلدىم،
تىل بەلكى گۆھەر ساچقالى ماھىر بىلدىم؛
تۇغيان ئېتەدۇر ھەر دەمى كەيفىيەتى باتىن،
كۆز شىشەلەرىدىن ئەردى زاھىر بىلدىم.

---

① فۇنۇن — پەنلەر، ئىلىملەر.



## (25. رۇبائىي)

شاھىكى گەدا خەيلى بىلەن يار بولۇپدۇر،
چۇغز① ئىلكىدە شۇڭقار گىرىفتار بولۇپدۇر؛
تۇركەن خىتا كۇفر ئېلىنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
رومى بەچچەلەر تالىبى زۇننار بولۇپدۇر.

## (26. رۇبائىي)

ئادەم تەنىگە گۆر ئىچىدە ھەر ۋەرەمى② داغ،
ئۆمرى ئۆتەدۇر بىھۇدە فىكرى ھەرەم باغ؛
دۇنيانى يىغىپ بىر كىشىگە بەرسە دىگەيكىم،
تا كۆزلەرىنىڭ كاسەسىگە تولماسا تۇفراغ.

---

① چۇغز — ھۇيتقۇش، ئۈكە.
② ۋەرەم — ئىششىق، كېسەل، كۆبچۇش.

## (27. رۇبائىي)

بۇ سىنە پۇردەرد ئېرۇر دەشت جۇنۇنۇم،
چۇن لالە تۆكەر نالە قىلىپچى بىلە خۇنۇم؛
بى رەھىملىكىڭدىن ساڭا قىلمايدۇر سىرايەت،
ئەرگەژدە ئەسەر ئەيلەدى تەسخىرى فۇسۇنۇم.



# مۇخەممەسلەر

## بىرىنچى مۇخەممەس

يۈزۈڭ ۋەسفىدە① ئەي گۈل كۆڭلۈمدە يۈزساھىبى سۇخەن پەيدا،
لەبىڭ نۇتقىدە ھەدسىز تۇتى شېكەرشىكەن پەيدا؛
ۋۇجۇدۇم كەربەلايى ئىشقىدۇر خۇنى ھەسەن پەيدا،
ھىجاب ئالغىل يۈزۈڭدىن ھەر دەمى بولغاندا مەن پەيدا؛
سەھەر باشىدىن ئاياغىڭ خىرمەنى گۈلگۈل چىمەن پەيدا.

زىھى ئۇزلەت نىشىن مەن ھىچ كىمگە ئۈلفەتىم يوقدۇر،
جەفا قىلغان سەرى ئالەم ئېلىدىن كۆلفەتىم يوقدۇر؛
ۋەفا دەرياسى ئىچرە سەن كەبى دۇررى يەتىم② يوقدۇر،
ئەبىر ئەفشانەئى مۈلكى خىتاغە ھاجەتىم يوقدۇر؛
گىرىھ③ زۇلفۇڭدىن ئاچقاندا بولۇرمۇشكى خوتەن پەيدا.

قارا كاكۇلنى جانا تابەكەي باشىڭغە يۆرگەيسەن،
گىرىھ سالماي خەمىغە تارىنى كافىرچە ئۆرگەيسەن؛
كىچە كۆرگەن تۈشۈڭنى چاشتگاھ ۋەقتىدە ئۆرگەيسەن،
جۇنۇن ئۇريان تېنىمغە پىرھەن تىكىشدە كۆرگەيسەن؛
رەگى جانىم بولۇپدۇر رىشتەئى تار كەفەن پەيدا.

كۆڭۈل تاپتى تەراۋەت باغلاردىن نەۋ بەھار ئولغاي،
شەھىدى ئىشقدۇرمەن قەبرىم ئۈستۈن لالەزار ئولغاي؛
مېنىڭ جان بەرمەكىم دىشۋار ئېرۇر قاشىمدە يار ئولغاي،
ئەدەم شەھرىگە يۈز كەلتۈرگەنىمدە ئاشكار ئولغاي؛
كى ھەر بىر مىسرەئى بەرجەستەلەردىن ئەنجۈمەن پەيدا.

قەبايى سەبزە بىرلە قامەتى رەئنانىڭ ئېرۈر دەربەر④،
مەلاھەت ئاسمانىدە يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن ئەنۋەر؛
خەتتۇخالىڭ سىپاھى ھۆسنى ئۆزرە ئەيلەدى لەشكەر،
بەرابەر ئەيلەدىڭ قاشىڭ بىلە زۇلفۇڭنى ئەي دىلبەر؛
قەنى مەنسۇرى ۋەقتى كۆرگەلى دارى رەسەن⑤ پەيدا.

چىراغ ئۆزرە پىرى پەرۋانەنى كۆرگىلكى چۆرگەيدۇر،
كۆيۈپ كۈل بولسە چەككەن مېھنەتىنى ئول قاچان دەيدۇر؛
ئىلاھا، سەبرى-تاقەت خىلئەتىنى بەندەگە كەيدۇر،
زەللى ياسمەنزار مۇھەببەتى سەير ئەيلەيدۇر؛
ئەگەرچە كۆزلەرىدە شاخۇ بەرگى نەستەرەن پەيدا.

---

① ۋەسق ــ ماختاش، سۈپەتىنى تەرىپلەش.
② دۇررى يەتىم ــ بىر سەدەپتە يالغۇز يېتىشكەن چوڭ دۇر - مەرۋايىت.
③ گىرىھ ــ چىگىش، تۈگۈن.
④ دەربەر ــ كىيمەك، كىينىمەك.
⑤ دارى رەسەن ــ دارنىڭ ئاغامچىسى.



# ئىككىنچى مۇخەممەس

ئەندەلىبى چارباغى مۈلكى تۈركىستان جۇدا،
قۇمرىيۇ شاخى دەرەخت ئەرئەرى بوستان جۇدا؛
لېيك جۇغزئەيلەپ مېنى ۋەيرانەگە سالدى خۇدا،
مەرھەبا سۇلتان ساتۇقى بۇغرا خانىم، مەرھەبا؛
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۈلكى ئەجەم① دەرلەر رەۋا.

سۈننەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان ئىسلام② ئېتىپ،
كافىرى سەھرا نىشىنلەر كۈندۈزىنى شام ئېتىپ؛
تىغى ئالەمگىر ئىلە ئالەم ئېلىنى رام ئېتىپ،
كاشغەرنى سەيقەلى ئايىنەئى ئىسلام ئېتىپ؛
ھەيبەتىڭدىن چىنۇماچىن ھەددىگە سالدىڭ نىدا.

فەتھ قىلدىڭ لەشكىرى بىسياز ھارۇن بۇغراخان،
دۇلدۇلۇڭنىڭ سۇمىدىن③ دەريادەك ئاقتى قان رەۋان؛
ئەۋلىيالارنىڭ قاتارىدا، بەلي، بەبرى بەيان،
بارىكەللاھ تىيرەئى كۇففارنى دەفئ ئەيلەبان؛
دىنۇ مەزھەپنىڭ چىراغىغە بېرىپدۇرسەن زىيا.

جوش قىلدى كۆزلەرىم فەۋۋارەسىدىن مەۋجى خۇن،
قامەتىم ئەينى ئەلىف ئەردى بولۇپدۇر مىسلى نۇن؛
تاپماغانىمدىن تەرىقەت يولىدا بىر رەھنەمۇن،
مەرغزارى ئەقلۇجانىم ئۆرتەدى بەرقى جۇنۇن؛
ئەبرى فەيزىڭنى ئىبەر، ئەي، كەئبەئى سىدقى سەفا.

ئوتلۇغ ئاھىمنى چىقارغان سىينەئى ئەفكاردىن،
گۇل جەفاسىنى چېكىپ گۇلشەن ئىچىدە خاردىن؛
سابىتى④ سەييارە ياڭلىغ كۆزلەرى بىداردىن،
پايمالى غەم بولۇپ قالغان زەللى زاردىن؛
سەد ھەزاران بەندەكى يەتكۇر ئەگەر يەتسەڭ سەبا.

---

① ئەجەم—ئەرەپلەردىن باشقا خەلقلەر (تۈركى خەلقلەر، پارىسىلار).
② ئىئلام—بىلدۈرۈش، ئۇقتۇرۇش، مەلۇم قىلىش.
③ سۇمم— تۇۋاق.
④ سابىت—تۇرغۇن، تەۋرىمەس، مۇقەررەر بولماق، ماڭمايدىغان؛ سەييارە چۆگۈلەيدىغان، ماڭىدىغان.



# ئۈچىنچى مۇخەممەس

جەفاۋۇ جەۋرە يەتكۈرگەچ سىپىھرى نىلۇفەر تەنھا،
قەدەم دەرۋازەئى فەقر ئۆزرە قويدۇم ئەلھەزەر① تەنھا؛
نىگارىم بىرلە مەن بىر گۇلشەن ئىچرە، خەلق دەر تەنھا،
قەلەندەرمەن جەھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەفەرتەنھا؛
چۇسىمۇرغكى پەرۋاز ئەيلەگەي بى بالۇپەر تەنھا.

تاپارغە دىنۇ دۇنيانىڭ رەۋاجىن ئارزۇ قىلماي،
بىھىشت ئايۋانىدا ھۆر ئىزدىۋاجىن② ئارزۇ قىلماي؛
رەيۇ رومۇ خىتا باجۇخىراجىن③ ئارزۇ قىلماي،
شەھى رويى زەمىننىڭ تەختۇتاجىن ئارزۇ قىلماي؛
گەدايى فەقر بولدۇم سەير ئېتەرمەن بەھرۇ بەر تەنھا.

دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۇم،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۇم؛
كۆزى ۋەقتى سەھەر سەييارە بولغان خەلقنى كۆردۇم،
فەنا شەھرىدەكى ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۇم؛
جۇنۇن تۇغيان ئېتىپدۇرھەر بىرىنى دەربەدەر تەنھا.

ئېلا④ ئەي تالىبى سادىق بۇدۇر ئەرزۇ بەيان بىلگىل،
ۋەلىيۇللاھنىڭ غايىبلەرنى سەن ئەيان بىلگىل؛
قارا تۇفراغ ئۆزۈڭ كامىلنى خۇرشىدى جەھان بىلگىل،
نەزەر تا قۇتبى ئالەم بولماغۇنچە بىگۇمان بىلگىل؛
نىچۈك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىب نەزەر تەنھا.

غەرەز كەۋنۇ مەكاندىن ئىشق ئىدى نى كانۇنى جەۋھەر،
مۇسۇلمان زادە بولساڭ ئەي بەرادەر ئەيلەگىل باۋەر؛
كىشى تا لائىلاھە يەئنى ئىللەللاھ دېمەس كافىر،
مۇھەببەتدىن نەسىمى سۇبھى سادىق بۇيى گۇل ئىستەر؛
قەنى ئۇل بۇلبۇلى بىچارەدىن ئاھى سەھەر تەنھا.

مەجازى شاھلەر دەرۋازەسىن ياستانماغىل زىنھار،
كىرىپ غارى فەناغە ياتقىلۇ ئويغانماغىل زىنھار؛
جىدفا يەتكەن بىلە مەردۇخۇدادىن تانماغىل زىنھار،
بەلادەشتى ئەگەرچە پۇرخەتەردۇر يانماغىل زىنھار؛
قەدەم مەردانە قوي بۇۋادىغە چۇن شىرى نەر⑤ تەنھا.

بۇگۇن مەخمۇرمەن پۇرمەغان ئىشىكىگە باش قويدۇم،
نەشەيخ ئالدىغە باردىم، نى بەرەھمەن سۆزىگە تۇردۇم؛
يولۇڭدا گەھ يىقىلدىم گاھى يۈردۈم گاھى ئولتۇردۇم،
سېنى ئەي نازەنىن تا كۆرگۈچە تەگىرىمگە تاپشۇردۇم؛
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەدى دەۋرى قەمەر تەنھا.



سەدايى نالە پۇر دەشتۇ بەيابان ئىچرە زىرۇ بەم،
قەنى مەجنۇن ۋەقتى ھال ئولۇپ رەقس ئەيلەگەي بىر دەم؛
مېنىڭ توفانى ئەشكىم مەۋج دەريادىن ئەمەسدۇركەم،
كۆكۈل گەنجىنەسىنى غارەت ئەيلەي دەپ سىپاھى غەم؛
تاماشا قىل بۇجەۋلانىمنى بى تىغۇ سىپەر⑥ تەنھا.

تىلەرسەن ھەيرەتى جان كۇلبەسىدە سۇھبەتى مەئشۇق،
يوق ئەتكىل ئۆزلۈكۈڭنى كەلمەگەي تاغەيرەتى مەئشۇق؛
ۋۇجۇدۇڭنى ئەدەم قىلماغىلىقىڭدۇر مىللەتى مەئشۇق،
مۇيەسسەر بولسە گەر مەھرەم سارايى خىلۋەتى مەئشۇق؛
زەلىلى غەيرى بىرلەن كىرگەلى بولماس مەگەر تەنھا،

---

① ئەلھەزەر — "ھەزەر قىل! ساقلان، ساقلا!" مەنىلىرىدىكى ئۈندەش سۆز.
② ئىزدىۋاج — ئۆيلەنمەك، جۈپ بولماق.
③ باج-خىراج — قارام ئەلدىن ئېلىنىدىغان سېلىق، خەلقتىن ئېلىنىدىغان سېلىق.
④ ئېلا (ئەلا) — ئاگاھ بولماق.
⑤ نەر — ئەركەك (شىرى نەر — ئەركەك شىر).
⑥ سىپەر — قالقان.

## تۆتىنچى مۇخەممەس

فۇرۇغى مەشئەلى ۋەھدانىيەت ئەيلەپ ئەسەر تەنھا،
شەھادەت① ئالەمىگە فەيز تولدى سەربەسەر تەنھا؛
ھەمە ئايىنەلەردە نۇرى ھەقدۇرجىلۋەگەر تەنھا،
نەيىستاندۇر② جەھان سەھراسى لېكىن نەي شېكەر تەنھا؛
تاپار بۇ نوشى دارو ئىستەسە ھەركىم ئەسەر تەنھا.

سەفايى باتىن ئەيلەپ ھەر نەفەسدە تازە بولغايسەن،
مەئانى شاھىدىغە بائىسى خەميازە③ بولغايسەن؛
گەدايى ئاستانى ھەردەرى دەرۋازە بولغايسەن،
ۋۇجۇد ئىقلىمىدىن جىق ساھىبى ئاۋازە بولغايسەن؛
سەدەفدىن چىقماغۇنچە قەدر تاپمايدۇر گېھەر تەنھا.

كۆڭۈل غەفلەتكە بەرمەي كۆزلەرىم بۇ كېچە بىدار ئول،
دەغى جانىم تەنىمدىن چىقغىلۇ جويان④ دىدار ئول،
خۇرۇشى خانىقاھۇ مەئرىفەتىدىن ساھىبۇدار ئول،
تەرىقەت يولىدىن دەرۋىشلەر ئەندەك خەبەردار ئول؛
كى ئەژدەرھايى ھەرمەنزىلدە بارماڭ بېخەبەر تەنھا.



قاتار كىرپىكلەرىڭنى ئوق ئاتىبان قاشلەرىڭ يا قىل،
نە شوخى شۆئلە كۆن سەن خىرمەنى جىسمىمغە بەريا قىل؛
سىرىشكىم قەترە-قەترە مەۋج ئېتەر گوياكى دەريا قىل،
شەبىخۇن كەلتۇرۇردە كۇفر زۇلفۇڭ كەل تاماشا قىل؛
قىلۇرمەن سەرسەرى ئاھىم بىلە زىرۇ زەبەر تەنھا.

يۇزۇڭنى سۇبھ دەرلەر بىلمەس ئەل مەشرىقىدەقى ئايدۇر،
ھەيادىن شەبنەمىنى گۇلشەنى ئالەمگە ساچمايدۇر؛
نە بائىسدىن يۇزۇڭگە دىلرەبا ئىشكىنى ئاچمايدۇر،
زەلىلىدىن پەرىزادى كەبۇتەر خەيلى قاچمايدۇر؛
كى ۋەھشى رام ئولۇپدۇر چەككەچ ئول خۇنى جىگەر تەنھا.

---

① شەھادەت — شاھىدلىق، گۇۋالىق؛ شەھىدلىك، دىن يولىدا ئۆلمەك.
② نەيىستان — قومۇشلۇق.
③ خەميازە — ئەسنەك.
④ جويان (جويا) — ئىستىگۈچى، تەلەپ قىلغۇچى.

# ئالتىنچى مۇخەممەس

چىقىپ شوخلۇقدىن مەھۋەشىم ئەزمى① شىكار ئەيلەپ،
جەھاننى قەتل ئېتەرگە قاشىنى چۈن زۇلفىقار ئەيلەپ؛
بەھادۇر كۆزلەرى كىرپىكلەرىنى نەيزەدار ئەيلەپ،
چۇ زۇلفى ئەنبەرىننى ھەلقە-ھەلقە مۇشكبار② ئەيلەپ؛
سەراپا گۈلشەنى ھۆسنىنى سەرجۇش بەھار ئەيلەپ.

قەنى بىر ئاشقى بۇ يولدا بىزگە ھەمسەفەر بولغاي،
چۇ ئىبراھىمۇ ئەدھەم ھەق يولدا دەربەدەر بولغاي؛
ھەزاران ئادەمدە بىر كىشى ساھىب نەزەر بولغاي،
ئەنەل ھەق سۇرمەسىدىن كۆزلەرىمگە چەكتىلەر بولغاي؛
كى بەندى ئۇستىخانىمنى تەنىمدە شەكلدار ئەيلەپ.

قىيا باقىشلەرىڭدىن ئەي سەنەم ھەر كوشەدە خۇندۇر،
بەسى قۇربانىڭ ئولغان تىرەئى خاك ئىچرە مەدفۇندۇر③؛
نەمازى ئىشق قىلماق مەزھەبى فەرھادۇ مەجنۇندۇر،
قىرائەت قاشلەرىڭ سەھرايى ئىچرە سۆرەئى نۇندۇر؛
زىھى زۇلفۇڭ يۈزۈڭنىڭ دۇرىنى لەيلۇ نەھار ئەيلەپ.



گەھى گەردۇن يۈزىدە مەئسىيەتدىن دۇدى ئاھ ئولدۇم،
گەھى زاھىدلەر ئىچرە مەشئەلى فانۇسى ماھ ئولدۇم؛
ئەگەرچە ئەۋۋەلۇ ئاخىر گەدالەر ئىچرە شاھ ئولدۇم،
قىنغانىكىم شوخلارسەر مەنزەلىدە خاكىراھ④ ئولدۇم؛
قەدەم تۇفراغىم ئۆزرە قويمادىلەر يەئنى ئار ئەيلەپ.

مەقامى جەئفەرى سادىقنى كۆردۈم بول ئەجەب جايدۇر،
مەدارى مۇلكى تۈركىستان ئىرۇر ئاتى قاراسايدۇر؛
ھىدايەت قىلغالى گۇمرەھلەنى⑤ ھەر لەھزە چىرلايدۇر،
زەلىلنى ئەدۇۋ گەر تىرەباران⑥ قىلسە قورقمايدۇر؛
ئىمامانى خوتەننىڭ چارباغىنى ھىسار ئەيلەپ.

---

① ئەزم—قەستلىمەك، كۆزلەش.
② مۇشكبار—مۇشك (ئىپار) ياغدۇرغۇچى، ئىپاردەك.
③ مەدفۇن—كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان.
④ خاكىراھ—ئۆزىنى پەس تۇتقۇچى، توپىدەك كۆرگۈچى.
⑤ گۇمرەھ (گۇمراھ)—يولدىن تايغان، ئازغان.
⑥ تىرە باران—ئوققا تۇتماق، ئوق ياغدۇرماق.

## يەتتىنچى مۇخەممەس

جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلمۇڭ داغىدىن باغرىمنى قان ئەيلەپ،
تەنىمنى تەختە بەندۇ دەرد قىلدىڭ ناتەۋان ئەيلەپ؛
سرىشكىمدىن سەفى مژگانلەرىمنى خۇن فىشان ئەيلەپ،
چېمەن سەيرىگە چىقتىڭ يۈز بىلە زۇلفۇڭ ئەيان ئەيلەپ؛
كەلامۇ ۋەززۇھا ۋەل لەيلىنىڭ① شەرھىن بەيان ئەيلەپ.

كەرەشمە بۇرقەئىنى ناگەھان رۇخسارەدىن ئالدىڭ،
گىرىفتار ئەتكەلى ئالەمنى تەبل② ئىشقىنى چالدىڭ؛
سىپاھى ھۆسن سوردى يۈسف ئورنىدە سەن قالدىڭ،
كۇلاھى شۆئلە كۈندىن شوخلەر خىيلىغە ئوت سالدىڭ؛
دەغى شەھلا كۆزۈڭدىن خەلقى ئالەمنى قىران ئەيلەپ.

ئەسىر ئولمايدۇ ھەرگىز سۇرمەئى سۇنبۇل ئۈچۈن كۆڭلۈم،
بەھار ئولمايدۇ ھەرگىز ئۆمرۈم ئىچرە گۈل ئۈچۈن كۆڭلۈم؛
گۈلستانى ۋىسالى يارغە بۇلبۇل ئۈچۈن كۆڭلۈم،
تەرەننۇم ئەيلەدى ھەر ھەلقەئى كاكۇل ئۈچۈن كۆڭلۈم؛
چېكەرمەن رەگلەرىنى نالەئى ئاھۇ فىغان ئەيلەپ.



قىيامەت قامەتا ئازادەلەر قەيدىڭدەدۇر بەندە،
ئاياغىم ئىستەرىڭدىن قالماغاي تا باش ئىېرۇر تەندە؛
نەفىكرى گۆرى كۆڭلۈم نى پەرۋايى كەفەن مەندە،
گۇزەر قىل قەبرىم ئۈستۈن ئەي شەھى خوبانىم ئۆلگەندە؛
يەقىن بارمە ۋەلىٰ شەمئى مازارىم ئىمتىھان ئەيلەپ.

سەفايى③ سۇففەئى④ ئەھلى سەفادىن تازەدۇر جانىم،
چېراغى مەئرىفەتدىن نۇر ئالۇر قەندىلى ئىمانىم؛
جۇنۇندىن پىراھىنلەر پارە قىلدى جىسمى ئۇريانىم،
بەھەمدۇللاھ كۆڭۈلدە قالمادى بىر زەررە ئەرمانىم؛
تەۋابى ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان ئەيلەپ.

سەھەر ئاھىمنى تىيرۇ ھەيئەتى⑤ قەددىمنى يا ئەيلەي،
مۇناجاتى ئەيلەرمەن بەسويى كىبرىيا ئەيلەي؛
چۇ زاھىد تا بەكەي تائەت قىلىپ ئەجەب رىيا ئەيلەي،
غۇبارى كوچەئى ئەھلى مۇھەببەت تۇتىيا ئەيلەي؛
كۆزۈمدىن قەترە ـ قەترە ئەشكى كەلكۈنۈم رەۋان ئەيلەپ.

بۈگۈن مەيخانەدىن ئەرتە سەدايى ئىشق بەردىلەر،
جەمالى ساقىئى مەھ رويىدىن گۈللەرنى تەردىلەر؛
دۇرۇدى بىنەھايەت ساغەرى تىلدىن ئىبەردىلەر،
ئىمامانىكى ماچىن ئىقلىمدە ياتقان ئەردىلەر؛
زەلىلى بۇ قارا يۈزىنى سۇردى زەئفەران ئەيلەپ.

① ۋەززۇھا ۋەل ـ لەيل ـ قۇرئاننىڭ 93 ـ سۈرىسىنىڭ باشلانمىسى.
② تەبل ـ دۇمباق، ناغرا.
③ سەفا ـ روشەن، ئوچۇق، روناق، پاك، پاكىز.
④ سۇففە ـ ئايۋان، سۇپا.
⑤ ھەيئەت ـ سۈرەت، كۆرۈنۈش، تۇرق (ھەيئەتى قەد ـ تەق ـ تۇرق، بوي ـ تۇرق)



## سەككىزىنچى مۇخەممەس

پەرى رۇخسارەكىم چىھرەسىنى ئەلدىن نىھان ئەتكەچ،
فەرىبى كۆزلەرىنى فىتنەئى ئاخىر زەمان ئەتكەچ؛
بەيابانى ئەدەمدە پەيكەرىمنى① لەختە قان ئەتكەچ،
چۇ دۇربار② روشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ؛
ھەياتۇ خىزرى تاپتىم قەتئى مەنزىل تەركى جان ئەتكەچ.

نەزەر سالمايدۇ ئاشىق جىلۋە قىلسە دەھ ھەزاران ھۇر،
گۈلى باغى بىھىشتى دىلرەبا نىز③ سۈرەتى زەينۇر؛
چىراغى مەجلىسى رىندانە④ ئالۇر پۇرمەغاندىن نۇر،
تەفەررۇج قىل دىلۇجاننى...؛
ئەنەل ھەق رەمزىنى بىر قەترەئى مەيدىن ئەيان ئەتكەچ.

ھەۋايى چىنۇماچىن نىمشەبدە مۇشكىبىز⑤ ئولدى،
فىراقى كاكۇلۇڭدىن ئوتلۇغ ئاھىم شۆئلەرىز ئولدى؛
دەمى تىغى زەبانىم شانەئى زۇلفۇڭچە تىز ئولدى،
بۇگۇن باغۇ گۈلىستان گۈللەرى خۇش بەرگى رىز ئولدى؛
سەھەر ھويى چىكەردە سەرسەرى ئاھىم خەزان ئەتكەچ.

ماڭا خەيلى جۇنۇندىن قاسىدى⑥ يەئنى خەبەر بەردى،
تەنىگنى ئەيلەدىلەر مەئرىفەتدىن تەختە پەر بەردى؛
كۆڭۈلدە بولدى پەيدا بۇ رەمۇزى ئىشقدىن گەردى.
مېنى مۇنداغ بەلادەشتىدە تەنها قويماغاي ئەردى؛
كى قەدرى گەۋھەرى قىممەت بەھانى ئىمتىھان ئەتكەچ.

بەھارى كەربالا رەڭ ئالماين گۈلگۈنە قانىمدىن،
سەدايى نەغمەئى ئىشقىڭ كۆلۈرمۇ خەستە جانىمدىن؛
خەلايىقغە نەبارى تاشلايىن دەلقى گەرانىمدىن،
زەلىلى تەرك ئېتىپ ئالەمنى كەچتىم خانەمانىمدىن؛
بەلى، ئازادەلەرنى كۆڭلۈم ئىچرە مېھمان ئەتكەچ.

---

① پەيكەر—گەۋدە، بوي، جۇغ؛ سۆرەت.
② دۇربار—دۇر ياغدۇرغۇچى.
③ نىز — يەنە، تېخى.
④ رىندانە—رىندلەرچە.
⑤ بىز — "سەپكۈچى، چاچقۇچى" مەنىلىرىدە.
⑥ قاسىد—خەۋەرچى، خەت توشىغۇچى؛ قەست قىلغۇچى.



## توققۇزىنچى مۇخەممەس

ئەگەرچە تىفلى تاشى باشىم ئۆزرە سەنگسارىمدۇر①،
ۋەلې پىنھان ئالۇرغە ئەل كۆزىدىن كۇھسارىمدۇر؛
سەراپا ئۇستىخانىم تەختە بەندى چۇبې دارىمدۇر،
تەنىمدە داغلار مەشقى جۇنۇندىن لالەزارىمدۇر؛
سەۋادى چەشمە ئاھۇ شۆئلەئى شەمئى مازارىمدۇر.

كۆڭۈل نەقدىنى تاراج ئەيلەدى غارەتگەرى② زۇلفۇڭ،
قەبىم دىۋانەلەرگە ئەي شەھى خوبان سەرى زۇلفۇڭ؛
مۇئەتتەر قىلدى گۈلشەن گۈللەرىنى ئەنبەرى زۇلفۇڭ،
ھۇجۇم ئەتكەندە فەۋجى كاكۇلۇڭ يا لەشكەرى زۇلفۇڭ؛
كى نەقى③ لا ئىلاھە سەۋتى ئىللەللاھ ھىسارىمدۇر.

رەفىقىم گەردى بادى ۋەھشەت ئولدى مەنزىلىم ھامۇن،
كۆرۈپ رەسۋالىغىمنى ئافەرىن دەر تەلبەۋەش مەجنۇن؛
ئۆزۈم ئەۋۋارەۋۇ ئەقلىم پەرىشان كۆزلەرىم پۇرخۇن،
شەفەقدىن ھۇللەئى④ گۈلگۈن دىمەگلەر ئەرسەئى گەردۇن؛
جىگەر قانى بىلە رەڭ ئەيلەگەن ڤەيزى بەھارىمدۇر.

نەفەس سالغانى گويا ھەر تەرەفكە تىير ئەژدەرھا،
تەلەبىم تەننى سىندۇرماق ئىرۇر تەدبىر ئەژدەرھا؛
بەتەھقىق ئاگىلادىم ئەفسۇن ئەمەس زەنجىر ئەژدەرھا،
مەراھىل⑤ تەي قىلۇرمەن قويماسا گەر شىر ـ ئەژدەرھا؛
دەمى تىغى زەبانىم ئول مەھەلدە زۇلفىقارىمدۇر.

سەياسەت تىغىنى تىز ئەيلەسە يەئنى سىتەم بىلمەڭ،
جەفايى ئول مەھى نا مېھرىبانىنى سىز ئەلەم⑤ بىلمەڭ؛
سىپېھرى نىلكۇنغە چىقسە ئاھىمنى ئەلەم⑥ بىلمەڭ،
سەدايى ئەرغەنۇندىن نالەئى ئاشىقنى كەم بىلمەڭ؛
فىغانىم نەفەلەكدىن ئۆتتى لېكىن پەردەدارىمدۇر.

كۆڭۈل تا سومىناتى ئىشقىدۇر قىبلەدىن فارىغ،
جەھان پۇرگوفتگويى ئىشق ئولۇپدۇر...فارىغ،
رىيايى خانقاھدە شەيخلەر بۇ جىلۋەدىن فابىغ،
زەلىلى بولمادىڭ تاڭ ئاتقۇچە سەن جەزبەدىن فارىغ؛
دەغى مەھفەل ئىچىدە ھايى ـ ھويى كىرۇدارىمدۇر.

---

① سەنگسار ــ تاشلىق جاي؛ ئادەمنى بېلىگىچە كۆمۈپ، تاش بوران قىلىش.
② غارەتگەر ــ بۇلاڭچى.
③ نەقى ــ پاك، تازا، خالىس.
④ ھۇللە ــ تون، چاپان.
⑤ مەراھىل ــ مەنزىللەر.
⑥ ئىككىنچى مىسرادىكى "ئەلەم" ــ دەرد ـ ئەلەم، ئۈچىنچى مىسرادىكى "ئەلەم" ــ بايراق، تۇغ.



## ئونىنچى مۇخەممەس

جۇنۇن پىراھەنى تۇرماي تەنىمدە بەسكى ئۇرياندۇر،
قىزىق ياشىم كۆزۈم فەۋۋارەسىدىن جوش توفاندۇر؛
گۈلى داغى مۇھەببەت لاجەرەم سىينەمدە پىنھاندۇر،
كۆڭۈل ئەۋراقىنىڭ شىرازە بەندى زۇلفى جاناندۇر؛
بەلې ھەر بىيجىتابى تابى تۈشكەن رىشتەئى جاندۇر.

جەھانغە پۇر بولۇپدۇر ئافتابى دەۋلەتى دىدار،
تاماشا قىلغالى يوقدۇر ۋە لېكىن دىدە ئى① بىدار؛
ساچى سەر فىتنەئى دەۋرانلىقىنى ئەيلەدى ئىزھار،
قارا قاشىنى كۆردۈم سەفھەئى ھۆسنىدە مىسرەئۋار②؛
كى ئىماۋۇ ئىشارەت ئەيلەدى تۇغرايى دىۋاندۇر.

تىلىم دەم ئۇرمادى زۇلفۇڭ قاشىدا مۇشكۇ سۇنبۇلدىن،
كۆڭۈل سۇ ئىچمەدى سەھنى چىمەندە شەبنەمى گۈلدىن؛
دىماغىم چاشنىئى③ تاپمادى فەرياد بۇلبۇلدىن،
ھەدىسى خەتتۇخالىڭ قىلمادىم يا ھەرفى كاكۇلدىن؛
كي ئىمان كەلتۈرۈپ بولماس بۇلارغە كافىرىستاندۇر.

كىتابى مار بازان ئىچرە يوق تەفسىرى ئەژدەرھا،
بەجۇز④ ئەفسۇنى بازى ھەيكەلۇ⑤ تەسخىرى⑥ ئەژدەرھا؛
شەھادەت بەردىلەر يارسەن ئىرۇر شەمشىرى ئەژدەرھا،
بۇ دەۋرى پىشە ئىچرە بى نەھايەت شىرى ئەژدەرھا؛
زەبانى زۇلفىقارىم بولماسا ئەقلىم ھەراساندۇر⑦.

سەمەندەرمەن چۇ بۇلبۇل گۈل ۋىساقىن⑧ مىننەتىن چەكمەم،
ئۆزۈمچە جان بىرۇرمەن مەرگ ئاياقىن مىننەتىن چەكمەم؛
فەرىدۇن تەختى بىرلەكىسرا⑨ تاقىن مىننەتىن چەكمەم،
مەجازى شاھلەر قەسرۇ رەۋاقىن مىننەتىن چەكمەم؛
مېنى دىۋانەگە توققۇز فەلەك خۇش تاقۇ ئايۋاندۇر.

نىشانى ئىشقدۇرداغكى جانۇ تەن ئارا كۆسەك،
غۇبار ئالۇدەدۇر خاكىستەرى گۈلخەن ئارا كۆرسەك؛
تەراۋەت ياردىندۇر رەۋنەقى گۈلشەن ئارا كۆرسەك،
لىۋايى⑩ مەئرىفەت بىل ۋادىئى ئەيمەن ئارا كۆرسەك؛
دەرەختى كىم تەجەللى نۇردىن ھەر شاخى لەرزاندۇر.

فىراق ئىلكىدە ئەي يەئقۇب جانىم بولماغىل دىلگىر،
قەزاغە رو بىرىپ قىلغان ئەمەستۇر ھىچكىم تەغيىر؛
ئەزىزى مىسرىنىڭكى خوبىغە يۇسۇف بىرۇر تەئبىر،
نەغەم تۇشسە جۇنۇندىن يەتتە ئەئزاروزە پۇر زەنجىر؛
مەلامەت ئەھلىنىڭ ئىنگارى⑪ بىلدىم جوشى سۇھاندۇر⑫.



قەبايى قىرمىزى كىيگەچ قەدىغە فىشەدىن دىلبەر،
كۇلاھى شوخى رەڭ ئامىزنى كەجى⑬ ئەيلەدى دەرلەر؛
بەناگۇشۇ يەدى بەيزا مىكىندۇر تۇرفە سىيمبەر،
قايا باقماغلىقى كافىركۆزىنىڭ دەۋرى مەھ خەنجەر؛
چۇ مۇرغى نىم بىسمىل ھەر تەرەف ئىشق ئەھلى نالاندۇر.

نە ئابىدلەر ئىبادەت ئەيلەپ ئاخىر بۇتپەرەست ئۇلدى،
تەكەببۇر نەردبانى⑭ كۆپ بەلەند ئەردىيۇ پەست ئۇلدى؛
مەقامى مەئرىفەتدە دەست بەر بالايى دەست⑮ ئۇلدى،
بەرەھمەن دەير ئىچىدە بۇيى ئىمان بىرلە مەست ئۇلدى؛
ھۇنۇز ئەۋۋەل قەدەمدە بۇ زەلىلى نا مۇسۇلماندۇر.

---

① دىدە — كۆز.
② مىسرەئۋار — مىسراغا ئوخشاش.
③ چاشنى — تەم، تېتىق، مەزە؛ تېتىماق؛ بەھرە.
④ بەجۇز — ئۆزگە، باشقا.
⑤ ھەيكەل — زور گەۋدە؛ چوڭ ئىمارەت، ئىبادەتخانا؛ شەكىل؛ تۇمار.
⑥ تەسخىر — قولغا كىرگۈزۈش، رام قىلىش، ئىلىنتۇرۇش.
⑦ ھەراسان — قورققۇچى، قورققاق.
⑧ ۋىساق — ئۆي، خانا.
⑨ كىسرا — خىسراۋ، ساسانى پادىشاسىنىڭ لەقىمى.
⑩ لىۋا — تۇغ، بايراق.
⑪ ئىنگار — گۇمان، خىيال.
⑫ سۇھان — ئىكەك؛ ھەرە.
⑬ كەج — ئەگرى، قىڭغىر.
⑭ نەردبان — شوتا.
⑮ دەست — قول؛ بالايى دەست — قولى يۇقۇرى، قۇدرەتلىك، كۈچلۈك.

## ئون ئىككىنچى مۇخەممەس

باشىم ئەگەرچە گۇنبەزى ئايىنەخانەدۇر،
ياشىم مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مۇرغىغە دانەدۇر؛
دەريايى ئەشك كۆز ئىچىدىن بې كەرانەدۇر،
ھەر شۆئلەئىكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانەدۇر؛
ئەھلى جۇنۇنغە شۆئلە ئەمەس تازيانەدۇر.

ھەمدۇ سىپاس① لايىقى پەرۋەردەگار ئىرۇر،
پەرۋەردەگار ئالەمى ھەژدە ھەزار ئىرۇر؛
ئىلىم قەدىمى لەم يەزەل② ئىچرە بار ئىرۇر،
قۇدرەتلەرىگە زاھىر ئىتەرجان نىسار ئىرۇر؛
بىر غەمزەئى كەرەشمەدە يۈزمىڭ بەھانەدۇر.

مۇرغان دىل قاناتىنى تا قىلماسا رەسا③،
فەھم ئەيلەگەيمۇ مۆئجىزەئى موسايى ئەسا؛
زاھىد غۇرۇر تائەت ئىلە قىلماغىل بەسا،
ئالىمنى زاھىر ئەيلەردى، فاسىقنى فەرسا④؛
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.



دىدارى دوست ئەل كۆزىدە بولماسا ئەيان،
قايدىندۇ نۇر پەرتەۋى ئەنۋار بۇ جەھان؛
قاسىرە⑤ نىگكى ھەمدىگەدۇر بولسە مىلك زىيان،
ھەم بارگاھ سەلتەنەتى يەتتە ئاسمان؛
مەشئەلى سىتارە ھەربىرى بىر شاميانەدۇر.

زەۋق فىغانۇ نالەدۇ مەھبۇب ئەھلى دىل،
كور بولدى كۆزۈ يىغلادى يەئقۇب ئەھلى دىل؛
سەبرى ئەتتى ئاھ چەكمەدى ئەييۇب ئەھلى دىل،
پەرۋاز ئېتەردە يىغلادى مەجزۇب⑥ ئەھلى دىل؛
شاخى دەرەخ تۇبى ئۆزە ئاشيا نەدۇر.

ساقى يۈزىگە بۇرقەئى نازىنى پۆركەدى،
ساغەر مەيىنى كەۋسەرۇ زەمزەم دۇرۇر دىدى؛
ئوتلۇغ جەمالى خىرمەنى ئەقلىمنى ئۆرتەدى،
تەلقىنى ئىشق پىرى تەرىقەتكى ئەيلەدى؛
سالدىم بۇ جان قۇلاقىغە دۇررى يىگانەدۇر.

زىنھار يار بادەئى غەفلەتنى تاتماغىل،
بىستەرى بىھىشت ھىللەسىدىن بولسە ياتماغىل؛
مەن ئاشىقۇ بەلاكەشۇ زاھىدغە قاتماغىل،
يادەك قاشىڭدە كىرفىك ئوقىن ئەلگە ئاتماغىل؛
تىيرى قەزاغە سىينەئى ئاشىق نىشانەدۇر.

ئەترافى باغ چېيرە⑦ ئەجەب لالە كۆن بولغۇن،
قەبرى ئىمامۇ جەئفەرى تەييارخۇن بولغۇن؛
چمقتى كۆڭۈل ھىساردىن دۇنيايى دۇن بولغۇن،
ساقى سۇراھى شىشە بىلە سەرنىگۇن⑧ بولغۇن.
مەجلىسدە بەسكى نالەئى نەي ئاشقانەدۇر.

سىندى سۇراھى باقمادى دۇرئىچرە مەست جام،
مۇترىب مۇغانە⑨ ئەيلەدى قىلسامىمكىن قىيام؛
تا چاشنىئى تاپماسا تائەت چۇ نا تەمام،
دەرياۋۇ كۇھ دەشتى جۇنۇن ئەيلەدى مەقام؛
ئەۋۋارەكى ھەمدەمۇ چاكۇ چەغانەدۇر.

رام ئولماي دەرىغ ماڭا ئاھۇيى خوتەن،
مۇشك ئولمادى ھۇنۇز تىلىم بىرلە جانۇ تەن؛
غۇربەت ئىچىدە بولسام ئايا ساھىبى ۋەتەن،
ھازىر كۆرەرمە ھەر نەفەسى كۆڭلۈم ئىچرەمەن؛
ھەي-ھەي، زەللى يار ئەگەر ئاشقانەدۇر.

---

① سپاس — ماختاش، مىننەتدارلىق.
② لەم يەزەل — يوقالماس، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان.
③ رەسا — ئىگىز، بۈيۈك، يېتىلگەن، تولغان، ئۆتكۈر.
④ فەرسا — بۇزغۇچى، توزدۇرغۇچى.
⑤ قاسىر — كوتا، قىسقا، كالتا؛ كۈچسىز، ئاجىز.
⑥ مەجزۇب — تارتىلغان، قىزىقتۇرۇلغان، بېرىلگەن؛ ھەيرانلىقتا قالغان.



دىۋانە؛ جەزبەسى تۇتقان.
⑦ چېيرە — ئەپلىك، ئەپچىل، چاققان.
⑧ سەرنىگۇن — بېشى تۆۋەن؛ رەسۋا، شەرمەندە.
⑨ مۇغانە (نەغمەئى مۇغانە) — مەيخانىدە ئورۇندىلىدىغان چالغۇ ۋە ناخشا.

# ئون ئۈچىنچى مۇخەممەس

يۈزۈڭگە بىخۇدانە سەجدە قىلدىم بى رىيا دەرلەر،
ئۇلۇغلۇق ھۆرمەتىدىن ئاستانەڭ كىبرىيا دەرلەر؛
تەنىم كۆرگەچ بۇ تۇفراغ ئۆزرە نەقشى بورىيا دەرلەر،
قارا قاشىڭنى، ئەي زالىم، كۆرۈپ ئىشق ئەھلى "ھا" دەرلەر؛
دەغى ئول ئەنبەر ئەفشانىڭ تۈتۈن يا ئەژدەھا دەرلەر.

پەرىزادى ئىرەمدىن① سەن زىيادە جىلۋە ئەيلەپسەن،
قىيامەت قايىم ئولغاندا يۈزۈمنى كۆرسەتەي دەپسەن؛
شەرارۇ شۆئلە كۆنىڭ ئىشقىدىن جانىمنى ئۆرتەپسەن،
چىمەن زارى كۆڭۈلنى غۇنچە ياڭلىغ داغ ئەيلەپسەن؛
تاماشا ئەيلەگەن گوياكى دەشتى كەربەلا دەرلەر.

شەبى ھىجران ئىرۇر ياد ئەيلەرەم رۇخسارەئى ماھىم،
چۇ ئەژدەرھايى ئاتەش ئوت سالۇر ھەر پېشەگە ئاھىم؛
رەفىقىم گىرد بادى② ئىشق ئولۇپدۇر دەرد ھەمراھىم،
مۇھەببەت ئىقلىمىنىڭ تاجدارى سەن ئايا شاھىم؛
تەرىقى مەملەكەت تۇتماغلىقىڭنى خوش ئەدا دەرلەر.



سەلام ئەيتىڭ سەبا ماھى خوتەندىن چىنۇ ماچىنغە،
پەيام ئەيلەڭ دەغى ئول سىيمتەندىن چىنۇ ماچىنغە؛
بۇ غۇربەتنامەنى بەرگەيسە مەندىن چىنۇما چىنغە،
توشۇپدۇر شۆھرەتى ئاۋازە سەندىن چىنۇما چىنغە؛
خەتادىن ساچلەرىڭنى بىلمەيىن مۇشكى خىتا دەرلەر.

دەبىرىستان③ دەرىدىڭدە بىرۇر دەرسى مۇھەببەتدىن،
بەغەير ئەز داغ ھاسىل بولمادى كۆڭلۈمدە ھەسرەتدىن؛
گىرىبان تابدا مەن چاك ئېتەرمەن بەسكى غەيرەتدىن④،
لەبى لەئلىڭدە كۆرگەچ نۇقتەئى خالىڭنى غەيرەتدىن⑤؛
غۇلامى ھىندۇۋى لەشكەر فۇرۇشى بى بەھا دەرلەر.

سەھەر گەردۇنغە يەتتى چەككەنىمدىن ئاھ پۇر دەردى،
گۇۋاھىمدۇر كۆزۈمنىڭ ياشى بىرلە چېھرەئى دەردى؛
بۇ كېچە شوخلۇقدىن دىلرەبا غەيرىگە يار ئەردى،
قىزىل باشىم سارىغ چېھرەمگە ھەي-ھەي زىننەتى بەردى؛
زەلىللىنىڭ يۈزىدۇر يا سەۋادى كىميا دەرلەر.

---

① ئىرەم — ئەپسانىۋى بىر گۈزەل باغنىڭ نامى.
② گىردباد — ئىسسىق شامال، ئوتتەك ۋىل-ۋىل قۇيۇن.
③ دەبىرىستان — مەكتەب (ئەسلى، يېزىق ئۆيى).
④ غەيرەت — تىرىشماق، سەئى ھەركەت.
⑤ غەيرەت — رەشك، قىزغىنىش.

# ئون تۆتىنچى مۇخەممەس

غۇنچە بەرگىدىن نىقابى ئەتلەسۇ دىباسى① بار،
سەبزە شەبنەمدىن چىمەندە ساغەر سەھباسى بار؛
سۇبھى سادىقنىڭ ئەگەرچەندى يەدۇ بەيزاسى بار،
نىمچە نارىنجى② سەنەمنىڭ ئۇسمادىن قاش ياسى بار؛
قىرمىزى ساچباغ ئىچىدە كاكۇل ئەژدەرھاسى بار.

جۇملە جان پەرۋانەدۇر ۋەسلىڭ چىراغى ئۆززە كۆر،
شۆئلە گۇلگۇن پوش ئىبرۇر سىنەمدە داغى ئۆززە كۆر؛
سەرۋى ئەرئەر③ قامەتىنى چارباغى ئۆززە كۆر،
زەئفەران مەندىن قىزىل بەخمەل تۇماغى ئۆززە كۆر؛
زەرنىگارا④ قۇببەئى شاھەند⑤ ئىستىغناسى بار،

بىرفەرەنگى زادەئى كافىرنى مەن تاپقان ئۇچۇن،
شوخلۇقىدىن جانغە تەبل ئىشقىنى قاققان ئۇچۇن؛
چىنۇ ماچىننى قىيا ياتقانىدا چاپقان ئۇچۇن،
زۇلفى چىنى ئارىزىنىڭ ھالىدىن...
لەشكەرى شامۇ ھەبەشنىڭ روم ئىلە غەۋغاسى بار.



ئەي سەبۇك بارانە ساھىل بىھۇدە قىلماڭ نىدا،
قۇلزۇمى ئاۋارە⑥لىكدە قىلدى سەرگەردان خۇدا؛
تەختە بەندى كىشتىئى تەن بولدى بىر-بىردىن جۇدا،
زەۋرەقى ⑦سەبرىم نەزەردە جىلۋەگەر قىل ناخۇدا؛
مەجمەئىل بەھرەين⑧ ياشلىغ كۆزلەرىم دەرياسى بار.

ساچلەرىڭنىڭ تارىغە ئالەمنى شەيدا ئاقلادىم،
شەرھۇ تەفسىرى خەتۇخالىڭنى قەيدا ئاقلادىم؛
سۆرەئى ۋەللەيلنى زۇلفۇڭدا پەيدا ئاقلادىم،
مۇسھەفۇ قۇرئاننى يۈزۈڭدە بويدا ئاقلادىم؛
سۆرەئى نۇنۇل قەلەمدىن قاشلەرىڭ تۇغراسى بار.

چاكۇچاك ئولغان كۆڭۈل سوراخى بىلگىل جەيب⑨ ئەمەس،
دەفتەرىم ھەققانىيەتدىن پەردە ئىلەر يىپ ئەمەس؛
گۇلرۇخى پەيۋەستە ئەبرويى نەزەردىن غەيب ئەمەس،
نالەئى بۇلبۇلغە كۆڭلۇم ھەمدەم ئولسە ئەيب ئەمەس؛
نارباغى گۇلشەنى ماچىندە بى پەرۋاسى بار.

كى ئىمامى جەئفەرى سادىقنى مەن تەۋف ئەيلەدىم،
كى ئەبا ⑩يۇ خىرقەۋۇ ۋەيسى قەرەن تەۋف ئەيلەدىم؛
چۇن سەبا تەرفى گۇلىستانۇ چىمەن تەۋف ئەيلەدىم،
خۇش سەئادەتدۇر شەھىدانى خوتەن تەۋف ئەيلەدىم؛
كۆرمەيىن قالغان بۇ ئىقلىمدە خىتا سەھراسى بار.

گەرچە پەردازى ئىبارەت قىلمادىم ئەي نۇكتەدان⑪،
مىسرەئى بەرجەستەئى رەنگىنى دۇر تۇمار جان؛
ھەرفى ھەر بەيتىمدە يۈز مىڭ ئەرغىنۇن ئەيلەپ فىغان،
بۇ غەزەلدە بىلمەسە ھالىمنى ئول نامېھرىبان؛
دەفتەرى ھىجران ئاچىپ كۆرسۈن نىچۈك ئىنشاسى بار.

جامى ۋەھدەتدۇر ئىلىكىم ئۆزرە جامۇجەم ئەمەس،
ئەقل ئەگەر رەسۋا بولۇپدۇر خاتىرىم پۇرغەم ئەمەس؛
چاشنىئى ئىشقدىن تاپماي كىشى ئادەم ئەمەس،
مەئلۇم ئولدىكىم زەلىلىنىڭ جۇنۇنى كەم ئەمەس؛
تەلبە باشىدا پەرىلەرنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

---

① دىبا — نىپىز، نەقىشلىك يىپەك رەخت.
② نارىنجى (نارەنجى) — نارەنجىگە ئوخشاش؛ سېرىق تۈسلۈك.
③ ئەر ئەر — تاغ سەرۋىسى، تاغ تېرىگى.
④ زەرنىگارا — ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان، زەر بىلەن بېزەلگەن
⑤ شاھەندە — پەرھىزكار، ياخشى، دۇرۇس.
⑥ ئاۋار (ئاۋارە) — قىزىق، ھەرارەت، ئوت.
⑦ زەۋرەق — قېيىق.
⑧ مەجمەئ — يىغىندى، مەجمەئىل بەھرەيىن — ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇشى
⑨ جەيب (جىب) — كۆڭلەكنىڭ ياقىسى.
⑩ ئەبا — قېلىن ۋە يوغان يۇڭ چەكمەن تون؛ يەڭسىز تون.
⑪ نۇكتەدان — سۆزنىڭ ئىنچىكە مەنىسىنى چۈشەنگۈچى، ئەقلى يېتۈك، زېھنى ئۆتكۈر.



## ئون بەشىنچى مۇخەممەس

خاھى دەير ئىچرە ھەمىشە ساھىبى زۇننار بول،
خاھى مەسجىدىدە ئىمامۇ ۋائىزۇ گۇفتار بول؛
ھەرنە بولساڭ بول ۋە لېكىن مەردۇ بى ئازار بول،
ئەي كۆڭۈل دۇنيانى تەرك ئەيلەپ گەدايى يار بول؛
كى كۇلاھۇ خىرقەئى پەشمىن قەلەندارۋار بول.

ئىشقدىن تاپتى بەھارى باغ جانى ئاشىقان،
ۋادىئى جوشى بەلا بولدى مەكانى ئاشىقان؛
خىزمەتى ئۇستاد كامىلدۇر دۇكانى ئاشىقان،
گەر مۇيەسسەر بولسە بۇ دەلقى گەرانى ئاشىقان؛
ھىندۇ رومى تۇببەۋۇتەھ① نۇقرەدىن بىزار بول.

رەسمۇ راھى مەئرىفەتدۇر ئەۋۋەلى تەركى ۋۇجۇد،
سۇننەتۇ ئەھلى جەماغە قەئدەۋۇ زىكرى سۇجۇد؛
سىنەئى دەرۋىشلەر ئوتدۇر ۋەلې قىلمايدۇ دۇد،
بىستەرى كىمخابۇ زەررىن بىرلە ئەتلەسدىن نەسۇد؛
بورىيايى فەقر ئۆزرە كېچەلەر بىدار بول.

ئالەمۇ ئادەم زۇھۇر ئەتكەيمەدى سەن بولماساڭ،
گەۋھەرۇ گەنجى مەئانىلەرغە مەخزەن بولماساڭ؛
قوي قەدەم مەردانە بوۋادىغە گەر زەن بولماساڭ،
ۋاقىفۇ ئەھۋال...چىلتەن بولماساڭ؛
ھەم سەدايى ھاي-ھويى گۇنبەزى دەۋۋار② بول.

مەھرەم ئەرمەستۇر نىگارنىڭ سۆھبەتىدە جانۇ تەن،
سەدھەزار ئادەم بۇ دەئۋادىن كىيىپدۇرلا كەفەن؛
گەرمۇسافىرسەن موغۇل ئىقلىمىدە يا بى ۋەتەن،
تەۋق قىلغاندىن كېيىن قەبرى شەھىدانى خوتەن؛
ئېئتىقاد ئەيلەپ غۇلام جەئفەرى تەييار بول.

كىم رىيايى خانىقەھدىن چىقمادى ئۆمرى ئەبەس،
مەقسەدىڭ پىرى مۇغاندۇر كوشەئى مەيخانە بەس؛
راست بولغىل، خىزمەتىڭ قىلغاي بارى دۇزدۇ ئەسەس③،
مەجلىسى ھەفتاددۇ مىللەتنى گەر قىلساڭ ھەۋەس؛
چۇن بەرىشىمدەك④ مۇلايىم نەغمەئىگە تار بول.

بىخەبەرسەن گىرۇدار ئەييامى، ئەي ئەھلى جۇنۇن،
بىھىتابى زۇلفى يار ئەييامى، ئەي ئەھلى جۇنۇن؛
بىقەرار ئەتكەن خۇمار ئەييامى، ئەي ئەھلى جۇنۇن،
بادە ئىچسەڭ گەر بەھار ئەييامى، ئەي ئەھلى جۇنۇن؛
قىرمىزى لەبلىك سەنەمنىڭ يادىدا گۇلنار بول.



دەۋلەتى رويى زەمىننىڭ تەركىنى⑤ تاج ئەيلەسەڭ،
ھەقدىن ئۆزگە بارچەنى كۆڭلۈڭدىن ئىخراج⑥ ئەيلەسەڭ؛
ھۇشى ئىدراكىڭ بىلە ئەقلىڭنى تاراج ئەيلەسەڭ،
ئارزۇيى سۆھبەتى مەنسۇرى ھەللاج⑦ ئەيلەسەڭ؛
ئۇستىخانىڭدىن سەراپا نەردبانى دار بول.

بىھۇدە ئۆمرىنى زايەئ ئۆتكەزۇر پىرۇ جۇۋان⑧،
شۇكرى تىل بەردى سەنا ئەيتۇرغە چۇن ئابۇرەۋان؛
ئادەمى تا سۆزلەمەيدۇر سىررى ئەسرارى نىھان،
قەدر تاپتى ھۇشمەند ئەھلى چاپىپ تىغى زەبان؛
تۇتىيانى ھىندۇ ياڭلىغ كۇندە.شېكەر بار بول.

تۇتماغىل ئالەمنى ئەي دانا ئۆزۈڭدىن تۇرفە نەڭ⑨،
سۇلھى قىلغىل، قىلماغىل ھەفتاددۇ مىللەتكە جەڭ؛
تا گۇلىستانى كۆڭۈلدىن ئانىدەكى تاپقايسە رەڭ.
كىشتىسىزدەر يا ئىچىدە سويلاغىل مىسلى نەھەڭ؛
ئۇچراسا تاغى بەلەندى كىبىك خوش رەفتار بول.

سالىھا ئاشۇفتەئى ئول زۇلفى سۇنبۇل بولغۇچە،
يا تانابى تاركاكۇل بويىنىدا غول بولغۇچە؛
بىھۇدە باغۇ چىمەن سەھنىدە بۇلبۇل بولغۇچە،
قۇمرىئى شاخى دەرەخت گۇلشەنى گۇل بولغۇچە؛
مىھنەتۇ دەردۇ ئەلەمنىڭ فەۋجىگە سەردار بول.

تەركى قىل كەۋنەين ئىچىنى گەركۇلاھى ئىستەسەڭ،
بوريا ئۈستىدە ئولتۇر تەختى شاھى ئىستەسەڭ؛
چۈن فەتىلە ساچلەرى تۇغدۇر گۇۋاھى ئىستەسەڭ،
ئەي زەلىلى پەرتەۋى نۇرى ئىلاھى ئىستەسەڭ؛
خانەدان ھەزرەتى شاھ قاسىمى ئەنۋار بول.

---

① تۇببەۋۇتەھ — دۆۋە - دۆۋە.
② گۇنبەزى دەۋۋار — ئايلانغۇچى گۇمبەز، يەنى ئاسمان، پەلەك.
③ دۇزد — ئوغرى، ئەسەس — كېچە قاراۋۇلى، تۈن ساقچىسى.
④ بەرىشىم — (ئەبرىشىم) ,ئەۋرىشىم، يىپەك.
⑤ تەرك — جەز دۇبۇلغا.
⑥ ئىراج — چىقىرىش، ھەيدەش، سۈرگۈن، خارىج قىلماق.
⑦ مىسۇر ھەللاج — خۇدالىق دەۋاسىنى قىلىپ دارغا ئېسىلغان سوفىنىڭ نامى.
⑧ پىرۇجۇۋان — قېرى - ياش.
⑨ نەڭ — مەنپەئەت، نەپ؛ ئار، ئۇيات. (تۇرفەنەڭ — قىزىق نەرسە، ئاجايىپ نىمە).



# ئون ئالتىنچى مۇخەممەس

كى ئەرەبدىن فىتنەئى شوخى ئەجەم كەلتۈرمىشەم،
كى تەرەبدىن① ساغەرى دەردۇ ئەلەم كەلتۈرمىشەم؛
سەر بەيازى مەتلەئى تۇغرايى غەم كەلتۈرمىشەم،
تا مۇھىتى ئىشقدىن بىرقەترەنەم كەلتۈرمىشەم؛
ھەۋزە كەۋسەر يادىنى كۆڭۈلگە كەم كەلتۈرمىشەم.

. . . . . . . . . . . .

سۆرەتى جىسمانىيەتنى سومنات ئەيلەي بۇگۈن،
تىغى بەر فەرقى② سەرى لاتۇ مانات ئەيلەي بۇگۈن؛
نەفس كافىر بۇت ئىرۇر، تاپسام غازات ئەيلەي بۇگۈن،
دەۋرىدۇر سەدرى بەدىر كايىنات ئەيلەي بۇگۈن؛
ئەژدە ھا سەر ئوتلۇغ ئاھىمدىن ئەلەم كەلتۈرمىشەم.

ئەي كۆڭۈل ئۆمۈر ئۆتتى، بىر يارغە سەن يار ئولمادىڭ،
ھەلقەئى زەنجىرى زۇلفىغە گىرىفتار ئولمادىڭ؛
غۇنچە ئاچىلدىيۇ گۈل كۈلدى، بىدار ئولمادىڭ،
ئۆتتى بىر پەيۋەستە ئەبرويى خەبەردار ئولمادىڭ؛
مىسرەئى شوخىنى گوياكىم بەھەم كەلتۈرمىشەم.

بۇرقەئى نازىنى ياپقاندىن كېتەردە بارها،
نالەئى بۇلبۇلغە ئۇن قوشتۇم سەھەردە بارها؛
جىلۋەئى ھۆسن ئەيلەدى مەددى نەزەردە بارها،
لەئلى لۇتفىنىڭ...يەزەردە بارها؛
...شاخى بەرگىدىن قەلەم كەلتۇرمىشەم.

...ئالەمدە مەندىن...ئاۋازەدۇر،
...دەرۋازەدۇر؛
مەگرىفەت تارى كەتانى كۆڭلۇمە شىرازەدۇر،
كۆز يېتەردە...دىماغىم تازەدۇر؛
ئەنبەر ئەفشان نۇكتەھى زۇلفى سەنەم كەلتۇرمىشەم.

بارى ئىشقدىن ئېگىلدى قامەتىمنى يا دىمە،
مەۋجى ئەشكىمنى كۆرۈبان جوشەشى دەريا دىمە؛
ياغسە گەر بەرقى بەلا باشىڭغە ھەرگىز ھا دىمە،
دىلبەر ئىشكىدە زەلىلى تەلبەنى تەنھا دىمە؛
تارپودى خىرقەدىن خەيلۇ ھەشەم كەلتۇرمىشەم.

---

①تەرەب — خوشاللىق، شادلىق. (تەرەب ساغەرى — شادلىق پىيالىسى).
② فەرق — چوقا (باشىنىڭ چوقىسى).



## ئون يەتتىنچى مۇخەممەس

شەبنەم ساچىلدى سۇبھى يۈزۈڭنىڭ زىياسىدىن،
گۈلگۈل ئاچىلدى غۇنچە لەبىڭنىڭ ھەياسىدىن؛
قاشىڭ قىيامەت ئەيلەدى پەيۋەستە ياسىدىن،
ئىشق ئەھلى ساتقۇن ئالسە ئىزىڭ تۇتىياسىدىن؛
قىلغىل تەرازۇ ئىككى كۆزۈمنىڭ قاراسىدىن.

مەردان ئەرۇسى دەھر نەزەر قىلسە باقماغاي،
يەئنى جەھاننى تۇدەئى زەر قىلسە باقماغاي؛
دەرياۋۇ دەشت تاشىنى گۆھەر قىلسە باقماغاي،
ھۆرى بېھىشت جىلۋە ئەگەر قىلسە باقماغاي؛
ھەر ئاشىقكى ئايرىلادۇر دىلرەباسىدىن.

جىسمىم تېگۈرمەن ئەيلەدى بۇ ئاب يەتتە چەرخ،
كۆڭلۈمنى رەۋشەن ئەيلەدى مەھتاب يەتتە چەرخ؛
ھەرگىز كۇشاد بولمادى ئەبۋاب يەتتە چەرخ،
ئەي ناخۇدايى قۇلزۇمۇ گىرداب يەتتە چەرخ؛
مەن شىشە پوتىن سويلاغۇچى سۇ سەداسىدىن.

ئالەم ئەگەرچە مەئدەنى كان سۇخەنۋەران①،
ئەقلىمگىر تىغى زەبان سۇخەنۋەران؛
تەقرىرۇ ھالۇمال بەيان سۇخەنۋەران؛
دۇردانەئى جەۋاھىرجان سۇخەنۋەران؛
ھەرفى بەيان ئېتەلمەگەي ھەمدۇ سەناسىدىن.

ئاشىق ئۆزىنى ھەمدەم دەردۇ ئەلەم قىلۇر،
ئەين سەھەردە ئاھىنى ئوتلۇغ ئەلەم قىلۇر؛
بۇلبۇلغە گۈل ھۇنۇز جەفاۋۇ سىتەم قىلۇر،
بى رەھىم بى ۋەفاۋۇ مۇرۇۋۋەتنى كەم قىلۇر؛
كۆرگۈزمەيىن ۋىسالىنى باغى ۋەفاسىدىن.

ئەلگە نەشات② ئەيشۇ فەراغەتدە توي ئىدى،
ھەم ھەلقە بىزگە بىر نەچچە زۇلىدە موي ئىدى؛
بەرقى بەلاغە تىكلەگەن ئاۋاز ھوي ئىدى،
سەرۇپا بەرەھنەلەردە بۇگۈن گۇفتگوي ئىدى:
شىبلى③ لىباس كەئبەدە ۋەھم بىلاسىدىن؛

كاشانەدىن ئاھويى رەم گەردە تىزمەگىل،
بىھۇدە بوي باغۇ گۈلىستانىنى كەزمەگىل؛
ئاينىڭ باشىغە سەندەلى بېشەنى ئەزمەگىل،
زۇلفى سەنەمنى شان چۇ گۇستاخ يەزمەگىل؛
تا تۈگمەسىنى يەزمەسە ئالتۇن قەباسىدىن.



تاكى شىكايەت ئەيلەيىنۇ ۋەسفى يار ئېتەي،
مەردى قەلەندەر ئولدۇم تەركى دىيار ئېتەي؛
يارى مۇھەممەدىنى ئۆزۈمگە ھىسار ئېتەي،
ئىسلام دىنىنى كۇفر كۆزىگە نىسار ئېتەي؛
يۈز مۇشتەرىچە قەدر تاپىپدۇر بەھاسىدىن.

كەتتى يىراق بەرقى سەمەند ئەيلەدى ئۇرۇج④،
ئازادەكان رىندغە بەند ئەيلەدى ئۇرۇج؛
پەست ئولدى پارسا... ئەيلەدى ئۇرۇج،
بۇركۇتى زۇلۇم بەسكى بەلەند ئەيلەدى ئۇرۇج؛
يەتكەيمۇ تېز كۇشەنشىنلەر دۇئاسىدىن.

سەھنى چىمەندە رەۋنەقى گۈلزار ئىشق ئول،
تۇر ئالدى جان جىلۋەئى دىدار ئىشق ئول؛
كۆڭلۈم چۇ تۇتى بولدى شېكەر بار ئىشق ئول،
جەۋھەر فۇرۇش رىشتەئى بازار ئىشق ئول:
مەن ئاشىقى بەلاكەشۇ مىسكىن گەداسىدىن.

ئەي ساقىيان سادە ئىلىكىمگە شىشە بەر،
مەست ئەيلەگىلكى ھىممەت شىران بېشە بەر؛
يارەب، جەزايى مۇددەئىنى⑤ سەن ھەمىشە بەر،
ھەركىم يامانلىق ئەيلەسە بوينىغە شېشە⑥ بەر؛
بىر سائەتى قۇتۇلمادىم جەۋرۇ جەفاسىدىن.

...هەمىشە تالىبى مەتلۇب خام ئىدىڭ،
فىسقۇ فۇجۇر بابىدا يەئنى تەمام ئىدىڭ؛
بەد نامىكى سەندە قاچان نەڭۇنام ئىدىڭ،
سەن هەم ئۇرۇغى هەزرەتى ئادەم پەيام ئىدىڭ؛
تەگمەس ساڭا زەلىلى بىخەبەر غەم ياراسىدىن.

---

① سۇخەنۋەر — سۆزمەن، گەپدان.
② نەشات — سۆيۈنۈش، خۇرسەن بولماق.
③ شىبل — شىرنىڭ بالىسى.
④ ئۇرۇج — ئۆرلەش، يۈكسىلىش، كۆتىرىلىش.
⑤ جەزايى مۇددەئى — دەۋا قىلغان جازانى، تىلىگەن جازانى.
⑥ شىپشە — ئىششىق يارا، يامان يارا.



## ئون سەككىزىنچى مۇخەممەس

ئىچۈك ئەيتايىن خۇدايا ساڭا هەمد ئىلە سىپاسى،
كى ئىنايەتىڭگە سىغماس هەمە بەندىنىڭ قىياسى؛
كۆرۈنۈر مەهال مۇتلەق مىڭدىن بىرىن ئەداسى،
كەرەمىڭ قاتىدا يوقدۇر گەهى تائەتىم بەهاسى؛
دەرى دەرگەهىڭغە يىغلاپ كۆزۈم ئولدى كەهرەباسى.

يەنە باشلايىن دەمادەم دىلۇجان بىلە سۇرۇدى،
شەهى ئەنبىيا مۇهەممەد تەرەفىگە مىڭ دۇرۇدى؛
كىشى كىم مۇهەببەتى يوق ئانى دەرلە خىشك رۇدى①،
سەبەبى تەمام ئالەم ئەۋلا②نىڭ ئىبرۇر ۋۇجۇدى؛
بۇ قاراڭغۇ دەهر ئۆيىنى يارۇتۇپدۇرۇر زىياسى.

دىدى ساربان بىدىل ئەرەبىغە ئەي بۇرادەر،
ماڭا بىر بىشارەتى باركى مەدىنەئى مۇنەۋۋەر؛
دەرى مەككەئى مۇئەززەم بىلە رەۋزەئى پەيەمبەر،
سەلەۋات③ بى نەهايەت ئىبەرىپ دۇرۇد ئەكبەر؛
گەرى شەفائەتىڭە سىغىنىپدۇرۇر گەداسى.

دەغى يۈز تۈمەن تەھىيەت خەلەفائى راشىدىنغە،
سەرى سادىقان ئەبۇبەكرى ئول ئىمام پاك دىنغە؛
مەھى بۇرجى ئەدلى ئىھسان ئۆمەر ئەختەر يەقىنغە،
گۈلى باغى ھەلىم ئوسمان ئول ئەمىر مۇستەقىنغە؛
دۇرى گەنج ئىلمى سەيد ھەسەنۇ ھۆسەين ئاتاسى.

لەبى قىرمىزى نىگارا ماڭا بادە تۇت خوتەندە،
قەدەھ ئەرغەۋانى ئەيلەپ سەمەن ئەيلە ياسمەندە؛
گۈلى نار باغى ماچىن ئاچىلىپ چىمەن چىمەندە،
كۆرۈنۈر نە ئەژدەھالەر ھەمە تارپود خەندە؛
نە ئەجەب قەلەندەرىدۇر دەمى تىغ مۇتتەكاسى.

قاراسا تەۋافىن ئەيلەپ كۆرۈبان ۋىلايەتى چىن،
ئۇقۇدۇم ئىماملەرغە سەنەما رەۋايەتى چىن؛
چىن ئېلى ئىشتىگىزلەر، قىلايىن ھىكايەتى چىن،
نە زەرۇر تۈشۈبدۇرۇركىم قىلايىن شىكايەتى چىن؛
بۇ سۆزۈمدە چىنۇماچىن ھەمە يارنىڭ فىداسى

گۈلى داغىنى ئاچىپدۇر كۆڭلۈ كۆزۈمدە خۇن يوق،
بەتەمام دەشتۇ سەھرا بۇ سۈفەتدە لالەگۇن يوق؛
قەدۇ قامەتىمچە بارى غەمى ئىشقىدىن نىگۇن يوق،
بەلي بىر جەمادى④ دەڭلەر ئۇ كىشىدە كىم جۇنۇن يوق؛
نە گۇنەھ زىيادە مۇندىن يېتەدۇر شۇبۇ خەتاسى.



نە ئىمامى شەھر بولدۇم نە مۇئەززىنان چەغرە⑤،
نە چۇ سوفىئى رىيايى نە قەلەندەران نۇكرە⑥؛
مېنى كوچەئى گەدايى نە فەرىبى⑦ شەيخ سىفرە⑧.
نەفسى خۇدا تەلەبلەر رەۋىشىدە بارمادىم رە؛
بۇ تەلەبدە ئاجىز ئولدۇم نە ئىكىن خۇدا رىزاسى.

بۇ زەلىلى تەلبە يەزمەس كەمەر كەرەم بەلىدىن،
كى قۇيۇندەك ئۆتمەگۈنچە ئەلەمۇ سىتەم تىلىدىن؛
چىمەن ۋەفا يەدىنى ئىبەرۇرمۇ غەم يەلىدىن،
نە جەفاۋۇ جەۋر يەتتى كېچەلەر سەنەم ئېلىدىن؛
سىناماي كۆڭۈلنى بەرگەن كىشىنىڭ بۇدۇر جەزاسى.

---

① خىشك ـــ قۇرۇق، سۇسىز؛ رۇد ـــ ئېرىق، ئۆستەڭ.
② ئەۋلا ـــ ياخشىراق، ئوبدان.
③ سەلەۋات ـــ خۇداغا سېغىنىپ ناماز ئوقۇماق ۋە دۇئا قىلماق.
④ جەماد ـــ جانسىز تەبىئەت (تاش ـ تۇپراققا ئوخشاش نەرسىلەر)
⑤ چەغرە ـــ خەۋەرچى.
⑥ نۇكرە ـــ ھۇشيار؛ ھىلىگەر.
⑦ فەرىب ـــ ئالدامچى.
⑧ سىفرە ـــ يولچى.

# مۇستەھزادلەر

## 1. مۇستەھزاد

گۇلشەندە خىرام ئەيلەپ ئىدى ئول قەد-قامەت،
ئەي دوست بەيەكبار؛
ئالەم ئىلىگە تۈشتى چۇ ئاشۇب قىيامەت، فاش
بولدى بۇ ئەسرار.

دەريايى گۇناھىم ئىچىدە غەرق بولۇپمەن، تەقسىر
ئىلە تەۋبە،
تۇت بارچە خۇدا يا كەرەمىڭ بىرلە سەلامەت،
مەن بەندە گۇنەھكار.

كەيفىيەتى ئەسرارى خۇدانى نە بىلۇرسەن، ئىنكار
ياماندۇر،
مەستىكى بۇ يولدا ئەيتەدۇر قىلمە مەلامەت،
زىنھار بە زىنھار.



كەل سومئەدىن مەيكەدەگە ئەزم سەفەر قىل،
دەرۋىش سەھەرخىز،
سوفى سۈنى ئوت ئەيلەسە ئەز رويى كەرامەت،
سالۇسى تەبەھكار①.

رەھمەت ئىشىكى تەلبە زەللى ئاچىلۇرمۇ، تەگرى
تەزەقدىن،
تۆكمەي سەھەرى سەجدە ئۆزە ئەشكى نەدامەت،
رۇخسار ئۆزە ھەر بار.

---

① تەبەھكار — ئەسكى، ئوسال، ئىپلاس.

## 2. مۇستەهزاد

زىنهار بەدەن قەلئەسىنى قىلما ئىمارەت، ئەي يار
ۋەفادار.
سەيلەب ئەجەل ئەيلەگۈسى بىر كۈنى غارەت.
چۇن لەشكەرى كۇففار.

تەن قەلئەسىدە مەنزىل ئېتىپ قالما ھەمىشە، بۇ
سۆزگە قۇلاق تۇت،
دەريا ئۆزە ئۆي سالغان ئىرۇر بەرگى بەسارەت،
بىهۇدە بۇ كىردار.

بى بەرگ زىمىستان ئىچىدە مۇشكۇل ئىمىش ئۆمۈر،
كۆپ تەجرىبە قىلدىم،
باران بەھار ئۆتمەسىدە ۋەقتى تەھارەت، چابۇك
بولۇڭ ئەي يار.

ھاجى ھەرەمى كەئبەگە قويسا قەدەمىنى، تەۋف
ئەتمەك ئۈچۈنكىم،
سەن سىدقى بىلە ئەيلە غەرىبنى زىيارەت، بۇ
ۋادىدە زىنهار.



ئايىنەئى ئەنۋارۇ تەجەللى دىمەگەيلەر،
كۆرگەندە خەلايىق.
ئولتۇرماغۇچە چېهرەئىگە نۇرى تەھارەت،
چۇن پەرتەۋى ئەنۋار.

مەجنۇنى جۇنۇن مەرھەلەسىدىن خەبەر ئەيتۇر،
پىنهان ماگا ھەر دەم،
ئەبياتى زەللى ھەمە شوخى ئىبارەت، ھەي-
ھەي بۇ نەگۇفتار.

## 3. مۇستەهزاد

تەن قەلئەسىكىم روھى لۇتفىمغە قەفەسدۇر، سايرايدۇ
چۇ بۇلبۇل،
بۇ بەندە ئەگەر بولماسا ئۇچماقغە ھەۋەسدۇر، بەرگى
ۋەرەقى گۇل.

ھۇشيار بولۇپ بارما بەيابان سارى دەرۋىش، بۇ
ۋادىدە زىنھار،
يول كۆركۈزۈر ئەلنىڭ ئۈنى-ئاۋازى جەرەسدۇر،
چۇ سىھەئى دۇلدۇل.

ھەر شامۇ سەھەر ياد بىرۇر نالەئى ھۇقۇش،
يەئىنكى نەسىھەت،
ئەي ئادەمى كۆپ ياتما، بۇلار بارچە ئەبەسدۇر،
تەگرىگە بولۇڭ قۇل.

مەغرۇر نەماز ئولماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،
مىكرى ئىلە رىيادىن،
دىھقان سەمەندەر قاشىدە تۇدەئى خەسدۇر، مانەند
پۇچەك پۇل.



ئەتلەسنى زىلىلى كۆزىگە قىلما مۇباھات،
ئەي ئەھلى تەۋانگەر،
پەشمىنە كۇلاھى بىلە خىرقەئى بەسدۇر،
ئەزرۇيى تەۋەككۇل.

## 4. مۇستەھزاد

تاتۇشتى بۇ مەھفەل ئىچىگە شورى مۇھەببەت،
بولدى چۇ گۇلستان،
ساغەردە لەبالەب مەي پۇر زورى مۇھەببەت،
رىندان ھەمە مەستان.

زۇلفۇڭ خەمىنىڭ ھەلقەلەرىن بوينۇمغە سالغىل،
ھىجران كېچەسىدە،
زەنجىرى جۇنۇن لايىق مەنسۇرى مۇھەببەت،
دار ئۇستىدە جەران.

نەززارە قىلۇر ھەر نەفەسى جوشى تەجەللى،
غەيرەت كۆزىن ئاچىڭ،
مۇسى سىفەتانىكى چىقىپ تۇرى مۇھەببەت،
ھەر كۇندە فەراۋان.

پەند ئەيدى سۇلەيمان نەبىغە نە ئەجەبدۇر،
ئەيمەنمەدى ھەرگىز،
ھىكمەت تىلىدىن نۇكتە سۇرۇپ مۇرى مۇھەببەت،
دەرۋەقتى سۇلەيمان.



غەيرەت كۆزىدىن پەردەئى غەفلەتنى ئالىڭلەر،
بىسيار ئەيتتىم،
خۇرشىدۇ رەخشەندە ئىرۇر نۇرى مۇھەببەت،
چۇن شۆئلەئى تابان.

گۇياكى قىيامەت كۇنى مەيخانەدە بولدى،
قورقۇنچ ئىلە ئۇلدۇم،
كىم چالغاندىن پىرمۇغان سۇرى مۇھەببەت،
خەلق ئۇلدى ھەرنە ئاسان.

دىلبەر كۆزىنى كۆرمەسە ھەرگىز ئايىلۇرمۇ،
بۇ بارچەغە مەئلۇم،
دىۋانە زەلىلى ئىدى زەنجىرى مۇھەببەت،
غەم بىرلە پەرىشان.

## 5. مۇستەھزاد

ھەر ئاھ چېكەر بولسە فەلەككە ھەزەرىم بار، ۋەقتى
سەھەر ئىچرە،
كۆيگەي مەلەك ئالەمى ئوتلۇغ شەررىم بار، كۆڭلۈم
خەتەر ئىچرە.

زۇلمۇڭ خەمىدىن بولدى يۈزۈڭ ئەكسى نەمايان،
گوياكى تەجەللى،
يەلىدا كېچەسى ئىچرە نەياخشى سەھەرىم بار،
دەۋرى قەمەر ئىچرە.

كى مۆئمىن ئېرۇرمەن، گەھى كافىر گەھى تەرسا،
ئايا، بۇ نە مەزھەب،
ھەفتاد دۇ مىللەت بىلە ئارى خەبەرىم بار، چۇن
بەھرۇ بەر ئىچرە.

غەۋۋاس مەئانى مەنۇ بەس شىششە كىيەرمەن،
ئەندىشە رەفىقىم،
بۇ قۇلزۇم ئىچىدە سەدەفۇ پۇرگەھەرىم بار، ساھىب
نەزەر ئىچرە.



كۇلبەمگە قەدەم قويغىل، ئايا، مەردۇ مۇسافىر،
گەر سۇفرەئى يوقتۇر،
خۇنۇ جىگەرىم بىرلە بۇگۇن ھەزەرىم بار، جانۇ
جىگەر ئىچرە.

ئاقلار ئەمەس ئول سىنەم ئۆزە خەستە زەلىلى،
ھەر يانكى كۆرەرمەن،
پەرۋاز ئەدەم ئەيلەگەلى بالۇ پەرىم بار، يەئنى
كەمەر ئىچرە.

# قەسیدە،
# ساقنامە، تەزکرە،
# سەپەرنامە

# بىرىنچى قەسىدە

ئىلاھا جىلۋەئى تىغى زەبان بەر،
كۆڭۈل گەنجىنەسىدىن بىر نىشان بەر.

قەدەم ھەمدىڭغە قويغايمەن بەيەكبار،
كى سەن سەن ۋاھىدەل قەھھارۇ جەببار.

كۆزۈمگە تۇتىيايى ئىشق تارتىپ،
يۈزۈم ئىسيان قاراسىدىن ئاقارتىپ.

قۇلاغىمنى ھەقىقەت سۆزى سارى،
تىلىمنى ھەمد ـ تەۋھىدىڭغە جارى.

خىرەدنى پۇر تەبىئىمنى جۇۋان قىل،
جەمئ تار ـ مويۇمنى زەبان قىل.

بارى مەۋجۇدى بەندە شاھى سەن سەن،
ئەزەلدىن تائەبەد ئاگاھى سەن سەن.

زەمىننى ئەيلەبان سەبزى سەفالات،
مۇئەللەق تۇرغۇزۇپ سەبئى سەماۋات.

مۇزەييەن بارگاھىڭ ئەرۇش ئەتلەس،
سەنا كويۇڭ دۇ-لا تا ئەرشدىن فەرەش.

تۇتۇپ بىر يەر ئۆزە توققۇز فەلەكنى،
يەنە ھەمد ئەيغالى سانسىز مەلەكنى.

قىلىپ خۇرشىدنى گوياكى مەشئەل،
تالۇن ئاينى فەلەك سەھنىدە مەنقەل.

تەفەررۇج گاھى سۇنئۇگدىن فەراۋان،
كەۋاكەبلەرنى مانەند چىراغان.

قەمەر تاڭ ئاتقۇچە قەندىلى نۇرۇڭ،
بولۇپ سۇبھى تەجەللىدىن زۇھۇرۇڭ.

تۇلۇئى ئافتابىڭ بولدى پەيدا،
جەمىئ زەررەدە ھۆسنۇڭ ھۇۋەيدا.

خەلايىق ئىچرە تۇشتى قالۇ قىلىڭ،
ۋە گەر نە كۇنتۇ كەنزەندۇر دەلىلىڭ.



قەبۇل ئەتكىل خۇدايا بۇ مۇناجات،
كى سەن دانايى سىررۇل خەفىييات.

ئەدەم مۇلكىغە ياندۇرغايسە كەم-كەم،
نىدايى ئەرجەھىدىن بارچە ئالەم.

نە ئالەم، بارچە ئادەم، ئاي-كۇندۇر،
بەھەققى ھۆرمەتى ئەھمەد ئۇچۇندۇر.

## ساقىنامە

قەدەھ تۇت ساقىئى سىيمىن بەدەن سەن،
قىيامەت قامەتى گۈلى پىرھەن سەن.

مېنى — ئاشۇفتەنى ياد ئەيلە گاھى،
كى تاكى ھەمدەمى خالى سۇراھى.

مۇغەننى نەغمە قىلغىل ئاشقانە،
ساچىپ گۈلگۈن ياشىڭنى دانە-دانە.

رەبابۇ ئەرغەنۇنۇ چەڭۇ قانۇن،
چىقارىپ غۇلغۇلا تا قەسرى گەردۇن.

فىغانۇ ھايۇ ھۇيى چىقىپ دافدىن،
سەدايى نەغمە كەلسۇن ھەر تەرەفدىن.

تەنىم جەۋرى فەلەكدىن يا بولۇپدۇر،
كۆزۈمنىڭ ياشى چۈن دەريا بولۇپدۇر.



خەلايىق بىلمەيىن فەۋۋارە دەرلەر،
مېنى بىچارەنى ئەۋۋارە دەرلەر.

خۇداغە شۈكرى ئەيتۇرمەن بەھرۇھال،
ئاچىپدۇر بۇلبۇلى تەبئىم پەرۇبال.

بەزورى نەئمەۋۇ ھەم نىشا مەي،
بىئەمرى قادىرى پەرۋەردىگارەي.

سىپىھرى مەئنىگە پەرۋاز ئېتەرمەن،
مۇھەببەت نامەئى ئاغاز ئېتەرمەن.

ئەدالەت شەھرىنىڭ ساھىب قىرانى،
دەيانەت بەھرىنىڭ ئابى رەۋانى.

رەئىيەت پەرۋەرۇ ساھىب سەخاۋەت،
مۇرۇۋۋەت پىشەۋۇ كانۇ شىجائەت،

تەمامى جەددى ئەۋلادى بەھادۇر،
خۇدا قىلغاي ئىشىكدىن بالادۇر.

## ئىككىنچى قەسىدە

ئانى تۇتقاي پەناهى ئىچرە ئاللاھ،
قولىغە تەگدى يۇرت ئەلھەمدۇلىللاھ.

ئامۇرى مەملىكەت ئىلكىدە لايىق،
دۇئايى بى رىيا ئەيلەر خەلايىق.

ھەمىشە با تەۋەككۇل با تەھەممۇل؛
ياراشۇر تەختى ئەركانى تەجەممۇل.

ئەجەب دانىشۇ زىبا ھۇش تەدبىر،
ئىلاھا ئاقىبەت قىلغىل جەھانگىر.

خوجەستە ئاتى ھەر مەجلىسدە مەزكۇر،
لىۋايى نۇسرەتى ئالەمگە مەشھۇر،

شۇجائۇ ئادىلۇ ھەي-ھەي بەھادۇر،
مۇبارەك مەقدەمىدىن مۇلكى مەئمۇر.



دۇئا ئالغان ئۇچۇن پىرۇ پەدەردىن،
نەزەر تاپقان ئۇچۇن ساھىب نەزەردىن،

كىشى يوقدۇر ئانىڭ دەۋرىدە دىلگىر،
ئالىپ شەھرىدە ئارام ھەر مۇسافىر.

مۇسافىرغە ئاتادىن مېھرىبانىراق،
سەخاۋەت بىرلە دەريادىن رەۋانىراق.

ئەسىل ئەشرەفۇل ئەشرەفى ئامىل،
تەرىقەت جىركەسىدە شەيخى كامىل.

سۆزى دانىش كىتابىدىن سەبەقدۇر،
يۈزى ھۆسن ئاتىدىن كەم ۋەرەقدۇر.

جەھان سەرھەددىنىڭ دادىنى بەرگەن،
خۇدايىم نېئمەتىن ئەلگە ئۈلەرگەن.

قىلىپ رەۋشەن چىراغى مىللەتۇ دىن،
تاپىبان فەيز ئۇلاردىن چىنۇ ماچىن،

بەلىي يۇمىندىن ئولغاچ يۇرت بىھبۇد،
تەمامى بەندەئى ئازادۇ خۇشنۇد.

بەلاۋۇ فىتنەدىن دايىم ئەمىندۇر،
مۇرەببىئى بۇ تۈركىستان زەمىندۇر.

ھەممىيەتلىك شۇجائەتلىك بەھادۇر،
ھۇمايۇن تالىئۇ زەررىن قەبادۇر.

خەلايىق خىزمەتىگە بەندە بولسۇن،
كى ئۆمرۈڭ باقىيۇ پايەندە بولسۇن.

مۇبارەك بولسۇ دىگەر باغ ئىلە راغ،
مۇئەتتەر قىلسۇ دايىم بۇيى گۈلباغ.



# ساقىنامە

قەدەھ تۇت ساقىئى شىرىن فەسانە،
بەئاۋاز نەيۇ چاڭۇ چەغانە.
سۇرۇدى ئەرغەنۇن ئالەمگە تولسۇن،
فىغانىدىن قىيامەت قايىم ئولسۇن.
كۇلاھى شۆئلەكى كىيدى قىزىلگۈل،
پەرۇ بالىنى يۇلدى زار بۇلبۇل.
مۇغەننى ئەيلەگەچ مۇنداغ تەرانە،
چىمەن چەكتى شەرابى ئاشىقانە.

سەراۋۇ باغۇ ئايۋان بىرلە مەنزەر،
ئىماراتىكى جەننەتكە بەرابەر.
كۆكۈل كۆرگەن زەمان مۇرغى سۇخەنگوي،
تىرەكلەر دۇرۇر قاتاران لەبى لەب جوي.
چۇ يافراغلار ئەدۇغە تىغ تارتىپ،
ئاقار سۇ ئالدىدا زەنجىر تارتىپ.
نەزەر يەتكۈنچە ئاچىلىپدۇرۇر گۈل،
كى ھەر يان چەھ-چەھ ئاۋازى بۇلبۇل.
گۈل سۇرۇخۇ سارىغ سەد بەرگ، سەۋسەن،

گۈلی رەئناغە ئەيتۇر بىزنى سەۋ سەن.
خۇمار ئالۇدە كۆزلەر بىرلە نەرگىس،
تۇزۇپ ھەفت رەڭ بىرلە تۇرفە مەجلىس.
يايىپ بەرگىنى چۈن زۇلفى ئەرۇشان،
چىقىپدۇر ئاتەشىن تاجۇ خۇرۇسان.
ئوقۇبان خەتمى خوجە دەرمىيانە،
بېھى بىرلە ئانارى دانە-دانە.
گەر ھەر جانىبغە باقساڭ ئالما دەيدۇر،
بىرىنى ئالۇ بىرنى ئالما، دەيدۇر.
يافۇرماغى ئارا ئەنگۇر شاھى،
سىپەر تارتىپ يۈزىگە چۈن سىپاھى.
پىياز ئوت-ياشلىق ئىچرە تاجدار،
فەتىنگان ئالدىدا لوبىيا جىلۋەدار.
يەنە بىر جانىبى بېھەد قاغۇندۇر،
كۇھىستان تاشلارىدىن ھەم فۇزۇندۇر.
فەلەك ئىچرە ياتار خەرۋار-خەرۋار،
كى سۆرەت بىرلە بەند رومى شاخدار.
چېكىپ گۈل باشغە تۇرنايى بىر يان،
ياتىپدۇر ھاشمى لوبىيايى بىر يان.
جورا قەندۇ سارىغ ئەركانى بىسيار،
خوجە دەستارىيۇ توفانى بىسيار.
ئەگەرچە نەي شىكەر كىم نازەنىندۇر،
شەھىنشاھى قاغۇن بىشەكشىرىندۇر.
يەنە بىر خىل قاغۇننى بەركنى دەر،



ئانى ھەركىمكى كۆردى بەرگىنى دەر.
موغۇلىستان ئىچرە يوقتۇ ھەم تەڭ،
فەرىدۇن ھەشەمەتۇ جەمشىد ئەۋرەڭ.
تەجەممۇل تەختىدە خانغە تەقابۇل،
نە كىچە مىرغەزەب، كۇندۇز ياساۋۇل.
ئوقۇيدۇر ھەر نەفەس ئەھلى زەمانە،
دۇئايى دەۋلەتى بۇ ئاستانە.
بەھەققى ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالەر،
بەھەققى ھۆرمەتى مەردۇ خۇدالەر.
چۈنانچە دەۋلەتىڭ بارۇ جەھان بار،
ساتۇقى بۇغراخان بولغاي مەدەدكار.
سەرىرۇ دەۋلەتىڭ ئىلكىندە بولغاي،
كى فەۋجى لەشكەرىڭ ئالەمگە تولغاي.
. . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . .
ئەلىف قامەتىم قىلدى ئىشقىڭ چۇ "نۇن"،
بەس ئەۋۋارە ئەيلەپكى داغى جۇنۇن.
قەدىم چاكۇ ئەيلەي رەگۇ پەيىنى تار،
فىغان چىقسۇ ھەر تارىدىن سەد ھەزار.
خۇرۇشانە چۈن داف ھىكايەت قىلىپ،
نە كۆردۇم ئىشتىتىم رىۋايەت قىلىپ.
سەدايى سەرىرۇ جەلاجىل بىلە،
تەرانە چېكىپ يەئنى مىڭ تىل بىلە.
شەبىستانى كۆڭلۈمدە تەھرىر ئېتەي،

سۇخەنسەنج ئولۇپ سۆزنى تەقرىر ئېتەي.
كەرەم رىشتەسى بىرلە شىرازەلىك،
موغۇلىيە ئىچرە پۇر ئاۋازەلىك.
ئەدالەت قىلىپ خەلق ئۇستىدە شاھ،
جەھانداردىن يەرۇردىن پەناھ.
سەخاۋەت ھەمىشە ئۇلار پېشەسى،
رەئىيەت ئەسرارغە ئەندىشەسى.
مۇرۇۋۋەتلەرى بارچەغە ئام ئۈچۈن،
دىيانەت بىرلە شەيخۇل ئىسلام ئۈچۈن.
دۇئاگوي دەۋلەتلەرى بىشۇمار،
نەزەر ئەيلەگەن نەچە بۇزۇرگۋار.
ئايا، مەيسەرۇ دەريا دىلۇ نامدار،
زىيادە ئەيلەگەي دەۋلەتىڭ كىردگار.
مەئانى ھەۋاسىغە قىلدىڭ ئۇرۇج،
سىنى ئەيلەگەن تەڭرى ساھىبى خۇرۇج.
جەھان كىشۋەرى چەھار باغىڭ سىنىڭ،
شەرىئەت، تەرىقەت چىراغىڭ سىنىڭ.
ھەيا گۇلشەنى سەندىن ئولدى بەھار،
مۇھەببەت نەسىمدە لەيلۇ نەھار.
تىلەر دەۋلەتىڭنى سىنىڭ روزۇ شەب،
نە دەرۋىشۇ ئوقبا نە دۇنيا تەلەب.
دۇئايى مۇھىببا نەئەيلەر ساڭا،
ئىشىتكەن كۆرۈپ ئافەرىن دەر ساڭا.
مۇسەللەم بۇ شەھرۇ بۇ تەختۇ بۇ تاج،



خۇدايى جەھان قىلدى بى ئېھتىياج.
يېتىپ فەيزىڭ ئەل ئىچرە دېھقان ئۈچۈن،
تەرەھھۇمدە مەردۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن.
زىھى مۇخلىس ئولمىش خەلايىق ساڭا،
خەلافەت سەرۇپايى لايىق ساڭا.
كەل ئەمدى زەللى دۇئا ئەيلەگىل،
دۇئا ئەز بىرايى خۇدا ئەيلەگىل.

# چلتەن تەزكرەسى

## تەزكىرەئى چىلتەن

### سەبەبى نەزمى كىتاب

بائىس ئول بولدى ماڭا، ئەي، ئەھلى بەزم،
ئەيلەدىم تەزكىرەئى چىلتەننى نەزم.
ھەم سەبەب نەزم ئەيلەمەككە بۇ كىتاب،
ھاكىمى دەريا دىلى ئالى جەناب.
سەلتەنەت مەيدانى ئىچرە نامدار،
ئەدل بىرلەن بې نەزىرى روزگار.
مەسنەدىدۇر پايتەخت ـ ياركەنـد،
نېكى نامۇ نېكى بەخت ياركەند.
ھاكىمى ئالى نىشان ئاۋازەلىك،
تاپتى بۇ ئىقلىم ئۇلاردىن تازەلىك.



ھەزرەتى بەگ ھاكىم ئولغاندىن بۇيان،
يۇرت ئابات ئولدىيۇ دارىلئامان.
سايەسى گويا دەرەختى مىۋەدار،
كافىرۇ مۆئمىن ئارا ئەئزازى بار.
خەيرۇ ئىھسان سەخانىڭ سانى يوق،
مۇددەتى دەۋلەت كۆرۈپ ئەرمانى يوق.
با تەجەممۇل با تەھەممۇل ھۇشمەند،
با تەسەۋۋۇر با تەۋەككۇل دىلپەسەند.
ئەسرىدە ئالىملەر نەۋئىل قەلەم،
سايەبانى دەۋلەتى تۇغۇ ئەلەم.
دايىما ئالىملەر بىرلە ھەمنىشىن،
قاراخانى مۇلكى تۈركىستان زىمىن.
گەر مەجالىس قىلسەلەر شامۇ سەھەر،
ھەزرەتى ئاخۇن خوجە دەر نەزەر.
جۇملە ئالىملەر ئارا ئەئلامە،
دەفتەرى ئىشق مۇھەببەتنامە.
دەرس ئەيتۇردە بېرىپ دادى سۇخەن،
ھەم نۇفۇس نافەئى ـ مۇشكى خوتەن.
زۇھد ـ تەقۋا بارەسىدە بې نەزىر،
بېشە مەئنىدە گويا نەررە شىر.

ساقى زەررىن قەبايى خۇش خۇررام،
تۇت مۇھەببەت بادەسىدىن بىزگە جام.
مەۋسۇمى گۈل بولدى فەسلى بەھار،

ھەر تەرەف ئابى رەۋانۇ سەبزە زار.
رەڭ بەرەڭ بولدى سۇچۇكدىن بەرگى شاخ،
شۆھرەتىڭ دامەنى سەھرا فىراخ.
خاھ فەقرئەھلى ۋۇ خاھى شاھ بول،
نەچە مىسرەئ ئەيتەيىن ئاگاھ بول.
بىر كۈنى مەسجىد ئىچىدە ناگەھان،
ھەزرەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان،
ئولتۇرۇپ زىكرىغە مەشغۇل ئەردىلەر،
چار يارانۇ سەھابە سەربەسەر.
ئىزتىراب ئەيلەپ كىرىپ كەلدى مەئىئاز،
ئەيدى: "يا پەيغەمبەرى دانايى راز.
ئول دەزەختى كىم بار ئەردى، ئاھ-ئاھ،
تەكيە ئەيلەپ ئەردىڭىز گاھۇ بەگاھ.
قوندى شاخىغە كېلىپ بىر جانۋەر،
ئول زەمان خىشك ئولدى بەرگۇ شاخلەر.
يەرگە تۆكتى شاخ بەرگىنى تەمام،
جەمئ بولدى قورقۇشۇبان خاسۇئام.
ئولتۇرۇپدۇر جانۋەر ھالا ھۇنۇز،
ئافەتى فەست ئولمادى بەلاھۇنۇز."
ئاڭلابان خىرەد كەلان بۇ زەمزەمە،
نالەۋۇ زارىغە كەلدىلەر ھەمە.
تاشقارىغە قويدىلەر ھەزرەت ئاياغ،
بولدى ئەسھابىيلەر ھەم بىدىماغ.
ئەيلەدىلەر شاخ ئۇزە نەززارە،



ئولتۇرۇپدۇر بىر قۇش ئەۋۋارە.
سوردىلەر ھەيبەت بىلەن: "ئەي جانۋەر،
سەن نە جاندۇرسەن ماڭا ئەيغىل خەبەر؟"
قۇش ئەيتتى: "يا، رەسۇل مۇجتەبا،
مەن مەدىنە خەلقىغە كەلگەن بەلا".
ئەيدى بۇ سۆزنىيۇ فەرۋاز ئەيلەدى،
شۇرىشى سوختەنى ئاغاز ئەيلەدى.
مۇستەفا ئەندىشە ئىچرە ئەردىلەر،
خانەداندىن قاسىدى بەردى خەبەر:
يا رەسۇلىللاھ نەبىيۇل خاتىمە،
تەگدى ئاغرىق، ياتارلەر فاتىمە.
بەسكى بىتاقەتلىك ئەيلەر بىقەرار،
ئۆيدە يوقتۇر ھەيدەر دۇلدۇل سۇۋار".
يەئنى بۇ سۆزلەرنى يەتكۈرمەك ھەمان،
ئەھمەدى مۇختار بولدىلەر رەۋان.
جانىبى مەھرەم سەراغە يەتتىلەر،
ئىككى شەھزادە ئۆزىدىن كەتتىلەر.
كۆردىلەر كىم فاتىمە بىماردۇر،
ئەرغەۋاندەك چېھرە زەئفەرۋاردۇر.
ھەم سەھابە بولدىلەر بى سەبرى ھۇش،
ھەم پەيەمبەر ئەيلەدى جوشى خۇرۇش.
تىيرەئى خاك ئۆززە قويدىلەر جەبىن،
كەلدى ئول دەمدە چۇ جىبرىل ئىمىن.
مۇژدە بەردى ئەھمەدى مۇختارغە:

”قوپ، رەۋان بول گۇنبەزى دەۋۋارغـە؛
ئاندا باردۇر قىرىق مەردانى خـۇدا،
قۇتبۇل ئەقتابى جەھانى ئەۋلىيا.
يەتتە تەن كەلتۈر ئۇ ئەھلىللاھدىن،
بەئدەزان ھاجەت تىلە ئاللاھدىن.
بۇ مۇناجاتىكى ئەيلەرسەن ئەبەس،
ھىچ پىچاق ئۆز ساپىنى كەسكەن ئەمەس“.

ۋەھىدىن فارىـغ بولۇبان ئول زەمان،
سۈرئەت ئەتتىلەر سويى ئاسمان.
ئاسمانى ئەۋۋەلىنغە يەتتىلەر،
يول تەرىقىن جەبرەئىل ئۆرگەتتىلەر.
ئاندىن ئىككىنچى فەلەككە سەئى ئېتىپ،
ئاسمانى سىيمىن ئۆزرە يېتىپ.
چۈن مۇھەممەد بىرلە جەبرەئىل بەھەم،
چىقتىلەر تۆرتىنچى ئەفلەك ئۆزرە ھەم.
پۇر قىلىپدۇر دامەنى دەۋرى فەلەك،
غۇلغۇلۇ غەۋغايى تەسبىھۇ مەلەك.
مەست بولدىلەر رەسۇلى پاكباز،
ھەر قەدەمدە قىلدى مەستانە نەماز.
ئاستىن كەۋنەين ئۈستۈن تاشـلابان،
سۆرەئى «ئىننا فەتەھنا» باشلابان.

دور باردىلەر دەرۇ دەرۋازە يوق،



ھەر تەرەفدىن قاقتىلەر ئاۋازە يوق.
ھەيرەت ئەيلەپ بىر بىرىگە باقتىلەر،
ئاقىبەت بىر يانىدىن كۆپ قاقتىلەر.
كەلدى ئاۋازىكى ”كىم؟“ ئەيدىـلە ”بىز“،
ئەيدى ”قىل پاتمايدۇ، پاتقايمۇ سىز“.
سەييىدىل قەۋم ئەيدىلەر: ”مەن بىر فەقىر،
فەقر فەخرىم بارچە ئالەمدىن ھەقىر.“
ئۇشبۇ دەم قىرىق تەنگە ئەمرى ھەق بۇلۇپ،
تىترەدى دىۋارى گۇنبەز شەق بولۇپ.
زاھىر ئولدى بول ئەجەب دەرۋازە،
زىكرىدىن كەلدى سەدايى تازە.
باش ئاياغىن كىم قىلىپ بى پاۋۇ سەر،
ئىشق تۇغيان قىلدى ئەھمەد كىردىلەر.
كۆردىلەركىم ئاندا قىرىق تەن ئولتۇرۇر،
سەر بەرەھنە، پا بەرەھنە، غەرقى نۇر.
بىرسى ئىستىغنا ئىچىدە سەرنـىگۇن،
بىرلەرىنى مەست ئەيلەپدۇر جۇنۇن.
لۆنگى تارتىپدۇر بىرسى دەرمىـيانە،
يۆرگەتىپدۇر بىرلەرى دەلـقى گەرانە.
سەدرى بابادىن بىرى دەر جۇش ئېرۇر،
رويى قىبلە بىرلەرى خامۇش ئېرۇر.
سۆھبەتى گەرمدە قىرىق ژۇلدە مو،
يەتكۇرۇبان ئەرشغە ئاۋازى ھۇ.
زىكرىغە مەشغۇل ئولۇپدۇرلەر بارى،

غەيرى ھەقدىن ئۆزگە يوق پەرۋالەرى.
مۇستەفا ئول ھەيندە قىلدىلەر سەلام،
قىلمادى ھىچ كىم ئۇلەرغە ئېھتىرام.
ئەردى قىرىق تەن ئۆزلەردىن بىخەبەر،
ئەھمەدى مەھمۇد ھەيران قالدىلەر.
لېك، ئورنىدىن قوپۇبان بىرلەرى،
ئەيدى: "كەل، كەل، يا نەبىيۇللا بىرى.
سەن-سە فەخرى ئالەم شاھى ئەرەب،
ئەيلەمە ئەندىشە قوپمايدۇرلە دەپ.
زاھىرى قىرىق تەن ۋەلې بىر تەن ھەمە،
زىنھار، ئەي، بىزگە ئىنكار ئەيلەمە."
ئەيدى ئول بۇ سۆزنى بۇزۇرگۋار،
ژەندە تىكەن يىڭنەنى مەردانەۋار،
سانچىدى قوللەرى ئۆززە ناگەھان،
بولدى قىرىق تەننىڭ قولىدىن قان رەۋان.
قەترەئى قان تامدى رەۋزەندىن ھۇنۇز،
ئارقاسىدىن ئارىفى باۋىردى سۆز.
تۇشتى ئىشقۇللاھ دەپ ھەيرانى مەست،
كىتفىدە زەنبىل، كەچكۇل بەدەست.
باقتى گۇنبەزنىڭ ئىچىگە ئوڭ-سول،
قويدى ئەھمەد ئالدىدا كەچكۇلنى ئول.
كەچكۇل ئىچرە دانەئى ئەنگۇر ئىدى،
دانە ئەرمەس، ئەردى ئەينى نۇر ئىدى.
چۇنكى بىسمىللاھ دەپ قول سۇندىلەر،



شەربەت ئولدى، تولدى كەچكۇل سەربەسەر.
خادىمۇل فەقر مۇھەممەد نېكى زات،
قىرىق تەنگە يەتكۈرۈپ ئابى ھەيات.
ھاي-ھۇي چەكتىلەر خەيرۇل بەشەر،
ھاجەتىكى بار ئىدى، ئەرز ئەتتىلەر.
بىر ئىشارەت بىرلە مەردانى خۇدا،
قىرىق تەندىن يەتتەتەن بولدى جۇدا.
ئەزبىرايى بەھرى ھاجاتى رەسۇل،
قىلدىلەر رويى زەمىن ئۆززە نۇزۇل.

يەتتەتەن ھەم جەبرىئىلۇ ھەم ھەبىب،
ھەزرەتى زوھرانىڭ ئىشكىگە كېلىپ.
شەيئۇللاھ چەكتىلەر مەردانى ھەق،
فەيزگە پۇر بولدى تا ھەفتەم تەبەق.
قىستۇرۇپ قورچۇقلەر ئۆززە پەر قارا،
ھەر لىباسى كىم كىيىپدۇرلەر قارا.
ھەلقە ئولتۇردىلەر سۆھبەت قۇرۇپ،
زىكرى يارەب دوستىغە مەشغۇل بولۇپ.
ھەزرەتى زوھرانى ئەيلەپ دەرميان،
بىر تەرەف پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە سۆھبەت قۇردىلەر،
لەرزىگە كەلدى تەمامى بەھرۇ بەر.
ھەم مەدىنە خەلقى يىغلاپ زار-زار،
ھەم بولۇپ رويى زەمىن چاكۇ غۇبار.

هەم سۇدا يىغلادى قۇش بىھساب،
هەم فەلەك ئۆزرە تۇتۇلدى ئافتاب.
سۇبھى سادىقدىن بۇرۇن ۋەقتى سەھەر،
زىكرىدىن زاكىرلە فارىغ بولدىلەر.
تىل ئاچىپ راز نىھانغە يەتتە تەن،
تىكتىلەر كۆز ئاسمانغە يەتتە تەن.
تۇرفەتۇل ئەين ئىچرە رو بولدى بەلا،
ئارى-ئارى مۇستەجاب ئولدى دۇئا.
بى تەبىبۇ بى دەۋا، بى دەردى سەر،
هەزرەتى زوهرا قوپۇپ ئولتۇردىلەر.
شۇكرى قىلدىلەر كۆرۈبان مۇستەفا،
ئەنبىيالەر سەرۋەرى سىدقۇس سەفا.
خەتمى «تا-ها» قىلدىلەر ئاندىن كېيىن،
قوپتىلەر رۇخسەت تىلەپ مەردانىدىن.
تەڭرى بەردى سىھھەتى بىمارغە،
ئەيدى: يانساق گۇنبەزى دەۋۋارىغە.
ئەيدىلەر: يانماقغە رۇخسەت يوقتۇرۇر،
لوقمەئى رويى زەمىن سىزلەرگەدۇر.
ئۈممەتىمدىن بولسە هاجەتمەند ئەگەر،
ئاغرىقىيۇ يا گىرىفتارى سەفەر.
يا بەلايى ناگەهانغە ئۇچرىغان،
يا يەتىمى، خەستەئى زىرى جىغان.
يا تەنى كىشتى دەريا قىلسە غەرق،
يا زىرائەتگاهىنى كۆيدۇرسە بەرق.



زالىمى مەزلۇمغە قىلسە ستەم،
تىغى باتىن بىرلە قىلغاي سىيەر قەلەم.
هەر بەلايى كەلسە رو ئەيلەپ هۇنۇز،
كىمكى ئاجىزدۇر مەدەد ئەيلەپ هۇنۇز.
قويماڭىز رويى زەمىندە بىر ئەدۇ،
هەق تەئالادىن سىلەرگە ئەمر بۇ.
مەككەۋۇ مۇلكى مەدىنە سەير ئېتىپ،
گاھ كېلىپ بىزنى كۆرۈپ، گاهى كېتىپ.
تۇرماڭىز بىر يەردە ۋە بارماڭ يىراق،
بولماغايكىم دەرمىيان هەزافىراق.
تابەنى بار ئەردىلەر بۇ ئەهلى هال،
تەۋف ئەيلەر ئەردىلەر هەر ماهۇ سال.
نەچچە يىلدىن سوڭ رەسۇل هەققى پەرەست،
چۇن ئەجەل پەيمانەسىدىن بولدى مەست.

بەس، ئەمىرۇل مۆئمىنىنى چەهار يار،
جايى ئان هەزرەتدە تاپتىلەر قەرار.
هەر بىرى ئۆز نەۋبەتىدە بار ئىدى،
يەتتە تەن رۇخسەت تىلەپ يىغلار ئىدى.
تاپمادىلەر يانغىلى بىر رۇخسەتى،
يەتتى ئاخىر شاهى مەردان نەۋبەتى.
شاهى مەردان، شىرى يەزدان ئەيدىلەر:
ۋاجىب ئەرمەس سىزلەگە قىلماق سەفەر.
تا رەسۇلنىڭ رەۋزەسىن قىلماي تەۋاف،

بولماغاي ئاينەئى رىسەڭلە ساف.
ئىستىمائ ئەيلەپ كەلام مۇرتەزا،
پايى بوسىن ئەيلەبان ئەھلى رىزا.
شادۇخۇررەم قويدىلەر يولغە قەدەم،
زىكرى يارەب دوست ئېتىپ دەم ـ بەدەم.
مۇستەفانىڭ رەۋزەسىگە يەتتىلەر،
ساچلەرىنى ئاندا جارۇب ئەتتىلەر.
تۇتتىلەر ماتەملەرىنى نەچچە كۈن،
با تەزەررۇئ، با تەۋەججۇھ تۈنۈكۈن.
ناگەھانى زاھىر ئولدى مۇستەفا،
بەردىلەر بۇ يەتتە تەنگە بىر ئەسا.
ئەيدىلەر: "تەندە تا جانىڭلە بار،
بۇ ئەسا سىزلەرگە بىزدىن يادىكار.
قايدا كەچ بولسە مۇنى سانچىپ قويۇڭ،
سەبزە بولغان يەر ئۈزە مەنزىل ئويۇڭ.
تۇر بەتىڭلەر بولسۇن ئول يەردە مازار،
فەيزى ئالسۇنلەر خەلايىق سەدھەزار.

رۇخسەت ئالىپ مۇستەفادىن يەتتە تەن،
سەيرى ئەيلەپ باغۇ بوستانۇ چىمەن.
ئاللاھ ـ ئاللاھ، بى ئۇزۇقۇ بى ئۇلاغ،
تەي قىلىبان جاڭگالۇ دەرياۋۇ تاغ.
كەزمەگەن شەھرۇ قەسەبچە قالمادى،
بىر خەبەر ھىچكىم ئۇلاردىن ئالمادى.



خەلقنى ئەيلەپ بەلالەردىن ئېمىن،
ئاقىبەت يەتتىلە تۈركىستان زەمىن.
مۈلكى تۈركىستان زەمىندە ياركەند،
پاي تەخت ئەردى بارى يۇرتدىن بەلەند.
كافىرىستان ئەردى لېكىن سەربەسەر،
با ۋۇجۇدى قىلدىلەر ئاندا مەقەر.
كۈندە كەچ بولغۇنچە تائەت ئەيلەيان،
كېچەلەر تىنماي ئىبادەت ئەيلەبان.
گاھى سەھرانى كېزىپ گاھى شەھەر،
خەلقى ئالەمدىن بولۇبان با خەبەر.
قايدادۇر يابىۋەئى يا دەردى ناك،
يا سىتەم ئىلكىدە بولغان سىينە چاك.
يا گۇنەھكارى گىرىفتارى ئەسەس،
بويىنىدا زەنجىر يوق فەريادى رەس.
يا سەفەردە يولدىن ئازغان كارۋان،
يا زەبەردەستىكى ناھەق تۆكسە قان،
جۈملەنىڭ دادىغە يەتتى يەتتە تەن،
ئاخىرى ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ۋەتەن.
كۆردىلەركىم مەنزىلدۇر باسەفا،
تىكتىلەر ئول دەم ئەسايى مۇستەفا.
ھەر تەرەف تىيرى كەرامەت ئاتتىلەر،
شامۇ خۇفتەننى ئوقۇبان ياتتىلەر.
ئەرتەسى كۆردىلەركىم تىككەن ئەسا،
سەبزە خۇررەم شاخۇ بەرگىدۇر رەسا.

مەئلۇم ئولدىكىم دەرەختىدىن تىرەك،
مۆئجىزە مۇندىن زىيادە نە كىرەك.
سىينە پۇر دەردى يۈرەكدىن خۇن چىكان،
ئەيدىلەر: ”بىزلەرگە بۇ يەردۇر مەكان“.
نەچە ۋەقتۇ نەچە سائەتدىن كىيىن،
رىھلەت ئەيلەپ بولدىلەر زىرۇ زەمىن.
بىلمەدى ھىچكىم بۇلەر ئەھۋالىنى،
چىل چىمەننىڭ مۇرغى زەررىن بالىنى.
ئۇل زەماندا بار ئىدى مۇنكىر بەسى،
يەتتە ئەھمەددەر ئىدىلەر بەئزىسى.
گەۋھەرى قىممەت بەھانى كىم تانۇر،
يەئنى داۋۇد ئاگلاغاي ھەرفى زەبۇر.
بۇلبۇلى بىچارە بىلگەي قەدرى گۇل،
ئاشىقى مەيخارە بىلگەي قەدرى مۇل؛
قوينى قويچىيۇ شۇ تۇرنى ساربان،
ئۆي سامانلىقنى تانۇر، ئىت ئۇستىخان؛
فەرق ئەيلەر باغبانى چارباغ،
نالەئى قۇمرى بىلەن غەۋغايى زاغ.

ساقىيا كەلدى سەدايى جامدىن،
ياد قىلغىل قۇببەتۇل ئىسلامدىن.
بىر ئەزىزى بار ئىدىلەر ئاشكار،
مەنزىلۇ مەئۋالەرى ئەردى بۇخار.
ئىشقىنىڭ مەيخانەسىدىن جۇرئە نوش،



مۇرشىدى گەنجى گۇرۇھى جەندە پوش.
ئاتلەرى شاھ تالىب سەرمەست ئىدى،
ئەۋلىيالەر ئىچرە بالا دەست ئىدى.
قىرىق بىر تالىبلەرىنى باشلابان،
ئەژدەھادەك ئاغزىدىن ئوت تاشلابان.
قىلدىلەر شەھرى بۇخارادىن سەفەر،
رەۋزەئى ئالىغە ئاخىر يەتتىلەر.
جەزبەدىن زورى تەۋەججۇھ ئەيلەبان،
ئەيلەدىلەر ئەرغەنۇن ياڭلىغ فىغان.
كۆزلەرىدىن ئاقىزىپ خۇنى جىگەر،
قىرىق بىر تەن ئەر بەئەين ئولتۇردىلەر.
بىر كىچە تۈن يارىم ئەردى ناگەھان،
بارگاھى ئەھمەدى بولدى ئەيان.
زاھىر ئولدىلەر رەسۇل مۆھتەرەم،
جۇملە مەۋجۇداتدىن ساھىب كەرەم.
ئالغان ئىلكىگە شەفائەتدىن خەتى،
لەبلەرىدە نالەئى يا ئۈممەتى.
كۆرگۈزۈپ مىھرى نەبۇۋۋەتدىن نىشان،
تارى ھەر كىسۇلەرى ئەنبەر فىشان.
يۈزلەرىدىن نۇرى فۇرقان جىلۋەگەر،
تۇرفە ھالەتدە نەمايان بولدىلەر.
ئەيدىلەر: ”شەھ تالىب سەرمەست ئىشىت،
بۇ ۋەسىيەتدۇر بەلەندۇ پەست ئىشىت.
يەتتە تەن كىم ساھىبى ئەسرارىدىن،

تۇشكەن ئەردى گۇنبەزى دەۋۋارەدىن.
ئەزبىرايى جۇملە ھاجەتمەند ئۇچۇن،
سەير ئېتىپ چىمەن ـ چىمەننى تۇنۇكـۇن.
ياخشىغە رەھمە، يامانني ئاتىلەر،
ياركەند شەھرىگە بارىپ ياتىسـلەر.
ھىچ كىم بىلمەيدۇ ياتقان يەرلەرىن،
تەنلەرى تۇفراق ئارا قاتقانلەرىن.
سەن بارىپ قىل تەرزى تەئمىرى مازار،
فەيز ئالغاي خەلق ئاندىن ئاشـكار."
بۇ بىشارەتنى تاپىپ دەرۋىشلەر،
رەۋزەدىن رەھ رو بولۇپ دىلـرىشلەر.
نەچچە ئايۇ نەچچە سائەتدىن كېيىن،
يەتتىلەر سەرھەددى تۈركىستان زەمىن.
رەھ رەۋانۇ ھەق بىلەن بۇ راھبەر،
ياركەند شەھرىگە داخىل بولدىلەر.
سوردىلەر ھەر ئادەمى بىر رەڭ دىدى،
ھىچكىم تۇربەتلەرىنى بىلمەدى.
بۇي سالدىلەر بۇ قىرىق بىر ئەھلى ھال،
ئۇشبۇ مەنزىلدىن كېلۇر بۇيى ۋىسال.
ئەلگە ئەيدىلەر: بۇ ئەھـلىللاھ ئۇلۇغ؛
باغلادىلەر ئۆزلەرى بىرنەچـچە تۇغ.
يەتتە تەنگە يەتتە قەبرە ئەتتىلەر،
ئەلگە تەۋق ئەيلەرنى ھەم ئۆرگەتتـلەر.
خانەقاھۇ مەسجىدۇ كۆل سالدۇرۇپ،



كى تىلاۋەت بىرلەكى سۆھبەت قۇرۇپ.
ھاجەتى مۆئمىنلەگە ئەيلەپ دۇئا،
ئولتۇرۇپ ئەردىلە شاھ ئەۋلىيا.

نەچچە شەككاكۇ مۇنافىق بار ئىدى،
ئەۋلىياغە ئىشلەرى ئىنكار ئىـدى.
پىرى مۇرشىدنىڭ قاشىغە بارمەغان،
نەفسى شەيتاننىڭ ۋولىنى قارمەغان.
بىۋەپايى مۇنكىرى بى پىرلەر،
جەمئ ئولۇپ مىرزا قاشىغە باردىلەر.
ئەيدىلەر: ئەي، يۇرتىنىڭكى ئاتەسى،
يەئنى مىرزا قەۋمىنىڭكى كاتتەسى.
قىرىق بىر دەرۋىشى سالۇسى گەدا،
شەھرۇ سەھراغە سالىپ بۇ ماجەرا.
مىكرى بىرلە ھىيلە بىرلە ھەر ئىشى،
مەقسەدى نەزرۇنىياز بەرگەي ئىشى.
يىغلىشىپ ئەھمەقلە ئاندا ھەر زەمان،
بولماغاي بىر فىتنەئى ئاخىر زەمان.
بىرسى نانۇ پۇل بېرۇر، بىرسى ئوتۇن،
ئولتۇرۇپدۇر چۆرەسىدە تۇل خـاتۇن.
شەرئىنى فاش ئەيلەمەيدۇرلەر مۇدام،
لوقما يەر بىلمەي ھەلالۇ يا ھەرام.
بىز ۋەلى دەپ ئولتۇرۇپ سەججادەدە،
كۆزلەرى لېكىن ھەمىشە مادەدە.

غەيبەت ئەتتىلەر ئۇلەرنى نەچچە رەڭ،
ئاڭلابان مىرزا ئابابەكرى دەبەڭ.
بىر ياساۋۇلغە دىدى: كەلتۈر مۆشۈك،
خاھى فەربىھ بولسۇنۇ خاھى ئۆشۈك.
ئۆلتۈرۈپ بىر يان كەبابى ئەيلەگىل،
تازە دەستۇرخان ئىچىگە يۆرگەگىل.
ئەيلەبان دەرۋىشلەرغە ئىبھتىرام،
قويغىل ئالدىدا دىگىل مەندىن سەلام.
بۇ ھەرامنى كۆر، ھەلال دەپ يەيمۇدۇر،
ئاڭلابان يا بىر نىمەرسە دەيمۇدۇر.
ئەۋۋەلى ئەيلەپ ئۇلەرنى ئىمتىھان،
بەئدەزان قىلماق كېرەك خوب مىھمان.
ئول ياساۋۇل كوشەئىدە ئولتۇرۇپ،
بىر قارا مۆشۈكنى تاپتى ئۆلتۈرۈپ.
ئەيلەدى خۇشبۇ كەبابى ناگەھان،
ئالدى دەستۇرخانىغە بولدى رەۋان.
كەلتۈرۈپ دەستۇرخانىنى بى تەلەب،
قويدى شەھ ئالدىغە بىلمەي بى ئەدەپ.
ئالەمى باتىندە كۆردىلەركى شاھ،
ئۆلتۈرۈپدۇر گۇربەئىنى بى گۇناھ.
ئەيدىلەر شەھ تالىب سەرمەست ئىشق:
سەن ياساۋۇل يا جۇھۇدانى دەمەشق.
پادىشاھىڭ بۇ تەئامدىن يەر ئىكەن،
ئۆزىنى ئىسلام ئېلىدىن دەر ئىكەن.



لاجەۋاب ئەردى بۇ سۆز بولدى خەمۇش،
گۇربەئىنىڭ پەنجەسىدە مىسلى مۇش.

ئەۋلىيانىڭ غەيرەتى جۇش ئەيلەبان،
تۇغ بىرلەن موغ بىردۇش ئەيلەبان،
”پىش“ دىبان قول سۇندىلەر ئۆزدىن كېتىپ،
ساچرابان قوپتى مۆشۈك فەرياد ئېتىپ.
هاي-هويى چىقتى سەف-سەف خەلقدىن،
ھەم ياساۋۇل يىغلابان ئۆپتى زەمىن.
شىكۇھ قىلغان خەلق ھەيران قالدىلەر،
بەدگۇمانلىقدىن پۇشەيمان بولدىلەر.
شاھ ئىنكار ئەھلىدىن تارتىپ ئىزا،
تۇرمايىن كەتمەككە بولدىلەر رىزا.
قىرىق بىر تەندىن بىرى رەنجۇر ئىدى،
ئاتلەرى شەۋقى يەباي نۇر ئىدى.
شاھ شەۋقىغە دەپ ئەي دەرۋىشى دوست،
بىز كېتەرمىز، سىزگە قالدى تەختى پوست.
كىمكى كامىلدۇر ئانى ئولتۇرغۇزۇپ،
زۇلۇم ئايۋانىن كەرامەتدە بۇزۇپ.
خانىقەھدە ئولتۇرۇبان نان بېرىڭ،
تاڭلا جەننەتكە كىرىبان گۈل بېرىڭ.
مەن بولالماسمەن بۇ يەردە بەرقەرار،
رويى پوش ئەردىمۇ بولدۇم ئاشكار.
يوق ئىكەندۈك مۇندا بىر ھەمدەم ماڭا،

بۇ يىغىلغان خەلق نامەھرەم ماڭا.
سۆرەتى ئادەم، ۋەلىي سىيرەتدە يوق،
ھىچقايسى مەزھەبۇ مىللەتدە يوق.
ئەيتىبان بۇ نۇكتەلەرنى سەربەسەر،
ھەزرەتى شەھ تالىب سەرمەست ئەر.
بى ئەسا، بى رەھنە مۇن، بى كارۋان،
ئەندجان يولغە كىردىلەر رەۋان.
ئاڭلابان بۇ سۆزنى مىرزايى كىبار،
ھەم پۇشەيمان بولدىيۇ ھەم شەرمىسار.
بۇ خىجىللىقدىن نەدامەتلەر ئېتىپ،
ئىككى بەگدىن پىشىلەر يۇكلەتىپ.
تىيغالى ھۆكم ئەيلەدى مىرزاي مەلىك،
تاكى قىلغايلەر كېلىپ ئەھياي مەلىك.
بەگلەر ھەم سۇرئەت ئەيلەپ چاپتىلەر،
كاشغەر سەھراسى ئۆزرە چىقتىلەر.
پىشكەش-سوغاتنى بۇ ئىككى بەگ،
ئۆتكەرىپ قويدىلەر ئاندا رەگ بەرەگ.
بەندەلىكى مىرزانى يەتكۇردىلەر،
جانۇدىل بىرلەن قوپۇبان تۇردىلەر.
ئەيدىلەر: سىزلەردە يوقدۇر ئېتىقاد،
ۋەرنە بىز دەشتى جۇنۇندە گىرد باد.
ھوي تارتىپ يولغە بولدىلەر رەۋان،
ياندى بەگلەر نا ئۇمىدۇ ناتەۋان.
ئەيلەدىلەر ئەرز مىرزاغە يېتىپ،



يانمادىلەر بۇ تەرەف شاھ ناز ئېتىپ.
بەس فەرىشان بولدى مىرزايى شەھەر،
كەلدى تۇربەتكە ئالىبان سىيمۇ زەر.
كۆردى بىر دەرۋىشى رەنجۇرۇ غەرىب،
تەكيە ئەيلەپدۇر خەزاندەك سارغارىپ.
سوردى ھالىنى قىلىبان سەرەفراز،
بەردى شەۋقىغە بۇ كەلتۇرگەن نىياز.
بەئدەزان تەۋف ئەيلەدى تۇربەتنى ئول،
ئاندەكى تاپتى تەرىقەت ئىچرە يول.
يەتتە پاتمانلىق زەمىن ۋەقف ئەيلەدى،
ھەم قاراقۇم ۋەقفىنى تەئىن ئەيلەدى.
موللا سادىقنى قىلىپ شەيخى مازار،
شەيخ، جارۇبكەشنى ئەيلەپ ئۇستۇۋار.
خانىقا ھۇ مەسجىدۇ كۆل قىلدۇرۇپ،
تەۋبە ئەيلەر ئەردى مىرزا ئولتۇرۇپ.
يەتتە تەن پەرتەۋفشان يەتتە نۇر،
خاكى رىيزى قەلئەدە ئەيلەپ زۇھۇر.
ياركەند شەھرىنى رەۋشەن ئەيلەدى،
بوستانۇ باغ گۇلشەن ئەيلەدى.
ئول چىمەننىڭ سايراغان بۇلبۇللەرى ,
ياستانىپ ياتقان زەلىلى قۇللەرى.
بولمادى يىل ئاڭا دىۋارى باغ،
شۆئلە بەردى باتىنىدىن جىل چىراغ.
يەتتە تەندىن بولدى يا ئول شاھى زىن،

رەۋشەنايى تاپتى بەرقى ئاھىدىن:
نەزمگە كەلتۈردى ئاخىر بۇ كىتاب،
ئۆمرى زايە ئەيلەگەن پىرى خەراب.
جەمئى ئالتمىش ئالتە بەيتۇ ئىككى يۈز،
بولسە نۇقسانى تەۋەججۇھ بىرلە تۈز.
ئاگاھ بولغىل تارىخىنى ئەي جانۇدىل،
مىڭ يۈز يىل ئەردىيۇ قىرىق يەتتە يىل.
كىمكى ياد ئەيلەپ ئوقۇر بۇ يادكار،
مەن دۇئايى خەيرىدىن ئۈممىدۋار.

سورماغىل قايسى گۈلى بەخارىدىندۇر يەتتە تەن،
سەر گۇرۇھى گۇنبەزى دەۋۋارىدىندۇر يەتتە تەن.
مەنزىلۇ مەئۋالەرى ئەردى چەھارەم ئاسمان،
ئاندا جەۋلان ئەيلەگەنلەر يارىدىندۇر يەتتە تەن.
ئەزبىرايى رەنجى زۆھرايى كەنىزى كىردگار،
ئىلتىجايى ئەھمەدى مۇختارىدىندۇر يەتتە تەن.
بالۇپەرسىز ئاسماندىن يەرگە پەرۋاز ئەيلەگەن،
ئەي زەلىلى ساھىبى ئەسرارىدىندۇر يەتتە تەن.

كىمكى تەۋف ئەيلەر كېلىپ ھەر كۈندە جايى يەتتە تەن،
ئاقىبەت يەتكەي قۇلاقىغە سەدايى يەتتە تەن،
دەرمەندىكى شىفا بەردىلە نابىيناغە كۆز،
ھەر مەھەلىدە ئىجابەتدۇر دۇئايى يەتتە تەن.
تاجى شاھانى مەجازىن زەررىنە دۇر ئەيلەگەن،



ئارى ئەزرويى كەرامەت كىميايى يەتتە تەن.
چۈن سىپىھرى ئۆزرە رىجالۇللاھ گۈ لىخەن ئولتۇرۇپ،
ماھى نەۋدىن ئەيلەدىلەر گۈل سەفايى يەتتە تەن.
يا رەسۇلۇللاھ بىشارەت بىرلە سىز بەرگەن ئەسا،
سايەبانى مەرقەد ئولدى مۇتتەكايى يەتتە تەن.
دۇررى مەرجان بىرلە ياقۇتۇ زەبەرجەد بولماسا،
گەۋھەرى جانى ئەزىزىمدۇر فىدايى يەتتە تەن.
كوچەۋۇ بازار كوي ئىچرە تاپىلماس ئىستەمەك؛
قەرنەلەر ئۆتتى زەلىلىدۇر گەدايى يەتتە تەن.

# خوجه مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار تەزكىرەسى

## تەزكىرەئى ھەزرەتى خوجه مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار

ئەي خۇدايا ئەكرەمۇل ئىكرامۇ جۇد،
جۇملەئى مەۋجۇدغه بەردىڭ ۋۇجۇد.
گەنجى پىنھان ئەردىڭ ئەۋۋەل بىرۇبار،
ئەيلەدىڭ ئاخىر ئۆزۈڭنى ئاشكار.
تاپتى سەندىن زىننەتى كۇرسىيۇ ئەرش،
بارلىغىڭدە ئەرشدىن تا تەھتۇ فەرش.
سەندىن ئولدى ھەم خەزانۇ ھەم بەھار،
سەندىن ئولدى مەستى كىبكى كۇھسار.
قىش كۈنى دەريانى قىلدىڭ شىشه پۇش،
بىر ئاۋۇچ تۇفراقدىن يۈز ئەھلى ھۇش.
ئاسمانۇ ئەرزۇ ئەبرۇ ئافتاب،



ئافەرىنىش بەھرىدىن گويا ھۇباب.
شەمئى نۇرانى ئۆزە دۇد ئەيلەدىڭ،
رويى ئالەمنى رىزەندۇد ئەيلەدىڭ.
خەلق قىلدىڭ ئادەمۇ دىۋۇ پەرى،
ئەيلەدىڭ ھەرقەۋم ئۆزە پەيغەمبەرى.

### سەدرى سەففەئى سەفا، بەدرى قىبلەئى ۋەفا مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەئتلەرىدە

سەرۋەرى سەردەفتەرى پەيغەمبەران،
ھەزرەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.
ساھىبى مىئراجى نەئتۇ مەنقەبەت،
ئافتابى ئاسمانۇ مەئرىفەت.
چەكتى شەيتان خەيلىنىڭ ئەيىنغه مىل،
ھەم ئىنانىدە يۈرۈپدۇرجەبرە ئىل.
كۇفر ئېلىگه كۆرگۈزۈبان مۆئجىزات،
سىندۇرۇپ لاتۇ مەناتۇ سۇمنات.
ساچتى ئىمان گەۋھەرىنى سەدھەزار،
ئۈممەتى ئىچره خۇسۇسەن چاريار.

### چەھارياران ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنقەبەتلەرىدە

ھەزرەتى بۇ بەكرى سىددىقۇ ئۆمەر،

نايىبى بەرھەق ۋەلىيىۇ بەھرۇبەر.
بەئدە ئۇسمانى زىھى ئالى جەناب،
ھەيبەتى ھەقدىن ئىدىلەر مىسلۇ ئاب.
يار تۆرتىنچى خىدىۋى زۇلفىقار،
شاھى مەردان ھەيدەرۇ دۇلدۇل سۇۋار.
جان بىلەن ئەيتۇر زەلىلى سۇبھۇ شام،
ھەر بىرىگە مىڭ دۇرۇدۇ مىڭ سەلام.

## تەزكىرەئى ھەزرەتى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار نەسرى ئەردى، زەلىلى ناتەۋان نەزمە تەرتىبىگە كەلتۈرگەنى

ساقىئى شىرىن زەبانى ياركەند،
جامى مەي تۇتقىل بۇگۈن تەبئىم بەلەند.
شوخلۇقدىن ئاندەكى پەرۋاز ئېتەي،
ھايىھويى ئەيلەبان ئاۋاز ئېتەي.
(ئادەم ئارامىدە بەلكى مورۇ مار،
يۇرت ئەمنىيىەت مەھەللى نەۋ بەھار.
شاھىدى گۈلگۈن قەباىيى غۇنچەلەب،
تۇتمادىڭ ساغەر، بولۇپدۇر نىمشەب.)
مەي پەرەستان بۇ كېچە ھۇشيار ئەمەس،
ھەم مۇغەننى ئۇيقۇدىن بىدار ئەمەس.
ئەي مۇسۇلمانلەر نىچۈك تەدبىر ئېتەي،
زىكرى خوج مۇھەممەد شەرىف پىر ئېتەي.



خوجەنىڭ فەيزى فۇتۇھى ئام ئېرۇر،
مەنزەلى مەئۋالەرى سايىرام ئېرۇر.
يەتتە ياشدە ئەردىلەر ئول بۇزۇرگۋار،
بى پەدەر قالدىلەر ئاندا خارۇ زار.
(بىرنەچە كۈن بۇ يېتىملىككە چىداپ،
خىزمەتى ۋالىدە ئەيلەپ بىھىساب.)
خىزمەتى ۋالىدەسىن دەۋلەت بىلىپ،
ھىچ تەقسىر ئەتمەيىن خىزمەت قىلىپ.
(خوجەنى مەكتەبغە ئىلتىپ بەردىلەر،
خەرج ئەيلەرگە يوق ئەردى سىمۇ زەر.
چەرخ ئىگىرىپ، يىپ ساتىبان ۋالىدە،
خوجە مەكتەبدەئوقۇپ ئۆز ھالىدە.)
يەتتە پەنجشەنبە بېرىپ پەنجشەنبەلىك،
بۇ مۇشەققەت بىرلە سىزغۇردى يىلىك.
ياشلەرى ئونغە يېتىبان بى پەدەر،
ۋالىدە قالمادى ئۆلەر ھەم ئۆلدىلەر.
تەئزىيەتدىن كۆزلەرى گىريان بولۇپ،
قالدىلەر سايىرامدا سەرگەردان بولۇپ.
دەردى بىرلەن ئولتۇرۇپ لەيلۇ نەھار،
يىغلار ئەردىلەرچۇ ئەبرى نەۋ بەھار.

## خوجە بۇزۇرگۋارغە بىر پىرى رەۋشەن زەمىرى مەقام مەئرىفەتدىن خەبەر بەرگەنى

شەرفەئى كەلدى ئىشىكدىن ناگەھان،

كۆردىلەر نۇرانىئى مەردى كەلان.
جىلۋە ئەيلەپ نۇرى ھەق رۇخسارىدىن،
دانە ـ دانە دۇر تۆكۈپ گۇفتارىدىن.
ئەيدى: ئەي فەرزەندە غافىل بولماغىل،
پاشائى ئاجىز بول، فىل بولماغىل.
كۆرگەلى ئالەمنى كۆز بەردى ساڭا،
بەندەلىكنى نىگە قىلمايسەن ئاگا.
قاشۇ كىرپىكۇ ئاياغۇ قول بېرىپ،
مۇندا كەلتۈردى ئەدەمدىن يول بېرىپ.
ئەزىبرايى بەندەلىك ئەتمەك ئۈچۈن،
ئۆز قىلىبان بىرگە ئۆرگەتمەك ئۈچۈن.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئايا ئۆمۈر بار،
جۈملەنىڭكى مەنزىلى دارىلقەرار.
ھېچكىم ئۆز ئالدىن بولماس كىشى،
تۈشمەسە تا ئەۋلىيالەرغە ئىشى.
بەس سەمەرقەندىنكى دەرلەر، ئاندا بار،
ھەرمۇرادىڭ بار كۇشايىشلەر تاپار.
ئەيتىبان بۇ سۆزنى ئول مەردى كەلان،
بولدى ئول دەمدە پەرى ياڭلىغ نىھان.
خوجە بۇ كېچە تۈنەپ ئولتۇردىلەر،
جەزبە تەگدى ئەجەب ۋەقتى سەھەر.
سۇبھى سادىقدىن بۇرۇن مادەرلەرى،
تۈشلەرىدە ئەيدىلەر: ”كەل ـ كەل، بېرى.
ھەرنە ئول مەردى كەلان ئەيدى ساڭا،



ئاڭلاغىل گوياكى جان ئەيدى ساڭا.
تەربىيەت تاپقۇڭدۇر ئاخىر غەيبدىن،
فەيزى بولغاي ۋاھىدى لارەيبدىن.
ھەر دەمى تازە تەھارەت ئەيلەگىل،
دىن سەرايىنى ئىمارەت ئەيلەگىل.
پىرى كامىلدۇر ئۇشۇل مەردى كەلان،
ھەرنە ئول ئەيدى ئانى قىلغىل رەۋان.
بىزلەنىڭ ئەرۋاھىمىز ھەم ياردۇر،
يار ياۋەر ئەۋۋەلا جەبباردۇر.
قوپ، سەفەر قىلغىل مۇبارەكدۇر سەفەر،
ئۇچراغاي بىر كۈن ساڭا ساھىب نەزەر.“

## خوجەئى بۇزۇرگۋار ئەرۋاھى تەييبەنىڭ بىشارەتى بىرلە، پىرى رەۋشەن زەمىرنىڭ ئىشارەتى بىرلە، سەمەرقەندغە سەفەرقىلغانلارىنىڭ بەيانى

بۇ بىشارەت بىرلە ئويغاندى خوجە،
سۇبھى ئەردى ھوجرەغە ياندى خوجە.
تۈشەۋۇ تالقانۇ كولبار ئالدىلەر،
ھەرنە جابدۇقى سەفەر بار ئالدىلەر.
ھەققى ھەمسايە ياربان خوبلاشىپ،
يۇردىلەر، ئەل قالدى ئاندا يىغلاشىپ.
نەچچە كۈندىن سوڭ سەمەرقەند باردىلەر،
پۇتلارى ئابلە ئەيلەپ ھاردىلەر.

كىردىلەر دەرۋازەدىن ھويى چىكىپ،
كۆزلەرىنىڭ ياشىدىن جويى چىكىپ.
ۋەقتى شامۇ خەلق ئۆيلەرگە كېتىپ،
ھەم دۇكانلەرىنىڭ ئىشىكىن بېركىتىپ.
ئوتۇز ئىكى ھىرفەگەردىن يوق كىشى،
خوجە ئەيدىلەر بۇغۇربەتنىڭ ئىشى.
قايدا قونغايمەن قاراڭغۇدا بارىپ،
ھەم يەتىمۇ ھەم مۇسافىر ھەم غەرىب.
بۇ تەفەككۇردە فەرىشان ئەردىلەر،
بىلمەيىن ھىچ يەرنى ھەيران ئەردىلەر.
بىر تەرەفدىن شەھنە فەرياد ئەيلەدى،
فىتنەئى غەۋغايى بۇنياد ئەيلەدى.
ئەيدى: شەھر ئىچرە مۇسافىر تۇرماغىل،
رەستەئى بازاردا ئولتۇرماغىل.
ۋەرنە زىندانغە تۈشەرسەن دۇزدار،
دۇزد دىبان تاڭلا قىلۇرلە سەنگسار.
قورقۇبان خوجە ئەسەدىن قاچتىلەر،
مەسجىدى ئۇچرادى ئىشكىن ئاچتىلەر.
كىردىلەر مەسجىدكە ئەيلەپ ئىزتىراب،
ئارقەلەرىدىن مۇئەززىن ھەم ماراپ.
كەلدىيۇ ئەيدى: نىچۇك دەرۋىش سەن؟
مۇندا ياتماق خوب ئەمەس بى رىش سەن.
ھەر نىمەرسەڭ بولسە بەرگىل ئىلتەيىن،
سۇد ئەتمەس ئوغرى ئالغاندىن كىيىن.



يا، يىتەر مەسجىد ئىچىدىن بىر بىسات،
قالماغاي سەندە بەرادەر ياخشى ئات.
ئۇشبۇ سۆزدىن بولدىلەر بى ئابۇتاب،
ئىلكىگە بەردىلەر كولبار كىتاب.
قوپتى مەسجىدنىڭ ئىشكىن ئەتتى ئۇل،
قالدىلەر يالغۇز، ئۆيىگە كەتتى ئول.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە تائەت قىلدىلەر،
كى نەمازۇ كى تىلاۋەت قىلدىلەر.
سۇبھى سادىق بولدىيۇ ئەزم ئەتتى شام،
ھازىر ئولدى ھەم مۇئەززىن ھەم ئىمام.
بەس ئەدا ئەيلەپ نەمازى بامداد،
جەمئىيەت تارقاپ چىقىپ كەتتى چۇباد.
تېز-تېز باقىپ ئىمامى بى تەمىز،
ئەيدى: ئەي سوفى نە يەردىن كەلدىڭىز؟
خوجە ئەيدىلەركىم مەن سايرامدىن،
بىھۇدە سۆز سورما بى ئارامدىن.
ئىلىم ئۆرگەنمەك ئۈچۈن مەن بىقەرار،
تەبرەنۇر جان جىسمىم ئارا سىمابۋار.
ئەيدى موللايى مۇئەززىن: ئەي سوفى،
مەدرەسە بار ئاخۇنى تۇرفە سەخى.
بىل، بەنا قىلغان ئىبرۇر مىرزا ئۇلۇغ،
يۇرت ئاتاسى، ساھىبى كەرنايى تۇغ.
بارساڭىز ئاندا مۇسافىردۇر دىگەي،
ھوجرە بەرگەي، ياخشى پەرۋا ئەيلەگەي.

گاھی ـ گاھی كەلسەڭىز بىزنى سوراپ،
يەتكۈرۈمىز ئالدىڭىزغە نانۇ ئاب.
مۇنچە ئىلمۇ مۇنچە فەزلىنى بىلىپ،
كەتتى تەكلىفى سەمەرقەندى قىلىپ.
خوجە ئۇل ھىندە قىلىبان ئىزتىراب،
يۈردى ئاخۇننىڭ ئوتاغىنى سوراپ.
ئاخىرى بى ئاشناۋۇ بى دەرەم،
ئىستەي ـ ئىستەي تاپتىلەر ئاخۇننى ھەم.
كۆردى ئاخۇن بىر يىگىتنى ھەق پەرەست،
زاھىرۇباتىن مۇھەببەت بىرلە مەست.
غافىل ئادەمدىن ئەمەس ئەھلى ھۇزۇر،
چېھرەسىدىن نۇرى ھەق ئەيلەر زۇھۇر.
ماسىۋادىن خوجە فارىغ ئەردىلەر،
ھوجرە خالى بار ئەردى بەردىلەر.
يوق ئىدى سەرف ئەتكەلى ئەسبابى ئۆي،
شەمئ ئورنىدا ئىدى مەھتابى ئۆي.
تاپمادىلەر بىر بىساتى لاجەرەم،
بورىيايى كوھنەئى بولدى بە ھەم.
بىر سىنۇق ئىبرىق، بىر خىشتى پۇچۇق.
دەستەۋۇ جورغاسى ئىبرىقنىڭ ئوچۇق.
خەرج ئەيلەرگە يوق ئەردى سىمۇزەر،
ئولتۇرۇبان خوجە يىغلار ئەردىلەر.
كۈندۈزى ئىلم ئۆرگەنىپ ئەللامەدىن،
كېچە تەكرارى قىيامەتنامەدىن.



گاھى ئىستىغراق ئىچىدە مەست ئولۇپ،
زۇھدۇ تەقۋا بىرلە بالا دەست ئولۇپ.
ھالداشت ئەرمەس ئىدى شاھۇ گەداي،
ئۆمۈر ئۆتكەردىلە مۇنداغ يىلۇ ئاي.
ھىچ نىمەرسە يوق ئىدى، قەللاچ ئىدى،
خوجە ئون تۆرت كېچە ـ كۈندۈز ئاچ ئىدى.

## بىر سەۋداگەرنىڭ كوجى بۇزۇرگۋارنى تۈش كۆرۈپ، غايىبانە مۇخلىس بولۇپ، كەنىزەكىدىن مەھەزەر ئىبەرگەنى

كېچە ـ تۈن يارىمى ئەردى لاجەرەم،
بىر كىشى ئىشىكنى قاقتى دەمبەدەم.
ئاچتىلەر ئاخىر ئىشىكنى ئۇشبۇ ھىن،
كۆردىلەر بىر دىدەكى پاكىزەدىن.
ھوجرەغە كىردى سەلامى ئەيلەدى،
ھەم بى بىسىدىن پەيامى ئەيلەدى.
ئەيدى: بى بىم ئۆزلەرىنى تۈش كۆرۈپ،
كەلمەدى خىزمەتلەرىگە ئۈلگۈرۈپ،
غايىبانە مۇخلىس ئولدى ھەم مۇرىد،
بەس دۇئالەرىدىن ئەيلەيدۇر ئۈمىد.
بۇ دىدەكنىڭ ئىلكىدە دەستۇرخان،
بىر ساغۇدا چۆچبەرە، بىر دەستە نان.
خوجەنىڭ ئالدىدە ئىلتىپ قويدى ئول،

ھەم بۇلەرسىير ئۇلدىلەر[2] ھەم تويدى ئۇل.
قالغانىنى خوجەئى ساھىب نەزەر،
نامرادۇ كەمبەغەلغە بەردىلەر.
كەتتى دىدەك خوبلاشىپ بەئداز تەئام،
بى بىسى بولدى كەنىزەك ھەم غۇلام.
ئالتە كۈندە ـ يەتتە كۈندە بۇ دىدەك،
كەلتۈرۈبان مىۋە ـ ۋۇ نانۇ نەمەك.
گاھى دىدەك كەلمەس ئەردى نەچچە كۈن،
ئاچ يۈرۈر ئەردىلە خوجە تۈنۈكۈن.
گاھى ئاشپەزلىكدە ئاشدىن بۇي ئالىپ،
نەفس ئەژدەرھاسىنى يەرگە چالىپ[3].
بۇ رىيازەت بىرلە تاپىتلەر كەمال،
ھاسىل ئەيلەپ ئىلمى ھالۇ ئىلمى قال.
ئىلم بابىداچۇ دەريا بولـدىلەر،
زاھىرۇ باتىن مۇسەففا بولدىلەر.
ھەم فەتىلە راست بولدى ھەم چىراغ،
رەۋشەن ئەيلەرگە كىشى يوق، تولدى ياغ.
تەربىيەت ئەيلەرگە بىر پىرى كىرەك،
پىرى پۇر فەيزى جەھانگىرى كىرەك.

**توقسان توققۇزىنىڭ مەشايىخىنىڭ سەرۋەرى، سۇلـتان خوجە ئەھمەد يەسەۋى، ھەزرەتـى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى ئۆزلەرىنى زاھىر قىلىپ، بىشارەت بەرگەنلەرى.**

نەچچە يىلدىن سوڭ ئىدى ۋەقـتى تۇمۇز،



مەدرەسە خالىس ئىدىبۇ نىسفى رۇز.
موللالەر سەھراسەرى چىققان ئىدى،
خوجە يالغۇز ئولتۇرۇپ گىريان ئىدى.
كەلدى بىر ئاتنىڭ تاۋۇشى ناگەھان،
فىكر قىلدىلەر نىچۈك ئاتلىغ دىبان.
**تاشقارىدىن قىچقىرىپ ئەيتۇر بىرو،
ئەي غەمى مىھلەت ئىلىكىدە گىرو.**
تاقەتۇ سەبرى تەۋەككۇلغە ھەرىپ[1]،
ھوجرەدىن مۇندا چىقىڭ موللا شەرىپ،
ھالەتى رو بەردى بۇ ئاۋازدىن،
بەس خەبەر ئالماقغە ساھىب رازدىن،
چىقتىلەر، نى كۆردىلەر بۇزۇرگۋار،
تۇرمىش ئاندا ئىككى ئاتلىغ شەھسۇۋار.
بىرقارا قاشقا سۇۋارە ئەۋلىيا،
بەللەرىدە ئوقۇ ساغداق بىرلە يا[4].
ھەم قاراخەفتان كىيىپ، ئالتۇن كەمەر،
ھەم مۇبارەك باشلەرىدە تاجۇ زەر،
سەلتەنەت مەيدانىدىن ئالى نىشان،
يۈزلەرىدە نۇرى ھەق پەرتۇفشان.
بىرلەرىنىڭ ئاتى سەرتاپا قارا،
ئۇشبۇ سۆرەتلىك يوق ئەردى ئات ئارا[5].
تۆرت ئاياغىنىڭ تۇۋاغى ئەردى ئات[6]،
تەرزىدىن بىلمىش ئىراقى تو پىچاق.
ئۆزرەسىدە ئەۋلىيايى ئولتۇرۇر،

مەدرەسە سەھنىدە بۇ ياڭلىغ تۇرۇر.
تىترەشۇر ھەيبەتلەرىدىن ماھى مېھر،
باشلەرىدىن ئايلانۇر دەۋرى سىپېھر.
چېھرەدىن پەيدا ئېرۇر نۇرى خۇدا،
يىدلەرىدىن كەلدى بۇيى مۇستەفا.
خوجە تەئزىم ئىلە قىلدىلەر سەلام،
كۆزگە سۇرتۇبان ئۈزەڭگۈ ھەم لىجام[2].
ئول قاراقاشقا تويچاق مىنگەن ئەر،
ساھىبى شەمشىرۇ تىركەش بىرلە تىر.
ئەيدىلەر بۇ ئىشدە غەمكىن بولماغىل،
ئاخىرەت ئالدىدا دۇنيادۇر ئاغىل.
بولدى ئوتتۇز يىل بۇ يەردە بارسىز،
نەفسىنى تائەت بىلە قىينارسىز.
ياتمايىن ئوتتۇز يىل ئىچرە بىر كېچە،
جەھد ئەيلەك ئىش شۇ بۇدۇر ئۈلگۈچە.
هارماغۇ ئاچماغ مۇشەققەت بىرلەسىز،
مۇنچە مېھنەت ھەم رىيازەت بىرلەسىز[7].
سىزدە بىر ئىبرىقۇ خىشتۇ بوريا،
كۆڭلۈڭىزدە قالمادى بۇيى رىيا.
بىز ئىككۆلەن جۇملە ئالەم سەير ئېتىپ،
كۈن تۇغۇشدىن كۈن پاتىشغە يېتىپ.
تاپمادۇق سىزنىڭچە قابىل بىر كىشى،
ئاينە ساف ئەيلەگەن ئەركەك ـ تىشى.
ئىلگەرى كەلمەك كېرەك موللا شەرىف،



بارچەغە مەقبۇل زىباۋۇ زەرىف.
نەفس شەررىدىن بولۇڭ ئەمدى ئېمىن،
بەردىلەر ئىلكىگە بىر قۇرسۇ جەۋىن[3].
خوجە فەرياد ئىلە قىلدىلەر سوئال:
ئۆزلەرى كىم بولدىلەر ئەي ئەھلى ھال.
ئول قارا قاشقا تو پىچاقلىق جوۋان،
ئەيدىلەر: بىل، مەن ساتۇقى بۇغراخان.
كاشغەر مۇلكىنى ئىسلام ئەيلەگەن،
دىن دىيارىنى سەرەنجام ئەيلەگەن.
مەنزىلىمدۇر قىبلە رويى كاشغەر،
سەرگۇرۇھى غازىيانى بەھرۇ بەر.
بىرلەرى ئەيدىلە: بىزنى بىلمەسەڭ،
سۇرەتىمدىن مەردۇ پىر ھەيبەت دىسەڭ[8].
مەنكى سۇلتان خوجە ئەھمەد يەسەۋى،
ھەم ۋىلايەت ھەم كەرامەتدە قەۋى؛
رەھنەمۇنى ئەسرى مەن، يوق غالىبىم[9]،
بار ئېرۇر يۈز مىڭ مەشايىخ تالىبىم.
جۇملە ئەھلىللاھنىڭ دېھقانى مەن،
بارگاھى ئىشقىنىڭ سۇلتانى مەن.
كەل، كۆزۈڭنى يۇم، قولۇڭنى بەر ماڭا،
كۆزلەرىنى يۇمدى، قول بەردى خوجا.
باز ئۇن كەلدى: كۆزۈڭ ئاچقىل بۇ دەم،
ھەق يولىدا ساھىبۇ ۋىردى ئەلەم.
كۆزلەرىنى ئاچتى، كۆردى بۇزۇرگۋار،

ھەر تەرەپ دەشتۇ بەيابانۇ غۇبار،
دەشت ئۆزرە ئىككى سۇلتانى جەھان،
قۇلزۇمى ۋەھدەتدە گويا كىشتىبان.
قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەنلەرى،
ئەيدىلەر: موللا شەرىپ، كەل ـ كەل، بىرى،
گەر مېنى ئىستەرسە بارغىل كاشغەر،
مەقسەدىڭدىن ئاندا تاپقايسەن خەبەر[10].
ۋەر، بۇلەرنى ئىستەسەڭ بىئىختىيار،
تۇرماغايسەن مۇندا تۈركىستانغە بار.
غەيىب بولدىلەر بۇ سۆزلەردىن كېيىن،
مۇشكۇ ئەنبەرغە تولۇپ رويى زەمىن[11].
ھىچ جەنبىدە يوق ئەردى ئول زەمان،
خوجە ئەردىيۇ زەمىنۇ ئاسمان.
يۈردىلەر ئاندىن سەراسىمە بولۇپ،
كۆزلەرى ياش ئورنىدا قانغە تولۇپ.
ئاخىر ئۈچ كۈندە سەمەرقەند باردىلەر،
ھوجرەسىنىڭ گەنجىنى ئاختاردىلەر.
مۇسھەفۇ كۇلبارۇ بىرنەچچە كىتاب،
بورياۋۇ خىشتۇ ئىبرىقۇ خەراب.
چىقمادى دۇنيالىقدىن بىر دەرەم،
روزكارى ئۆتكەرىبان لاجەرەم.
تاكى جابدۇقى سەفەر قىلغاي ئۇلەر،
ھىچ نىمەرسە يوق ئىدى ۋەقتى سەھەر[12].
تەشنەۋۇ ئاچۇ غەرىبۇ ناتەۋان،



ھوجرە ئىچرە ئولتۇرۇبان ناگەھان.

**خوجەئى بۇزۇرگۋار سەفەر جابدۇقىغە ھەيران بولغانلەرىدە، ئول سەۋداگەرنىڭ كوجى دىدەكىدىن نىيازمەندلىك ئىبەرىپ دۇئا تىلەگەنى**

كۆردىلەركىم ئىلگەرى كەلگەن دىدەك،
بىر تەبەق ئاشۇ سەرۇپايۇ گېزەك.
بىر ھەميان ئىچرە بەش يۈز تەنگە پۇل،
كەلتۈرۈپ قويدى، دىدى: بىز بارچە قۇل،
بەندەلىك ئەيدى بى بىئى مۆھتەرەم،
فاتىھە ئۇمىد ئېتىپ ئەي با كەرەم.
قىلدىلەر نەزرۇ نۇزۇلىغە دۇئا،
ئەيلەبان ھاسىل تەمامى مۇددەئا.
ئادەميانە سەروپا كىيدىلەر،
ھەم تەناۋۇل ئەيلەدىلەر مەھەزەر.
ھەمدى رەببىل ئالەمىن ئەيلەپ خوجە،
سەجدەدە بوسە زەمىن ئەيلەپ خوجە.
ئالدىلەر بىر مەركەبى بازاردىن،
بى بى نەزرە ئەيلەگەن دىناردىن[13].
قالغانىنى ئەلگە بەردىلەر تەمام،
نى مۇئەززىن قالدى نى موللا ئىمام.
دەۋر ئورۇبان ئەھلى سەھراۋۇ شەھەر،
مەجلىسى ئالى قىلىپ ئولتۇردىلەر.

بەئزى ئادەم ئەزبىرايــى ئىمتىھان،
مۇشكۈلاتىنى سالىبان دەرمىيان.
بەئزى ئالىم بىلمەيىن بەھس ئەيلەدى⑭،
كىمدۇ بۇ مۇشكۈلنى ھەل قىلغاي دىدى.
باش كوتەرىپ خوجەئى ئالىجەناب،
بەردىلەر بىر بەھسگە مىلك بىر جەۋاب.
فەئلى بىرلەن قولىنى ئەيلەپ دۇرۇست،
قىلدىلەر ئەللامەلەر ھەرفىنى سۇست.
ئافەرىن، يۈز ئافەرىن دەپ ئالىمان،
ھەيرەت ئىچرە قالدىلەر خىرەد كەلان⑮.
ئىتتىفاقى ئەيلەبان خــوبان شەھەر،
ھەم ئەمىران يەتدىلەر ھەم خانى شەھەر:
خەلقنى تاشلاپ بۇ يەردە بىقەرار،
قايدا بارغايلەر، ئايا، بۇزۇرگۋار؟
خوجە ئۆزرە ئەيلەپ بارىنى قىلدى شاد،
ھىچكىم قالمادى قىلماي خەيرى باد.
سەف ــ سەف ئادەم قالدى يىغلاپ ئوڭۇ سول،
يۈردىلەر خوجە يولۇقتى ئىككى يول.

## ھەزرەتى خوجەئى بۇزۇرگــۋار ھــەزرەتى سۇلتان ساتۇق بوغراخان غازى تەرەفلەرىگە كۆڭۈللەرى مايىل بولۇپ، كاشغەر بارغانلەرى

فىكر قىلدىلەر ماڭا ھادىيۇ راھ،



قارا قاشقا ئارغۇماغلىق⑯ پادىشاھ.
تەربىيەت قىلغان فەقىــرنى ئول ئەزىز،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدە شەمشىرى تىز.
مىندىلەر مەركەب ئۆزە "ياھۇ" دىبان،
سەير ئېتىپ دەشتۇ بەيابانۇ يابان
نەچچە شەھەر، نەچچە سەھرادىن ئۆتۈپ،
نەچچە نەھرى، نەچچە دەريادىــن ئۆتۈپ.
تارتىبان يۈز جەۋرۇ يۈز رەنجى سەفەر،
يەتتىلەر ئاخىر بە مۈلكى كاشغەر.
كىردىلەر شەھر ئىچرە ۋەقتى شام ئىدى،
كوچەگەرد ئولغان كىشى⑰ بەدنام ئىــدى.
شەھنە ئالغايمۇ دىبان خۇرجىنۇ خەر،
بىر سەرايغە يېتىبان تۈشتىلەر⑱.
ئەرتەسىگە سوردىلەر ئەلدىن قايان،
مەشھەدى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان.
ئەيدىلەركىم مەشھەدى سۇلتانى پاك،
چارباغىدۇر پۇراز ئەنجىرۇ تاك.
تۈش بىلە يەتكەيلا ھالا بارسەلەر،
لەنگەرۇ لەنگەرچى باردۇر ھارسەلەر.
كىردىلەر يول ئــۆزرە ئەيلەپ ئىزتىراپ،
يەتتىلەر ئاتۇشغە تۈش بىرلە سوراپ⑲.

**خوجەئى بۇزۇرگۋار ئالتىن ئارتۇشقە بارىپ، باي ئەھەت ئاتلىغ باينىڭ ئۆيىگە تۈشۈپ، بەتەرزى ئەتتاران كۈندۈزى سەير قىلىپ، كېچەلەرى بايدىن ياشۇرۇن ھەزرەتى سۇلتانىنىڭ تەۋەججۇھلەرىدە بولغانلەرى**

بايى بار ئەردى، ئۆيىگە تۈشتىلەر،
باغلابان قويدىلە ئاخۇر ئۆزرە[20]خەر.
ئەيدىلەر: ئەي باي ئۆيۈڭىز سايەدۇر،
مەرقەدى سۇلتانى ئالەم قايەدۇر؟
كۆڭلىدە ئەيدى بۇ — سوفى يا گەداي،
كۆركەتىبان ياندى بىر تاشلىقنى باي.
خوجە ئۈچ كۈن مۇتتەسىل ئەيلەپ فىغان،
ئولتۇرۇپ تاشلىقدە تاتماي ئابۇ نان.
زار-زار يىغلار ئىدى[21]، ۋەقتى سەھەر،
ھەزرەتى سۇلتان نەمايان بولدىلەر.
ئەيدىلەر:ھارماڭ، كېلىڭ سىز ئىلگەرى،
كۇھسارى جەزبەنىڭ شىرى نەرى.
خوب رىيازەت چەكتىڭىز مەردانەۋار،
ئەۋلىيا خەيلى بۇ خىزمەتدىن تاپار.
بىزنى ئىستەپ كەلدىڭىز، خوش كەلدىڭىز،
تەربىيەت قىلغانىمىزنى بىلدىڭىز.
مۇندانى دەپ ئولتۇرۇرسىز بىقەرار،



بىز بىلۇرمىز سىزدە ھەر ئەندىشە بار[22].
ئەيدىلەر: شاھا مۇبارەك قەبرىڭىز،
تەۋۆق ئېتىبان كەلدى بۇ بى سەبرىڭىز.
تاپمادىم ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ھەيراندۇمەن،
گەردى بادۇ دەشتى[23] سەرگەرداندۇمەن.
شاھ ئەيدىلەركى ئەي موللا شەرىف،
سائەتى بولغايسە بىزلەرگە رەدىف.
خوجە بىرنەچچە قەدەم ھەمراھ ئىدى،
ھەرنە تەلقىن قىلدىلەر ئاگاھ ئىدى.
مەنزىلىم بۇ يەردە دەپ كۆركەتتىلەر،
كۆزلەرىدىن غەيب ئولۇبان كەتتىلەر.
خوجە يىغلاپ ياندىلەر بىخۇد بولۇپ،
بادە ياڭلىغ مەۋجىدىن خۇمغە تولۇپ.
رەخت بارىكى بار ئەردى ئالدىلەر،
خۇرجىن ئارتىپ خەرنى يولغە سالدىلەر.
تارتىبان گەھ ئىززەت گەھى خارلىق،
ئەيلەبان ئاقشامغىچە ئەتتارلىق.
كېچە باي ھەۋلەسى ئىچرە ياتىبان،
بايۇ ئوغلانلارىنى ئۇخلاتىبان.
نىم شەب بولغان مەھەل بۇ راھبەر،
رەۋزەئى سۇلتاندە ھازىر بولدىلەر.
مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ پىرى رەشاد[24]،
ھەزرەتى سۇلتان بىلە تا بامداد.

## بايى بەدگۇمان خوجەئى شەب زىندەدارنىڭ ئارقالارىدىن ماراپ بارغانى، بۇ شەككاك بائىسىدىن ھەزرەتى سۇلتان دەرغەزەب بولۇپ، خوجەنى مەككە تۇللا تەۋفىغە بۇيۇرغانلارىنىڭ بەيانى

بىر كىچە باي ئەيدى بۇ سوفى ئەمەس،
ئۇغرىمىكىن تۇتماغاي ناگەھ ئەسەس.
يا قاراقچىدۇر خەلايىقنى بۇلار،
يا ئىشەككە بەرگەلى ئاشلىق يۇلار.
بولماسا تۈن ـ كىچەلەردە قايدادۇر،
كەنت يىقىن ئەرمەس بۇھەۋلى سايدادۇر.
ئەمدى ئەلبەتتە[25] بۇ سوفىنى ماراي،
قايدا بارسا ئارقاسىدىن مەن باراي.
غافىل ئاردى باي بۇ ئەسراردىن،
ھەزرەتى سۇلتانۇ بۇزۇرگۋاردىن.
كىچە تۈن يارىمى ئەردى ناگەھان،
رەۋزەئى ئالىغە بولدىلەر رەۋان.
باي ئاھىستە قوپۇپ يۈردى ماراپ،
ئارقالارىدىن يۈردى يولغە قاراپ.
كۆردى سۇلتان تۇربەتىغە باردىلەر،
نالەۋۇ فەرياد ئېتىپ يالباردىلەر..
باي ھەم ئولتۇردى بىر يەردە بۆكۈپ،
كۆز ياشىنى يەرگە يامغۇردەك تۆكۈپ.



خوجە بۇ بايدىن ئىدىلەر بىخەبەر،
باۋۇجۇدى ھەر كىچە ئەيلەپ ھەزەر.
قەھر ئېتىپ بولدىلە پەيدا ئۇل زەمان،
ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان.
ئەيدىلەر: بىز مەھرەمى راز ئەيلەدۈك،
سەئۋەنى گوياكى شەھباز ئەيلەدۈك.
بۇ نىچۈك ئەقىل، نىچۈك ئىدراكدۇر،
ھەم قەدەم بىگانەئى شەككاكدۇر.
ئارقادىن غەممازى كەلدى تۇيمادىڭ[26]،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىشىن ئاسان دىدىڭ.
خوجە باقتى ئارقاسىغە ئالدىراپ،
ئولتۇرۇپدۇر باي بىمەئىنى قاراپ.
بايغە باقىپ خوجە فەرياد ئەيلەدى،
ھەم ئۆزۈڭگە ھەم ماڭا قىلدىڭ دىدى[27].
باي بۇ ئەسراردىن كەتتى قاچىپ،
سىينەسىگە تاش ئۇرار ئەردى ئاچىپ.
يىغلابان خوجە مۇناجات ئەيلەدى،
داد ئەيلەپ ئەرزۇ ھاجات ئەيلەدى.
ئەيدى ئەي ساھىب قىرانى كاشغەر،
تاپتى سەندىن بارچە غازىلەر زەفەر[28].
سەندىن ئولغاچ تازە بۇ ئىسلامدىن،
خەلقى ئالەم بولدى كافىردىن ئەمىن.
سەندىن ئۇردى مەۋجى دەريايى ئۇلۇم،
چىنى ماچىن مۈلكىدىن تا ھەددى روم.

شۆھرەتىڭ پۇر شەھرى تۇركستان ئارا،
ماجرا سالغان موغۇلستان ئارا.
خوجە بۇ نەسرى ۋەلىينىڭ تالىبى،
ھەم ۋەلىيۇ ھەم پىسەر④ خـانى نەبى.
شەۋقى مەيدانىدا سەن شەمشىرى تىز،
كىچەلەر قەندىلى قەبرىڭ شۆئلە رىز.
ئۆتتى مەندىن بى ئەدەد سەھۋۇ خەتا،
رەھمە ئەيلەپ قىل ماڭا لۇتۇق ئەتا.
كەلدى ئاۋازى: بۇگۈن پەرۋاز قىل،
مەككەتۇللاھ تەۋفىغە ئاغاز قىل.
ئاشنانا ئاشنانىڭ فەرقى بار،
باتىنىڭ رۇخسارىنى تۇتتى غۇبار.
ساف بولمايدۇر بارىپ ھەج قىلماساڭ،
تىغى مىھنەت بىرلە تەننى تىلماساڭ.
خوجە بۇ ئاۋازدىن بولدى خىجىل،
ياندىلەر باينىڭ ئۆيىگە مۇنفەئىل⑤.
باي ئاياغلارىغە باش قويدى كېلىپ،
ئاھ ئۇرۇبان زەردە بىرلە ئۆرتەنىپ:
بىخەبەر ئەردىم، دەرىغا، بىلمەدىم،
مەھزى⑥ بىر موللا ۋە يا سوفى دىدىم.
بۇ نە رەسۋالىقدۇ نى شەرمەندەلىك،
ھەددىن ئۆتتى جۇرم⑦، قىلماي بەندەلىك.
خوجە بايغە ئەيدىلەر: ئەي بىقەرار،
ئەمدى جارۇبكەشلىك⑧ ئەتكىل ئىختىيار.



كىچەلەردە ياتمايىن بىدار بول،
مەستۇ غەفلەت بولمايىن ھۇشيار بول.
قىل تەۋەججۇھ رەۋزەدە كۈنى-تۈنى،
تا ساڭا رەھمە ئەيلەگەيلەر بىر كۈنى.
بايغە بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ سەربەسەر،
تۆشەۋۇ تالقانۇ كولبار ئالدىلەر.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار بەندەر سۆرەت بارىپ، كىشتىغە ئولتۇرغانلارىنىڭ بەيانى

يۈز مۇشەققەتلەر بىلە ئەي دوستان،
نەچچە كۈندە يەتتىلەر ھىندۇستان.
گاھى ئاچۇ زار گاھى ھاردىلەر،
بەندەرى سۆرەتكە ئاخىر باردىلەر.
ئولتۇرۇپ بەندەر ئىچىدە بىر زەمان،
كۆردىلەركىم بەش يۈز ئۆيلۈك㉙ كارۋان.
ئەز پەيى⑨ كىشتىغە كىرگەيلەر ھەمە،
ھەر بىرىنىڭ كۆڭلىدە يۈز زەمزەمە⑩.
يەتمىش ئىككى قەۋم ئەردى ھەم سەفەر،
جەمئ ئولۇپ كىشتىغە بىر-بىركىردىلەر،
ھەفتەئى كىشتى ئىچىدە كارۋان،
بارۇر ئەردىلەر چىقىپ ناگەھ بوران.
ھەم قاراڭغۇ بولدى كۈندۈز كېچەدەك،
خەلق ھەيران قالدى تەرك ئەتتى يىمەك.

مەۋج ئۇردى قەئرىدىن دەريايى شور،
ئەيلەدى مەۋجى بوران كىشتىغە زور.
باش چىقاردى ھەر تەرەفدىن يۈز نەھەڭ،
كىشتىيۇ ھەم كىشتىباننى قىلدى تەڭ.
جۈملە فەرياد ئەيلەبان يىغلاشتىلەر،
جۇش ئۇرۇپ قاينار قازاندەك تاشتىلەر.
دۇربىين قىچقىردى: غەۋغا سالماغىل،
سالىنىپ گىرداب ئىچىدە قالماغىل.
كىشتى يۈردى جانىبى گىردابغە،
تاشلاغىل مالۇ پۇلۇڭنى ئابغە.
بىر بىرىڭگە نەزرە بەرگىل بۇ زەمان،
ياتقۇرۇپ قويغىل سۇتۇنى بادمان[11].
ئىش مەھەللىدىن ئۆتتۈپدۇر ھاي-ھاي،
قالغۇمىزدۇر كىشتى ئىچرە يىلۇ ئاي.
تاشلادىلەر قافلە[12] ئەمۋالۇ پۇل،
سالدىلەر گەردەنلەرىغە بەندۇ غۇل[13].
تەۋبە قىلدىلەر تەمامى كارۋان،
كۆزلەرىدىن تۆكتىلەر ھەسرەتدە قان.
ئاقىبەت گىردابغە تۈشتى كېمە،
جانى شىرىندىن ئۈمىد ئۈزدى ھەمە.
كۆردىلەر ئەل يىغلاشىبان زار-زار،
گوشەئىدە ئولتۇرۇر بىر بۇزۇرگۋار.
تۇرفە دەرۋىشكى ھەرگىز قەيدى يوق،
بول ئەجەب سەييياد ۋە لېكىن سەيدى يوق.



تۇرفە تەل ئەينىدە كىشتىنى شامال،
مىيلى ئىسكەندەر[14]گە يەتكۈردى نەھال.
كۆردىلەر مىيلى سكەندەردۇر بەلەند،
ئۇستىخانى كۆھنەدىن مىڭ كىشتى[30] بەند.
بۇرناگىرداب ئىچرە تۈشكەن كارۋان،
بەندى-بەندىدىن جۇداقو ئۇستىخان.
سەدھەزاران ھاجىلەر قالغان ئىكەن،
روزگارى مۇندا سەرگەردان ئىكەن.
قابىزىل ئەرۋاھدىن[15] بولماي ئەمىن،
جۈملە ئىمان ئەيدىلەر جان ۋەھمىدىن.

**كىشتى گىردابغە تۈشۈپ كارۋان ھەيران بولغاندا، بىر پۈرپەرتەۋتى ۋە مالەم يەرتەۋتى مىيلى ئىسكەندەردەكى زەنجىردىن خەبەر بەرگەنى**

لېكى كىشتىنىڭ ئىچىدە ئىنتىزار،
بىر ئوبۇشقا بار ئىدى سەكسەن ياشار،
قىچقىرىپ ئەيدى: قېرىنداشلەر كېلىڭ،
پۈرپەرتەۋت قاشىغە ياشلەر كېلىڭ.
بىر سۆزۈم بار ئەيتايىن بولسۇن ئەيان،
تىفلى ئەردىم قىلدى ئۇستادىم بەيان.
كىمكى گىرداب ئىچرە تۈشتى زىنھار،
مىيلى ئىسكەندەردە بىر زەنجىر بار.
يۇقارىغە چىقسۇن ئول زەنجىر ئىلە،

کشتی ملتقنلڭ ئوقدىن [37] يۇردی تېز.
قوزغالىپ يۇز ملڭ نەھەڭۇ ئەژدەھا،
خەلقنی گىردابدىن قىلدی رەھا.
ئەيدىلەر بىز بارچەمىز بولدۇق خەلاس،
قالدىلەر مىيل ئۆزرە بۇزۇرگۋار خاس.
ئەي دەرىغا، ئۆز غەممىزنی يىدۇك،
خوجەنىڭ قەدرىلەرىنی بىلمەدۇك.
كىم قىلۇر بۇ مۇنچە مۇشكۇللەرنی ھەل،
ئۆزلەری تەنھا مىيل ئۆزرە چىقتىلەر.

## خەلق گىردابدىن چىقىپ، خوجە بۇزۇرگۋار مىيلی ئىسكەندەر ئۇستىدە يالغۇز قالىپ، مۇناجات بەدەرگاھی قازىيۇل ھاجات قىلغانلەری

ئەل كېتىبان خوجەئی ساھىب نەزەر،
مىيلی ئىسكەندەردە يالغۇز قالدىلەر.
ناتەۋانۇ زار ھەيرانۇ غەرىب،
زار-زار يىغلار ئىدىلەر سارغارىپ.
ئەزبىرايی شىددەتی تۇغيانی دەرد،
جانی مىسكىندىن چىقارىپ ئاھی سەرد.
باش يالاڭ ئەيلەپ، ياقانی چاك ئېتىپ،
ماسىۋا ئاللاھدىن كۆڭۇلنی [38] پاك ئېتىپ.
سەربەسەجدە قويدىلەر ھاجات ئۇچۇن،
جەزبەدىن كۆڭلىدە پۇرھالات ئۇچۇن [39].



ئول مۇناجاتىكی قىلدىلەر بۇدۇر،
ئەرزی ھاجاتىكی قىلدىلەر بۇدۇر [40].

## مۇناجات بەدەرگاھی قازىيۇل ھاجات

خالىقا پەرۋەردىگارا پاك سەن،
ساھىبی ئىدراك پاكی خاك سەن.
بولماسا ئەمرىڭ تۇشەرمۇ بىھىجاب،
ئاسماندىن يەرگە ئەكسی [41] ئافتاب.
يارلىغىڭ بىرلە رەۋاندۇر بەھرەلەر،
ھەرتەرەفدە جويبارۇ نەھرەلەر [42].
رەھە تىلڭ دەرياسىدە مەۋج ئەيلەگەن،
بوستانۇ باغۇ گۇلزارۇ چىمەن [43].
ئاينی قىلدىڭ مەشئەلی رويی زەمىن،
ھەم مۇقەررەب ئەيلەپ ئەسھا بۇليەمىن [44].
ئەبرە ئەگەرچەندىكی ياشىنی تۆكەر،
قەترەنی يامغۇرىدىن سەن باخەبەر.
سەن مۇجەللا ئەيلەدىڭ ھۆسنۇ قەمەر،
سەن مۇھەييا ئەيلەدىڭ تۇرلۇك سەمەر.
جۇملەئی [45] رىگی بەيابان قانچەدۇر،
قانچە كافىر بار، مۇسۇلمان قانچەدۇر.
ئاشكارادۇر ساڭا پىنھان ئەمەس،
ۋەقتی رەھمۇ شەفقەتی فەريادەرەس.
باش كۆتەرمەي سەجدەدىن يىغلار ئىدی،

سىنەسى گوياكى ئاتەش بار ئىدى.

## خوجەئى بۇزۇرگۋارنىڭ مۇناجاتلىرى تەمام بولمايىن ھەزرەتى سۇلتان ساتۇق بوغراخان غازى مىيلى ئىسكەندەردىن نەجات بەرگەنلەرى

ئات تاۋۇشى كەلدى ھەر يان باقتىلەر،
كوسى ئىسكەندەرنى قورقۇپ قاقتىلەر.
كۆردىلەركى خوجەئى بۇزۇرگۋار،
بىر قارا قاشقا توپىچاقلىق سۇۋار.
سەكرەتىبان ئاتىنى ئول ئەرجۇمەند،
بەرقەدى ئادەمچە دەريادىن بەلەند.
تۇغ چىقارتىپ [46] سۇ يۈزىدىن ناگەھان،
ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان.
ئاتلەرى دەريا ئۈزە ئويناپ ئۆگۈن[21]،
سۇيلار ئەردى ئەبرى ياڭلىغ يا تۈتۈن.
يەتتىلەر مىيل ئۆززە كەلدىلەر بىرى،
ھەم ۋەلى ھەم غازىلەرنىڭ سەرۋەرى.
ئەيدىلەر: ئەۋۋەلقى كۆرگەن شاھ مەن،
باتىنىڭدە ھەرنە بار ئاگاھ مەن.
قورقماغىل تەربىيەت ئەيلەرمەن ساڭا،
يۇم كۆزۈڭنىيۇ قولۇڭنى بەر[47] ماڭا.
كۆزلەرنى يۇمدىلەر، قول سۇندىلەر،
ئانقە مىنگەشتۈردىلەر ئول راھبەر.



باز ئۇن كەلدى: كۆز ئاچ، سەھرانى كۆر،
قالدى گىردابۇ لەبى دەريايى شور!
كۆز ئاچىبان كۆردىلەر بۇزرۇگۋار،
ھەزرەتى سۇلتان ئات ئويناتىپ تۇرار.
ئەيدىلەر: ئاچ قالماغايسەن بەئىدەزىن، [48]،
ئال، دىبان بەردىلەر بىر قۇرسى جەۋىن.
بارمايىن بىرنەچچە كۈن بۇ يەردە تۇر[49]،
ئاڭلاغايسەن بولغاي ئەسرارى زۇھۇر.
غافىل ئولماغىل لەبى دەريادە سەن،
تىنمايىن جەمئ ئەيلەگىل چەندان رەسەن[50].
تۈدە ـ تۈدە ئەيلەبان قويغىل بۆگۈن،
قۇتقارۇرغە نەچچە يۈز بەختى نىگۈن[22].
تاڭلا يەتكەيلەر جەمئى كارۋان،
تارتىبان بىر ـ بىر ئۇلارنى ئال بۇيان.
ئەيدىلەر بۇ سۆزنى غايىب بولدىلەر[51]،
ئەمرى بىرلەن خوجەئى ساھىب نەزەر.
يىغدىلەر ئاغرامچى ئەلدىن بى شۇمار،
كارۋان يەتكەيمىكىن دەپ ئىنتىزار.
بۇ تەۋەججۇھدە ئىدىلەر ناگەھان،
يەتتى كىشتى بىرلە بەش يۈز كارۋان.
قىچقىرىپ ئەيتۇر ئىدىلەر ھەر دەمى؛
بارمىكىن دەريا لەبىدە ئادەمى!
بىزنى مۇندىن ئەيلەگەي ئازاد ئول،
يەئنى دەريادىن بىرىپ ساھىلغە يول[23].

خوجه بۇ ئاغرامچىلەرنى ئالدىلەر،
ئىلتىبان دەريا ئىچىگە سالدىلەر.
چىقتى بىر ـ بىر ئۇشبۇ ئوغرامچى بىلەن،
قالمادى دەريا ئىچىدە مەردۇ زەن.
كۆردىلەر دەريا لەبىدە ئاشكار،
مىيل ئۆززە قالغان ئول بۇزۇرگۋار.
كارۋانۇ كىشتىبانۇ دۇربىين،
ئەيلەدىلەر ھەمدى رەببىل ئالەمىن.
چۈن بۇلار بۇزۇرگلۇقىنى بىلدىلەر،
جەمئ ئولۇپ ئول دەم ئىنابەت قىلدىلەر.
مالۇ ئەمۋالىنى قىلىپ نەزرۇ نىياز،
تاپقانى گۇل، تاپماغان بىر باش پىياز.
تەۋف ئەيلەر ئەردىلەر ھەر يان كېلىپ،
بەندە فەرمان بولدىلەر يەكسان كېلىپ.
نەئرەئى تارتىپ جىگەردىن بەرقۋار،
ئەيدىلەر رەھم ئەيلەڭ ئەي شەيخى كىبار.
بىز ھەمە پەرۋانەئى دىدارىڭىز،
جان بىلەن ئۆلگۈنچە خىزمەتكارىڭىز[21].
خوجە يىغلاپ ئەيدىلەر ئەي مۆئمىنان،
خالىسەن لىللاھ فىدا قىلدىم بۇ جان.
ئۇشبۇ جان تەندىن جۇدا بولغاي كۈنى،
ھەم جەھان ماتەم سەرا بولغاي كۈنى.
خوب غەفلەتدىن دەمى بىدار ئولۇڭ،
مەستلىكدىن ئاندەكى ھۇشيار بولۇڭ.



## خوجەئى بۇزۇرگۋار دەريادىن چىقىپ، مەككە ـ تۇللاھغە بارىپ مەقام قىلغانلەرى

ئەيتىبان تەلقىن گەدا ۋۇ شاھغە،
باردىلەر ئۈچ[22] كۈندە بەيتۇللاھغە.
مەككەگە تۈشتى ئەجەب ئاۋازەئى:
كەلگەن ئەرمىش بىر ۋەلىئى تازەئى.
يۇرتى تۈركىستان ئىكەندۈك سەير ئېتىپ،
غەيرەتى ھەق بىرلە تەركى غەير ئېتىپ.
تاشلابان سەھراۋۇ باغۇ بوستان،
يۈز مۇشەققەتدە يېتىپ ھىندۇستان.
بەندەرى سۆرەتكە كەلمىش تەي قىلىپ،
نالەسىنى ئەرغەنەنۇ نەي قىلىپ.
كارۋان بىرلە تۈشۈپ گىردابغە،
ئىلىمدە ئەللامەئى ھەر بابغە.
مىيلى ئىسكەندەرگە ئەل تۈشكەن مەھەل،
ئەيلەپ ئەرمىش جۈملەئى مۇشكۇلنى ھەل.
مەككە تۇللاھدە بۇ سۆز مەشھۇر ئىدى،
لېك خوجە خەلقدىن مەستۇر[23] ئىدى.
ھەج مەھەللى بولدىيۇ تەۋفى ھەرەم،
چىقتى تاغ ئۆززە شەرىفى مەككە ھەم.
ھاجىلەر تۆرت[24] بۇرجى ئالەمدىن كېلىپ،
يەتمىش ئىككى قەۋمى ئادەمدىن كېلىپ.

رۇمۇ رەي ئەترافىدىن تا مىسرى ـ شام،
بەلكى ئىرانى بىرلە تۇرانى تەمام.
سەر بەرەھنە، پا بەرەھنە جۇملەئەل،
لۆڭگى تارتىپ بەللەرىگە بۇ مەھەل.
يىغلاماق ئەردى خەلايىقنىڭ ئىشى،
جەمئ ئولۇپ ئول يەردە يەتمىش-مىڭ كىشى.
ھەم شەرىفى مەككە بولدى بىقەرار،
تاغ ئۈستىندە تۇرۇپ ئۇشتۇر سۇۋار.
قول ئاچىبان ئەيلەر ئەردىلەر دۇئا،
خەلقنىڭ ۋىردى㉔ زەبانى رەببەنا.
بەس ھەۋا گەرم ئولدى مەۋسۇمى تومۇز،
ئامىن ـ ئامىن بىرلە بولدى نىسفى روز.
ھاجىلەر ھەيرەتدەۋۇ ئىش نا تەمام،
كۆن قىزاردىيۇ يېتىشتى ۋەقتى شام.
تۇرغالى ئول يەردە تاقەت بولمادى،
بۇ دۇئا ھەرگىز ئىجابەت بولمادى.

## خوجەئى بۇزۇرگۋارغە ئەمرۇل ھامى ئىلاھى بولۇپ دۇئاغە مەشغۇل بولغانلەرى

كەلدى ھاتىفدىن㉕ نىدايى ناگەھان،
ئەي شەرىفى مەككەئى مۈلكى ئامان.
ئىندەگىل سەن ئۈشبۇ جەمئىيەت ئارا،
بىر غەرىبى نېكى ئول قىلسۇن دۇئا،



ئاتى خوج مۇھەممەد شەرىف پىردۇر،
ئول نەيىستانى㉖ جەھاندا شىردۇر⑥.
بۇندا دىنى خاتىرىن شاد ئەيلەدى،
قىچقىرىبان ئەلگە فەرياد ئەيلەدى.
ئەيىۇھەنناس، ئول غەرىبى ناتەۋان،
قايدادۇر چىرلايدۇ خەللاقى㉗ جەھان.
ھازىر ئولسۇن مۇندا ھالاپىرى مەرد،
كانى ۋەجدۇ ساھىبى دەريايى دەرد.
بۇ خەبەردىن خوجە بىرلە كارۋان،
كەلدىلەر تاغنىڭ تۆپىگە بىگۇمان.
تۆشتى ئۇشتۇردىن شەرىفى سۆبھى خىز،
خوجە مىندىلەر چىقىپ ئۇشتۇرغە تىز.
خەلق ئامىن دەپ ئۇلار قىلدى دۇئا،
ھەج قەبۇل ئولدى دىبان كەلدى نىدا.
ھاجىلار بىر ـ بىرلەرىنى شاد ئېتىپ،
خوجەنى بىر ـ بىر مۇبارەك باد ئېتىپ.
مەككەنى تەۋف ئەيلەبان تارقاشتىلەر،
بىرسى دەريا، بىرسى تاغدىن ئاشتىلەر.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار ھەجدىن فارىغ بولۇپ، مەدىنە بارىپ، رەۋزەئى مۇتەھھەرى مۇنەۋۋەرى مۇقەددەس مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەۋاف قىلغانلارى

خوجە خومى خۇسرەۋانىدەك تولۇپ،

نەچچە ھاجىلەر بىلە ھەمراھ بولۇپ.
پا پىيادە گاھى ـ گاھى ھاردىلەر،
ئاخىر ئون كۈندە مەدىنە باردىلەر.
كۆردىلەر خەلقىنى نۇرانى ھەمە،
مەسجىدۇ مىھراب ئىچىدە زەمزەمە.
مەككەتۇللاھدىن مەدىنە خۇش سەۋاد،
ھەم ھەبىبۇللاھۇ دەپ خەيرۇل بىلاد.
سوردىلەر ئەئرابىلەردىن كىم قايان،
رەۋزەئى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.
كۆركەتىبان رەۋزەنى ياندى بىرەۋ،
تەنلەرىگە كىردى گويا جانى نەۋ.
خوجە ئۈچ كۈن رەۋزەدە ئولتۇردىلەر،
كۆز تىكىپ مەرقەدلەرىگە تۇردىلەر.
كى تىلاۋەت بىرلە گاھى ئىنتىزار،
تەشنەۋۇ ئاچۇ پەرىشان روزگار.
ئەۋۋەل ئاخشام ئەردى ئاخىر مۇستەفا،
گەۋھەرى رەخشانى دەريايى سەفا.
رەۋزەدىن شول ھىيندە پەيدا بولدىلەر،
شەمسىدىن رەۋشەن ھۇۋەيدا بولدىلەر.
لەيلەتۇل قەدر ئەردى ئايا ئول كېچە،
خوجەغە تەلقىنى قىلدىلەر نەچچە.
ئەيدىلەر سۇلتان بىزنىڭ فەرزەندىمىز،
تۇتقىل ئەمرىن سەن دەغى دىلبەندىمىز.
ھەرنە سۇلتان ئەيتۇر ئانداغ ئەيلەگىل،



ئەمرى سۇلتاننى خۇدا ئەمرى دىگىل.
پىرى گەر سەندىن رىزادۇر بىز رىزا،
تارتماغۇڭدۇر ئىككى ئالەمدە ئىزا.
بەئدە رۇخسەت بەردىلەر غەيىپ ئولدىلەر،
خوجە دەريادەك لەبالەب تولدىلەر.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار مەدىنەدىن يۈرۈپ، بەندەرى سۆرەت تۈشۈپ، ھىندۇستان بىلەن ياركەند زەمىنى كەلگەنلەرى

خەلقى ئالەم بىرلە ئەيلەپ خەيرۇباد،
كىردىلەر يولغە مىسالى بەرقى باد.
ئىككى بارە سەير ئېتىپ بۇ ناتەۋان[47]،
بەندەرى سۆرەت بىلە ھىندۇستان.
نەچچە ئاي ئۆتتى ۋۇ كەنجۇد كەلدىلەر،
بىشەئى ھەققانىيەتدىن شىرى نەر.
تۇرمايىن كەنجۇددە بۇ مىر ئاتى نۇر،
يۈردىلەر مەنزىل بە مەنزىل تا داۋۇر.
ئاندا داۋۇرنىڭ زەمىنى تار ئىدى،
ئولتۇرۇغلۇق بىر جەمائەت بار ئىدى.
ھەزرەتى بۇزۇرگۋارنى كۆردىلەر،
بىر مۇسافىر ھاجى، بىر خۇرجىنۇخەر.
بەلگە باغلاپ بىرگىنە كولبارى بار،
لېكى مەئنىدە نە دەرسەن بارى بار.

خەلق كەلتۈردى قاتىقۇ ئاش ـ نان،
ئاش ـ ناننى يەپ بولۇپ پىرۇ جوۋان.
ئۆيلەرىگە تارقاشىپ كەتتى ھەمە،
خوبى خور ئايۋانىغە يەتتى ھەمە.

**خوجەئى بۇزۇرگۋار داۋۇرغە كىلىپ، بىر ئەللامەنىڭ ھالى مەكشۇف [28] ئولۇپ، مازاراتىنى تەئمىر قىلىپ، ئەلگە نىشان بەرگۈنچە، بىر تۇل خاتۇن يىپىرىمنى بۇزماغىل دەپ ماجرا قىلىپ فەرياد قىلغانى**

قوندىلەر، ئەلقىسسە، مۇندا بۇ كىچە،
كۆردىلەر باتىندە ئەسرار ئۆزگىچە.
ياتمايىن ئولتۇردىلەر بۇ راھىبەر،
روبەرۇدىن بىر ئەزىزى كەلدىلەر.
خوجەغە قىلدى سەلام ئىكرام ئىتىپ،
بارچە ئەھۋالاتىنى ئەئلام ئىتىپ.
ئەيدى: ئەي مەردۇ خۇدا خوب كەلدىڭىز،
بولدى ئۈچ يۈز يىل بىلىڭ زىندە [29] بىز.
جۇملە ئالىملەر غەمەن ئەئلەم ئىدىم،
فىترەتى [30] دانىشۋەرى [31] ئالەم ئىدىم [8].
ناگەھان بىر لەفزە فەتۋادىن غەلەت،
بولغانىدىن يەيدۇ مەن ھەر كۈندە لەت.
قەبر ئىچىدە ھەق جەزا بەردى ماڭا،



سەھۋە قىلغانىدىن ئىزا بەردى ماڭا.
ئوك كۆزۈمدىن ئۈندى بىر ئازغانى زور،
يۆرگەشىبان شاخىغە مارانى گۆر.
ھەر مەھەلىكىم چىقار ئاندىن شامال،
تەبرەتۇر ئازغاننى، ئەي ئەھلى كەمال.
ئول سەبەبدىن بارھا ئازۇردەمەن،
قۇۋۋەتىم يوق تەبرە نۇرگە مۇردەمەن.
تىنچ ئەمەسدۇرمەن ماڭا ئارام يوق،
گوييا [32] ئازغان كۆزۈمگە تەككەن ئوق.
نى بولۇر ئازغاننى يولغە سالسەلەر،
بىخۇ رىشىنى يۇلۇبان ئالسەلەر.
قەبرىمىز بۇ يەردە دەپ كۆركەتتىلەر،
كۆزلەرىدىن غەيب ئولۇبان كەتتىلەر.
بۇ ئەزىزنىڭكى كەراماتىنى ياد،
ئەيلەبان بەئداز نەمازى بامداد.
كەنت ئىچىدىن خوجەئى ساھىب نەزەر،
ئۈچۇ تۆرت كەتمەنچىنى كەلتۈردىلەر.
ئەيدىلەر: كەتمەندە ئەي كەتمەنچىلەر [9]،
پارەئى بۇ يەرنى قىل زىرۇ زەبەر.
تۇرۇپ ئەردىلەر بۇلەر يەرنى چاپىپ،
ئەۋلىيانىڭ جايىگاھىنى تاپىپ.
ئۇشبۇ ھالەتدە ئىدى بىر تۇل خاتۇن،
ئىلكىدە ئوت [10]، ئۇچاسىدە ئوتۇن.
قىچقىرىپ كەلدى [11] يىپىرىمنى بۇزماغىل،

خانىقاھى سوفىلارمۇ يا ئاغىل.
خوجە ئەيدىلەركى سەبر ئەتكىل ماما،
مەن بىرەي تەۋانىنى كۆپ يىغلاما.
قىلمادى ھەرگىز قەبۇل بۇ تۇل خاتۇن،
تاشلادى يەرگە ئۈچاسىدىن ئوتۇن.
خانغە ئەرز ئەيلەرمە دەپ، بولدى رەۋان،
قارغالىقدە تاپتى خانىنى ناگەھان.
يۇرت مەئمۇر ئەردى خەلق بىسيار ئىدى،
ئول مەھەل ئابدۇرەشىدخان بار ئىدى.
بىۋە زەن كەلدىيۇ فەرياد ئەيلەدى،
ئىككى تىزىنى پۈكۈپ داد ئەيلەدى.
ئەيدى: ئەي سۇلتانى ئالەم داد-داد،
زۇلمى قىلدى سوفىئى بىداد، داد![12]
فىتنەئى[33] ئابۇزەمىنىم بار ئىدى،
نەفئى ھەر يىلدا ماڭا بىسيار ئىدى.
سوفىئى پەيدا بولۇپدۇر كەچقۇرۇن،
ئەلنى ئالداپ يەرگە سالۇسۇ ھورۇن.
جەمئ ئولۇپدۇر سوفىلەر مىڭ ئەيلەگەچ،
خىرقەئى ئەگنىدە، باشىدە سەپەچ[34].
نەچچە كەتمەنچى سالىپ بۇزدى يېرىم،
سوفىغە سۆزلەشكەلى يوقتۇر ئېرىم.
ئاجىزۇ ئەۋارە مەن[13] داد ئەيلەدىم،
ھەزرەتىڭغە مۇنچە فەرياد ئەيلەدىم.
دەپ بۇ سۆزلەرنى ھەرامزادە قىرى،



فەئلى شاش، بەدخۇ، يۈزى قارا خەرى.

## ئابدۇرەشىدخان ئول خاتۇنغە ياساۋۇل قوشقانلەرى

رەھىم ئېتىپ خان ياساۋۇل قوشتىلەر:
يارلىغىم يەتكۈرسەڭ[14] ئول يەردىن كېتەر.
سوفىمۇ دەرۋىشمۇدۇر نى يوسۇن،
بىھۇدە كىشىنىڭ يېرىنى بۇزماسۇن!
كەلدى كەمپىرۇ ياساۋۇل ھۆكم ئالىپ،
خوجەنىڭ قاشلەرىغە غەۋغا سالىپ.
يەتكۈرۈپ خان يارلىغىنى پات ئىلە،
تۈشمەدى يەرگە تۇرۇبان ئات ئىلە.
كورى باتىن ئەردىيۇ زالىم ئىدى،
بى ئەدەبلىكدىن تەئەددى ئەيلەدى.
ھەزرەتى خوجە بولۇبان دەرغەزەب،
ئاسمان سارى باقىپ تەبرەتتى لەب.
زالىمى تەدان يىقىلدى ئاتىدىن،
مىڭ پۇشەيمان قىلدى قىلغان باتىدىن.
بىر قولى سىندى، سىنۇق قول بىرلە ئول،
ئۆپكەسىگە سۇ سىپىلدى، تۇتتى يول.
ھەرنە كۆردى ئاشكارا ۋۇ نىھان،
قىلدى خان قاشلەرىغە[15] بىر-بىر ئەيان.

## خان ئىككىنچى ياساۋۇل بۇيۇرغانلىرى

خان بۇيۇردىلەر ياساۋۇلى دىگەر[35]:
ئاڭلاغىل، سوفى نەيەردىن كەلدىلەر؛
سەن تەئەددى قىلمايىن ئاھستە بار
بى ئەدەبلىك قىلماغىل[46] سەن زىنھار.
كەلدى ئىككىنچى ياساۋۇل بىم [36] ئىلە،
بەس، سەلامى ئەيلەدى تەئزىم ئىلە.
سوردى: ئەي بۇزۇرگ نە يەردىن كەلدىلەر،
بىلمەدۇك قايسى شەھەردىن كەلدىلەر؟
خوجە ئۆتكەن سىرنى تەقرىر ئەتتىلەر،
كاۋلاغان يەرنى ئاڭا كۆرسەتتىلەر.
ئىلگەرى كەلدى ياساۋۇل تىز-تىز،
كۆردى تۇربەتنىڭ ئىچىدە بىر ئەزىز.
ئۇڭ كۆزىدە بىر تۇپ ئازغان پۇر تىكەن،
مۇندا ئۇچ يۇز يىل ئىبرۇر ياتقان ئىكەن.
خوجە ئالدىلەر يۇلۇبان شاخۇشاخ،
قەبرىنى ئالەمغە قىلدىلەر فىراخ[37].
ئەلگە بۇ ئەسرارنى كۆركەتتىلەر،
تۇغ تىكىپ ياخشى مازارات ئەتتىلەر.
ياندى ئىككىنچى ياساۋۇل يول بىلەن،
تاش ئۇرۇبان سىينەسىگە قول بىلەن.
باردىيۇ خانغە ھىكايات ئەيلەدى،



ئەيدى بۇ ياڭلىغ كەرامات ئەيلەدى.
سۆرەتى سوفىئى ئەھلىللاھدىن،
بىر نەفەس غافىل ئەمەس ئاللاھدىن.
چىھرەسىدىن پەرتەۋى ئەنۋارنۇر،
ھەم ۋەلىيۇ ساھىبۇ كەشفى قۇبۇر.

## خوجەنىڭ ھەقىقەتلەرىنى بىلىپ، ئابدۇرەشىدخان بارىپ قول بەرگەنلەرى

ئاڭلابان ئابدۇرەشىدخان ئول زەمان،
بارچە بەگلەر بىرلە بولدىلەر رەۋان.
يۈكلەتىپ ئاتلەرغە كۆپ نەزرۇنىياز،
يۈردىلەر سۇرئەت بىلە روزى دەراز.
ۋەقتى پىشىن ئەردى يەتتىلەر داۋۇر،
ھەزرەتى خوجە نەماز ئەيلەپ تۇرۇر.
فەۋجۇ فەۋج بەگلەر كېلىبان تۇردىلەر،
خان تەۋەججۇھ ئەيلەبان ئولتۇردىلەر.
فارىغ ئولدىلەر نەماز ئەيلەپ خوجە،
ھەق تەئالا بىر لە راز ئەيلەپ خوجە.
ئەرگەشىپ كەلگەن سىپاھۇ بەگلەر،
خانى ئادىل بىرلە تەقسىر قويدىلەر.
بىر-بىرىن ئۆتكەردىلەر نەزرۇنىياز،
جۇملەنىڭ كۆڭلىدە يۈز سۆزۇگۇداز.
ھەر بىرىگە لۇتف ئېتىپ بۇزۇرگۋار،

سۆھبەتى گەرم ئەيلەدىلەر ئاشكار.
خان بىننى خان ئەيدىلەر؛ مۇندىن كېيىن[17]،
نەيلەيىن بۇركۇتۇ شۇڭقارۇ لاچىن[18].
ئىتتىفاق ئەيلەپ ھەمە قول بەردىلەر،
قالمادى قول بەرمەگەن بەگۇ نۆكەر.
گۇل-گۇل ئولدى خوجەئى پەرتەۋ فىشان،
راست يولدىن كۆرگۇزۇپ ئەلگە نىشان.
كى شەرىئەتدىن سۇخەنسەنج ئولدىلەر،
كى تەرىقەتدىن دۇرى گەنج ئولدىلەر،
خانىقاھى سالدىلەر ئول يەردە ھەم،
ھەزرەتى بۇزۇرگۋارۇ خان بەھەم[19]

## ئابدۇرەشىدخان خوجەئى بۇزۇرگۋارنى شەھەرگە تەكلىف قىلغانلىرى

ئەيلەدى تەكلىف خانى ھۇشمەند،
ئەمدى سەير ئەتسۇنلە يۇرتى ياركەند.
بۇ موغۇلىستان ئىچىدە شەھرىلەر،
چار باغۇ جويبارۇ[20] نەھرىلەر.
خەلقىنىڭ جوشى خۇرۇشى چۇن قازان،
ھەر تەرەف مەسجىددە ئاۋازى ئازان.
ھەزرەتىڭغە نەزرە بۇ تاجۇ كەمەر،
پايى تەختى رەختى[38] ئون سەككىز شەھەر.
بى تەۋەققۇف[39] بولسۇلەر ئاتغە سۇۋار،



پاك ئەيلەپ شەھەردىن[21] گەردۇغۇبار.[22]
خوجە ئول دەمدە سۇۋارە بولدىلەر،
لەشكەرى خان يول ئىچىگە تولدىلەر.
سەير ئېتىبان خان بىلەن بۇزۇرگۋار،
قارغالىقنىڭ كەنتىگە تۇشتى گۇزار.
كۆردىلەركىم كەنتلەر ھەر يان ئىبرۇر
ئوتراسى مەيدانۇ خارىستان[40] ئىبرۇر.
تۇرفەئى مەيدانىكى قۇم-تاشلىغ[23].
ئۇنمەگەن ئول يەردە ھەرگىز ئاشلىغ[24].
خانغە ئەيدىلەركى، بۇمەنزىلدە، شاھ،
ئەيلەسەم بىر قەريە[41] يا خانىقاھ.
ۋەقت تەگدۇر، خانىقاھ ئەتمەك كېرەك.
دىنۇ ئىسلام ئەلگە ئۆرگەتمەك كېرەك.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار قارغالىق مەۋزىئىدە خانىقاھ سالدۇرغۇنچە بىر ئەزىزىدىن ئەسرارى ئىلاھى مۇشاھىدە[42] قىلغانلىرى

چۇن ئىشارەت قىلدىلەر بۇزۇرگۋار،
جەمئى بولدى نەچچە سوفىئى بىكار.
بىرسى پالچىق ئەتتى، قويدى بىرسى خىشت،
جەمئ بولدىلەر ئۇ يەردە خوبۇزىشت[43][25].
تۆرت تامىنى قوپاردى سوفىلەر،
كېچە ياتىپ ئەرتەسىگە كۆردىلەر.

بىر تامى باشدىن ئاياغ ۋەيران ئېرۇر،
سوفىلار ئەيدى: كىشى قىلغان ئېرۇر.
تام قوپاردىلەر يەنە تا ۋەقتى شام،
تەڭ قىلىپ ئۈچ تامغە تا بالايى تام.
باقتىلەر بەئداز نەمازى بامداد،
بىر تامى ئۈچ تامدىن ئەتمىش خەير باد(44).
ئۈچ مەراتىب تام قوپاردى سوفىلەر،
كېچە قىلدىلەر كېلىپ زېرۇ زەبەر.(26)
خوجە تۆرتىنچى كېچە ئولتۇردىلەر،
بائىسى نەدۇركى ئالغايلەر خەبەر.
نى كۆرەرلەر روبەرودىن نىم شەب،
ئۈشتۇرى مەستى يېتىپ كەلدى ئەجەب.
كىتفى بىرلە تامنى ۋەيران ئەيلەدى،
خىشتلەرنى يەرگە يەكسان ئەيلەدى.
خوجە فەرياد ئەيلەدىلەر: ئەي شۇتۇر،
تامنى يوق قىلدىڭ، نەجان سەن مۇندا تۇر.
ئۈشتۇر ئەسلىگە كېلىپ قىلدى سەلام،
ئەيدى: ئەي، موللا شەرىفى نېكى نام،
موللا خوجە ئەھمەدى ھورمىزى مەن،
ئەۋلىيالارنىڭ قىلىنچى تىزى مەن(27).
ياتتى يانىمدە مېنىڭ بىر كافىرى،
نەفسى شەيتاننىڭ خەرىيۇ چاكەرى.
بىر چويۇن بۇت قامەتى ئادەمچە بار،
بىر كۇف ئالتۇنى لەبالەب بەرق ئۇرار.



شۇملۇغىدىن بەسكى بىئارام ئىدىم،
ھىچ كىشى بىلمەس ئىدى گۇمنام(45) ئىدىم.
قەبرىم ئۈستۈن سىز كېلىپ تام قىلدىڭىز،
ئىشنى پۇختە قىلمايىن خام قىلدىڭىز(28).
زۇلمەتى شەب ئەزم ئېتىپ ئەينى سەھەر،
سۇبھى سادىق تۆرلەپ ئولتۇردى قەمەر.
جەمئىيەت بىرلە ئوقۇپ ئاندا نەماز،
خەتمە ئەيلەپ ۋىردۇ ئەۋرادۇ دەراز.
تام تۈبىنى كاۋلا دەپ ئەمر ئەتتىلەر،
خەلق كاۋلاپ تۇرغۇچە خان يەتتىلەر.
ئەيدىلەر: بۇزۇرگۋارا، سىر نەدۇر،
كاۋلاتۇرلەر تامنىڭ ئاستىنى چۇقۇر؟
خانغە مەئلۇم(29) ئەتتىلەر بۇزۇرگۋار:
راز پىنھاندۇر كۆرەرسىز ئاشكار.
بىر ئەزىزى شەھرى ھورمىزدىن كېلىپ،
مۇندا ياتىپدۇر كېچە بىزدىن كېلىپ.
سوردى قەبرىم ئۆزرە تام قىلماق نەدۇر؟
پاختەدىن سەۋدايى خام قىلماق نەدۇر؟
قەبرىم ئاچىڭ سىز، ئىچىدە گەنجى بار،
گەنجى يانىمدە ئۈچۈن مىڭ رەنجى بار.
ھەمرەھىم بىر بۇت ئېرۇر ھەم بۇتپەرەست،
سىز كېلىپسىز دەستى بىر بالايى دەست.
تەختى بەندى تەندە، سىز ھالاھەيات،
بۇتپەرەستۇ بۇتدىن ئەتكەيسىز نەجات.

— ئىلتىماس ئەتكەچ ئەزىزى مېھرىبان،
ئەمرى قىلدىم يەرنى كاۋلاتقىلەر دىبان.
ئۇشبۇ سۆز ئۈستىدە ئەردىلەر بۇلەر،
قىچقىرىپ كەتمەنچىلەر بەردى خەبەر.
بولدى بىر قەبرى نەمايان بۇ مەھەل،
سۆرەتى ساندۇقى دەستۇرۇل ئەمەل.
كۆردىلەر قەبر ئىچرە ئول ئەھلى ھوزۇر،
كافىرى بۇت بىرلە ياندىشىپ ياتۇر.
تازە يەردە ئەمر ئىلە يەر ئويدىلەر،
ئۈستىخانىنى ئۇ يەردە قويدىلەر.
خان بىلەن بۇزۇرگۋارى باخەبەر،
سەلتەنەت سۇلتانىدىن تاپقان نەزەر.
تازە ئولتۇرغۇزدىلەر ئول يەردە نەقش،
ھەم مازارۇ خانىقاھى فەيزى بەخش.
روزەدار ئەل ئاندا ئىفتار ئەتتىلەر،
خانىقاھى تەرزى تەييار ئەتتىلەر.
مۆھرى باسىپ بەردى شەيخ ئىلكىگە شاھ،
بىر كۈن ئالتۇندۇر خىراجى خانىقاھ.
سەرف قىلسۇنلەر بۇ ئالتۇننى تەمام،
شەيخۇ جارۇبكەش، مۇئەززىنۇ ئىمام.
چوك چويۈن بۇتنى قازان ئەتتۇر سۇلەر[30]،
كۈندە ئاشۇ كۈندە نان ئەتتۇر سۇلەر[31].



## خوجەئى بۇزۇرگۋار ئابدۇرەشىدخان بىرلەن ياركەند شەھرىگە كىلىپ تۈشكەنەرى

نەچچە كۈندىن سوڭ يەنە بۇزۇرگۋار،
خانى مۇخلىس بىرلە بولدىلەر سۇۋار.
يۈرگەلى خىرەد[46] كەلان سەيئ ئەتتىلەر،
كۈن پىشىن ئەردى شەھەرگە يەتتىلەر.
كىردىلەر ئاخىر كىلىپ دەرۋازەدىن،
جەمئ بولدى خەلق بۇ ئاۋازەدىن.
ئەيلەدىلەر شەھەرنى ئايىنە بەند،
گۇشەگە ئالدى ئۆزىنى ھەر لەۋەند[47].
مەجلىسى ئالىئى بۇنياد ئەتتىلەر،
پىرى ئالەمگىرنى ياد ئەتتىلەر.
كەلــدى ئەتــرافى جەھانــدىن تەۋق ئۇچۇن،
چۈن سىراتىل مۇستەقىم بى خەۋف ئۇچۇن.
ئالىمانۇ مۇلكى دەرۋىشان مۇلك،
بىر بىرىنى كەلتۇرۇپ خىشان[48] مۇلك[32].
ئاخىرى شاھۇ گەدا قول بەردىلەر،
كىمكى قول بەردى ئاگا يول بەردىلەر.
كەتتىلەر ئاندىن كىيىن بىر-بىر سىپاھ،
خالى بولدى خەلقدىن خىرگاھى شاھ.
خانغە ئەيدىلەر: بۇ يەردە يىلۇ ئاي،
ئىززەتۇ ھۆرمەت بىلەن تاكى تۇراي.

بارماغىم مەشھەدكە جايىزدۇر بۇگۈن،
بولماغاي بۇ تۇرماغىمدىن بىر تۈگۈن.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار ياركەندىن مەشھەد تەۋافىغە بارغانلارى

ئەيتىبان خانغە بۇ سۆزنى ئاشكار،
يۈردىلەر يولغا كىرىپ بۇزۇرگۋار.
خان بارىپ بىر كۈنچىلىكدىن خوبلاشىپ،
جەزبەدىن قاينار قازان ياڭلىغ تاشىپ.
ياركەند شەھرىدە بولدى بەرقەرار،
كەتتىلەر مەشھەد سەرى بۇزۇرگۋار.
مىنماي ئاتۇ ئۇشتۇرۇ ئۇي بىرلەخەر㉝،
ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچرە مەشھەد باردىلەر.
كىچە تىنماي يول يۈرۈبان ئاتتى تاڭ،
ھەم ئاياغلارى ياڭلىغ باش يالاڭ.
بەلدە ئاغرامچىيۇ تەندە بىر گەلىم㊾،
خەلقى ئالەمغە سالىپ شورى ئەزىم.
تازە غۇسل ئەيلەپ، تەھارەت قىلدىلەر،
قەبرى سۇلتاننى زىيارەت قىلدىلەر.
كاشغەر شەھرىدە ھەر خەلقىكى بار،
ئاڭلابان ئاۋازەئى بۇزۇرگۋار.
كەلتۈرۈبان قويدىلەر نەزرۇ نىياز،
نامرادۇ كەمبەغەل بىسيار ئاز.



ھەر نىيازۇ نەزرە كەلسە ئالدىلەر،
خەرج ئېتىبان خانىقاھى سالدىلەر.
شاھ ياتقان يەر ئۈزە تۇغ تىكتىلەر،
تۆرت تەرەفكە پەنجىرە بەركىتتىلەر.
قىلدىلەر تەييارە ئۇستا دانى ھۇش،
سەبزە مەرقەد ئۆزرە كاشىن قەبرە پوش.
مەسجىدۇ كۆلۇ زىرائەتگاھ ئېتىپ،
بار چەسىنى فى سەبىلىللاھ㊿ ئېتىپ.
شەيخۇ جارۇبكەشلەرى ئولتۇرغۇزۇپ،
نەچچە قۇل خىزمەتلەرىدە تۇرغۇزۇپ.
كۈندۈزى كەلگەنۇ بارغان بىلەن㉞،
كېچەلەردە ھەزرەتى سۇلتان بىلەن.
سەرف ئېتىپ كەلگەن تەمامى سىمۇ زەر،
يەتتە يىل جارۇبكەشلىك قىلدىلەر.
ئىككى يىل-ئۈچ يىلدا خان مۇھتەشەم،
تەۋفى مەشھەد قىلدى باخەيلى ھەشەم㉟.
خوجەدىن تەقسىر ئالىپ ئاندىن كېيىن،
نەزر ئېتىپ كىمخابۇ بۇلغانۇ تىيىن.
كەنتلەر ئاباد ئېتىپ ۋەقف ئەيلەدى،
ۋەقتى بولدى، ئەمدى مەن يانسام دىدى.
خوجە خان ساھىبغە رۇخسەت بەردىلەر،
يول يۈرۈپ ئۈچ كۈندە كەلدىلەر شەھەر.
شەھەر ئىچىدە قالمادى پىرۇ جۇۋان،
كۆرۈنۈش ئەيلەپ چىقتىلەر ياخشى-يامان.㊱

## ئابدۇللەتىف سۇلتان كاشغەر ئۆزەسىدىن قىرغىزغە لەشكەر تارتىپ بارغانى

ئول زەماندا بار ئىدى فەرزەندى خان،
بىر نەفەس ئايرىلمايىن دىلبەندى[51] جان.
ئاتلەرى ئابدۇللەتىف سۇلتان ئىدى،
كاشغەر سەر ھەددى ئۆزرە خان ئىدى.
ھەر يىلى يىل باشىدا بۇ نىكى زات،
جۇملە قىرغىزدىن ئالۇر ئەردى زەكات.
قىرغىز ئايماقى تاپىپ تاغدا ئورۇن،
جەمئ بولدىلەر ئالايۇ توك بۇرۇن.
ئەيدىلەر: بەرمەسمىز ئەمدى بىز زەكات،
كەلسە قورشاپ لەشكەرى گەر يەتتە قات.
بەلكى سۇلتان ئۆزلەرى ئاتلانسەلەر،
ئەيلەگەيمىز لەشكەرىن زىرۇ زەبەر.
يەتتى سۇلتانغە بۇ سۆز باشدىن ئاياغ،
تىيرە بولدى كۆزلەرىگە باغۇ راغ[52].
بەگلەرگە ئەيدى: غەيرەت ئەيلەگىز،
دىنى ئىسلامنىڭ ئىلىكدۇر ئىگىز.
شەھەر، سەھرا خەلقىدىن كەلتۈر چىرىك،
بولسۇ بۇ دەشتۇ بايابان پۇر چىرىك.
ھەددى بولغاي قىلغالى بىز بىرلە جەڭ،
قىرغىزى بى رەھىم، مۇردار[53]، دەبەڭ.



بەرمەسە مالىنىڭ زەكاتىنى تەمام،
ئەيلەگۇمدۇر بارچەسىنى قەتلى ئام.
يۈكلەتىپ خىرگاھ، چەندان خىيمەلەر،
جۇببەۋۇ[54] جەۋشەن[55] كىيىپ قىل قىيمەلەر.
ھەم سىپاھىدىن باھادۇر مىڭ كىشى،
ھەر بىرى ۋەقتى بەلادۇر مىڭ كىشى.
مىلتىق ئوتىدىن جەھان دۇد ئەيلەبان،
نەيزەلەرنى زەھەر ئالۇد ئەيلەبان.
باشلەرىغە تىكتۇرۇپ تۇغۇ ئەلەم،
يۈردىلەر قىرغىزنى ئىستەپ[56] لاجەرەم.
تاپمادىلەر تاغلەرنى كەزدىلەر،
ئاقىبەت سۇلتان چاپاۋۇل يەزدىلەر.
تاغ ئۈستىدە قاراۋۇل بار ئىدى،
چىقسە گەر تۇغى، ئانى ئىلغار ئىدى.
ئولتۇرۇپ ئەردى قاراپ ئول نابكار،
كۆردى سەف-سەف لەشكەرى چاڭۇ غۇبار.
تۈشتى تاغدىن ئىزتىراپ ئەيلەپ بۇ قۇل،
بىر كىيىز قالپاق كىيىپ بىر ئەسكى جۇل.
باردى يايلاغ ئۆزرە ئەيلەپ ئەلھەزەر،
يەتكۈرۈبان جۇملە قىرغىزغە خەبەر.
بۇ خەبەرنى ئاڭلابان ئەرۇ تىشى،
يىغلىشىپ يايلاغى ئون بەش مىڭ كىشى.
ۋەھمەدىن بارچە ئىبرەكتە قاچتىلەر،
تاشلابان مەزلۇمۇ قىز تارقاشتىلەر.

يول يۇرۇبان نەچچە كۈن بى ئاشۇ نان،
ئاخىرى فامىلدە قىلدىلەر مەكان.
بىرنەچچە سۆز ئەمدى سۇلتاندىن ئىشىت،
دەرد بىرلەن ئەيتايىن جاندىن ئىشىت.
لەشكەرى سۇلتان ئۆتۈبان تاغدىن،
ئات سالىپ قىرغىزغە ھەر ئايماغدىن.
كۆردىلەر يايلاغ ئىچىدە ھەر قايان،
ئاتۇ قويۇ ئۇشتۇرۇ قىزۇ جۇۋان.
بىر بىرىدىن قىرغىز قويلارى سېمىز،
مەۋج ئۇرۇر ئۆيلەردە ئايرانۇ قېمىز.
ھەم قورداغ، سارىغ ياغۇ قۇرۇت،
ياغلادى لەشكەر سارىغ ياغدا بۇرۇت.
يوق ئىدى يايلاغ ئىچىدە بىر كىشى،
ئۇلجا تۈشتى بىر كىشىگە يۈز تىشى.
مالۇ ئەمۋالىنى تاراج ئەتتىلەر،
سومالاغان ئالتۇنلەنى تاج ئەتتىلەر.
ئىلغابان قىزۇ جۇۋاندىن قىلھال،
ئالدى سۇلتان دۇختەرى[56] ساھىب جەمال.
كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ ئىشرەت بىلەن،
بار ئىدىلەر ئۇشبۇ كەيفىيەت بىلەن.
قىرغىز ئاڭلاپ جەمئى بولدىلەر ھەمە،
جەمئ ئولۇپ فامىلغە تولدىلەر ھەمە.
بەللەرىگە باغلابان ساغداقلەر،
نەيزەدىن بولدى نەيستان تاغلەر.



يەتتىلەر يايلاغ ئۇزە ۋەقتى سەھەر،
لەشكەرى سۇلتان ئىدىلەر بىخەبەر.
ياتىپ ئەردىلەر سىپاھىلەر يايىن،
ئاتلانىپ جەڭ قىلغۇچە ئۆلگۈرتمەيىن.
"ئارقار-ئارقار" دەپ كېلىپ ئات سالدىلەر،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە قالماي ئالدىلەر.
بەئزەلەرنى تاغدىن تاشلاپ تۆبەن،
بەئزەنى چاپتىلە ئاي پالتۇ بىلەن.
قەبزەسىدىن چىققۇچە بۇ ئافتاب،
لەشكەرى سۇلتاننى قىلدىلەر خەراب.
بەلكى سۇلتاننى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر،
بىھەيا ۋۇ بىۋەفا، بىسەرىلەر.

## ئابدۇرەشىدخان ئابدۇللەتىفخاننىڭ شەھىد بولغانىن ئىشىتىپ مەشھەد بارغانلەرى

بۇ خەبەر ئابدۇرەشىدخانغە يېتىپ،
خان قارالىغ بولدى لەشكەر جەمئ ئېتىپ.
ئەيدىلەر: مەن ئەۋۋەلا مەشھەد باراي،
ئاندا سۇلتانى پىرىمغە يالباراي.
ئىلتىفات ئەيلەپ مەدەتكار ئولسەلەر،
مۈشكۈلىم ئاسان ئېتىپ يار ئولسەلەر.
بىر نەفەس ئولتۇرماغايمەن سۇبھۇ شام،
ئالمايىن قىرغىزلەدىن تا ئىنتىقام.

نەچچە مىڭ لەشكەر ئالىپ ئەزم ئەتتىلەر،
سەئى ئېتىپ مەشھەد ئىچىگە يەتتىلەر.
تەۋۋ ئەيلەبان مەرقەدى سۇلتان ئىشق،
خوجەنىڭ خىزمەتلەرىگە جان ئىشق.
نى ئۆتۈپدۇر قىلدىلەر بىر-بىر بەيان،
ماجرايى قىرغىزى، ساھىب قىران.
خوجەئى بۇزۇرگۋارۇ پاكى باز،
ئاڭلابان بۇ قىسسەئى دۇررى دەراز.
ھەزرەتى سۇلتانغە مەئلۇم ئەتتىلەر،
خانى ماتەمدارنى كۆركەتتىلەر.
سائەتىدىن سوڭ جەمئى ئەۋلىيا،
كۆز تىكىپ تا بارگاھى كىبرىيا.
ئالەمى روھانىيەتدىن كەلدىلەر،
ئاستا نە پۇر بولۇپ دەھلىز ۋەر.
ھەزرەتى سۇلتاندىن پەرۋەر چىقىپ،
بېشەدىن گۇياكى شىرى نەر چىقىپ.
خاننى مەشھەد سەھنىدە ئولتۇرغۇزۇپ،
جۇملە قىرغىزلەرنى سەف-سەف تۇرغۇزۇپ.
ئەيدىلەر كىم غازىلەر سەردارى بىز،
جىلۋەگە كەلتۈردىلەر شەمشىرى تېز.
نەئرەئى تارتىپ بارىنى چاپتىلەر،
خانغە ئەيدىلەر: جەزاسىن تاپتىلەر.
جۇملە قىرغىزلەرنى بىز بەردۇك ساڭا،
ئىختىيارىڭ قانچە دۇر بەرگىن جەزا.



مالۇ ئەمۋاللەرىنى مىسكىنغە بەر،
غەم يىمە، مۇندىن كېيىن تاپتىڭ زەفەر.
بى قىلىنچۇ نەيزەۋۇ بى ئوق-يا،
خىزر پەيغەمبەر بىلە قىرق ئەۋلىيا.
ھەمرەھىڭدۇرلەر ھەمىشە، يولغە كىر،
ئەۋۋەل ئەردىڭ كىرپە، بولدۇڭ ئەمدى شىر.
ھەم ئۇچالەرىنى قويدىلەر سىلاپ،
ھەم كۆتەردىلەر زەمىندىن بى ھىجاب.

## ئابدۇرەشىدخان ھەزرەتى سۇلتاندىن، خوجەئى بۇزۇرگۋاردىن نەزەر تاپىپ، قىرغىزغە لەشكەر تارتىپ ئاتلانغانلەرى

يۇردى خان قىرغىز ئۆزە تارتىپ چېرىك،
تۆشەۋۇ تالقاننى ئارتىپ چېرىك.
ئىزدەبان قىرغىزنى ھەر يان چاپتىلەر،
ئاقىبەت ئىسسىق كۆل ئۆزرە تاپتىلەر.
بولدىلەر دەريايى لەشكەر روبەرو،
چىقتى قىرغىزنىڭ چېرىكىدىن غەرو[57].
خاھى پىرۇ خاھى بەرناۋۇ گۇزەل،
بەركىدىلەر خان كېلىپ، قىلدى قەبەل[58].
ئالدىلەر بۇ كوھسار ئىچرە قاباپ[59]،
ئوق ئۇچىدە كەتتى قىرغىز بىھىساب.
قالغاننى ئەيلەدىلەر قەتلى ئام،

بی ئەدەد[38] قىپچاقلەردىن ئىنتقام.
يارلىغ ئەتتىلەر مۇبارىزلەرغە خان،
قويۇ ئاتۇ ئۇشتۇرۇ قىزۇ جۇۋان.
ئانچە ئەمۋالىكى بۇ يايلاغدا بار،
لەئلى مەرۋارىدۇ كىمخابۇ تاۋار.
جۇملەنى سىزلەرگە ئىنئام ئەيلەدىم،
مۇددەئىلەرنى سەرەنجام ئەيلەدىم.
ئون يىگىرمە چوڭلەردىن باغلاپ ئال،
ئافتابى ئۆمرىنى ئەيلەي زەۋال.
كاشغەر خەلقى تاماشا ئەيلەسۇن،
پادىشاھى رەھمەتۇللاھدۇر دىسۇن.
ئەيلەبان بىر-بىر بۇ سۆزلەرنى بەيان،
فەتھى نۇسرەتلەر بىلە ئاتلاندى خان.
تۇغۇ بايراق بىرلە خانى خۇش سىيەر[60]،
كاشغەر ئىچرە كىلىبان تۈشتىلەر.
شەھەرگە پۇر بولدىلەر فەۋجى سىپاھ،
مىر غەزەبلەر[61]گە ئىشارەت قىلدى شاھ.
ئونچە قىرغىزنىڭ ئۆتىنى ئالدىلەر،
مۇردەسىن خەندەق[39] ئىچىگە سالدىلەر.
باز ئون قىرغىز تىرەسىن سويدۇرۇپ[40]،
خاتۇن ئۆبارىنى بىكار قويدۇرۇپ[41].
تاڭلاسى تۈش بىرلە مەشھەد باردىلەر،
تەۋفى سۇلتان ئەيلەبان يالباردىلەر.
ئىدىلەر مەرقەدكە بارىپ روبەروي:



دەۋلەتىڭدىن مۇنچە تاپتىم ئابروي.
ئۆمۈر بىسەر ئۆتكەن ئەردى روزۇشەب،
شۈكرى لىللاھكى پىرىم بولدى سەبەب.
ھەزرەتىڭ مەرقەدلەرىن قىلدىم تەۋاف،
ئەيلەدىڭ ئايىنەئى كۆڭلۈمنى ساف.

## ئابدۇرەشىدخان خوجەئى بۇزۇرگۋار بىلەن ياركەند كەلگەنلەرى

بىزلەگە پىر ئولدىلەر بۇزۇرگۋار،
رۇخسەتى بولسە، ئۇلەر ھەمرەھ يانار.
غەيبدىن ئۈن كەلدى: بارغىل، شاد بول،
دىنۇ دۇنيا بىرلە سەن ئاباد بول.
بولدىلەر خان ئول زەمان ساھىپ نەزەر،
خوجەنىڭ مەنزىللەرىگە باردىلەر.
ئەيتىپ ئەي بۇزۇرگۋارۇ ھۆشمەند،
ۋەقتى بولدى يانساق ئەمدى ياركەند.
ئۆمۈر خىزمەتكارلىقدە سەرف ئىتەي،
خىزمەتى ئەيلەپ مۇرادىمغە يېتەي.
خوجە خان سۆزىدىن ئاگاھ ئولدىلەر،
خانى ئادىل بىرلە ھەمراھ ئولدىلەر.
ئالتىن ئارتۇچدىن چىقىپ ئۈچ كۈن يۈرۈپ،
كەلدىلەر ۋەقتى پىشىنگە ئۈلگۈرۈپ.
چىقتى ئىستىقبال ئىتىپ ئەل بى شۇمار،

ئوردىغە تۈشتىلە خانى ھوشيار.
شادىيانە چالدىلەر باگى بەلەند،
تەرزى دىگەر بولدى ئول كۈن ياركەند.
خۇش ھەۋا دەپ ھەزرەتى بۇزۇرگۋار،
مەنزىل ئەتتىلەر لەبى ئابى مىشار.
تەۋق ئۈچۈن كەلدىلە تۇرفان يۇرتىدىن،
ئەردەۋىلۇ ئوچۇ دولان يۇرتىدىن.
ھەم خوتەندىن ئالىمۇ دەرۋىشلەر،
مەردۇمى ياگى ھىسارۇ كاشغەر.
جەمئ ئولۇپ سۆھبەتكە داخىل بولدىلەر،
تەۋبە دەپ تەقسىرۇ ئۆزرى قىلدىلەر.
پىرى رەۋشەن دىل نەسىھەت ئەيلەبان،
كۆرسە ئاغرىقنى سىھھەت ئەيلەبان.
مەئرىفەتدىن ئۆزگە ئۇرماي ھېچ ھەرف،
گەۋھەر ئەفشان ئولدىلەر دەريايى ژەرف[62].
تالىبانى تەگرىگە ئەيلەپ بەيان،
ھەم مەسايىل ھەم تەرىقى خوجەگان.
ئىككى كۈن-ئۈچ كۈندە خان تەقسىر ئالىپ،
خىزمەتى ئەيلەپ، دۇئايى پىر ئالىپ.
گاھى سەھرا سەيرىن ئەيلەپ ئىختىيار،
بىلمەي ئەل قالغان مازاراتىكى بار.
تۇرپەتىگە تىكتۈرۈپ تۇغۇ ئەلەم،
شەيخۇ جارۇبكەش قويۇپ ۋەقفىنى ھەم.
سەير ئېتىبان بۇ يوسۇن بۇزۇرگۋار،



خانۇ بەگۇ يۇرت ئىلىدىن سەد ھەزار؛
ئەرگەشىبان ئاغزىدىن چىققان ھاۋۇر[42]،
يەتتىلەر ئاخىر مازاراتى داۋۇر.
بۇ داۋۇرنىڭ ئالدىدا سايباغ ئىدى،
تۆھمەتى يالغانچىغە يايلاغ ئىدى.
كۆردىلەر جايى تۈشۈپدۇر خۇش ھەۋا،
خانغە ئەيدىلەركى، ئەي زەررىن قەبا.
قەرىيە ئەتسەڭ بۇ يەردە ئورنى بار،
بىز كېتەرمىز قالغاي ئەلگە يادىكار.
ئىز-پەيى ئەمر ئەيلەگەيلەر خەلق[43] ئىلى،
يىغىلىشىپ ئەيدىلەر: ئەي خانۇ ۋەلى!
يۇرتۇڭ ئەمنىيەت ئۈچۈن دارىلئامان،
مۇندا شەھر ئەتتۈرسىلەر بىزگە يامان.
بىز ياقا يۇرتىدىن ئەمەس ياركەندىمىز[44]،
جارسەگى بولغاي ھەمە فەرزەندىمىز.
يا قىماربازۇ زىناكارۇ لەۋەند،
نا سەزاكارۇ[45] ھورۇنۇ خۇدپىسەند[63].
ھەزرەتى بۇزۇرگۋار ئاچچىغلانىپ،
قوپتىلەر خان بىرلە ئاندىن ئاتلانىپ.
ئەيدىلەر: ياپىلماغاي ئارقاڭ سېنىڭ،
جارسەگى بولغاي بالا-بارقاڭ سېنىڭ.
كىمكى بۇغداي تىكتى ئول بۇغداي ئالۇر،
كىمكى چاي بەردى كىشىگە چاي ئالۇر.
ئۈنگەنىدە كۆرمەدىڭمۇ بەد گۇمان،

ئارپەخاننىڭ دالەسىدىن ئارپەخان.
خانۇلەشكەر، خوجەئى بۇزۇرگۋار،
خانىقەغە يەتتىلەر ئەيلەپ شىكار.
ھەر تەرەف ئاباد ئۇلۇپدۇر خانىقاھ،
تۈشتىلەر بۇزۇرگۋارۇ پادىشاھ.

## خوجەئى بۇزۇرگۋار قارغالىقدە قەسەبە[64] بۇنياد قىلغانلەرى

ئەمرى قىلدىلەركى بىر مەيدان قىلىڭ،
خانىقاھ ئالدىنى شەھرىستان قىلىڭ.
قوپتىلەر خان باشلىغىن خىزمەت ئۈچۈن،
بەللەرىنى يەزمەدىلەر تۈنۇ كۈن.
شەھرۇ سەھرا خەلقى مۆلچەر[46] ئالدىلەر،
يەرنى تەييار ئەيلەبان خىشت سالدىلەر.
سۇ يوق ئەردى قارغەلىق ئىچرە ھۇنۇز،
خەلق تەشنە سۇ ئۈچۈن ۋەقتى تومۇز.
ئەرز قىلدىلەر كېلىپ سۇ كەم ئېرۇر،
كەنتلەردە سۇ ئۈچۈن ماتەم ئېرۇر.
ھەم زىرائەتلەرگە سۇ يەتمەي قۇرۇغ،
ساچمادى ھېچ كىم بۇ يىل يەرگە ئۇرۇغ.
بۇ ھىكايەتنى ئىشىتىپ ئول زەمان،
سۇ باشىغە يۈردىلەر يەلدەك رەۋان.
بارىبان داۋۇردا جايى قىلدىلەر،



ئولتۇرۇپ ئاندا دۇئايى قىلدىلەر.
ياندىلەر يولغە ئەسانى[47] سۆدرەبان،
بولدى بىر تاشلىق سۇ ئارقادىن رەۋان.
قىل تاماشا قۇدرەتى ئاللاھدىن،
ھەم كەراماتى ۋە لىيۇللاھدىن.
بىر نەزەر قىلغان بىلەن مەردان كار،
بولدى پەيدا ئۆز ئۆزىدىن جويبار.
ئۆتكەرىپ بازار ئىچىدىن قويدىلەر،
ھەم زىرائەت ھەم خەلايىق تويدىلەر.
نەچچە كەنت ئاباد بولدى بۇ سۇدىن،
كۆپ زىرائەت قىلدىلەر ئاندىن كېيىن.
قەرىيە ئۈچ يىلدە تەييار ئەتتىلەر،
ئافەرىن، دۈشەنبە بازار ئەتتىلەر.
ئولتۇرۇبان ئوتتۇز ئىككى ھۆرفەگەر،
ھەم مازارۇ خانىقاھى جىلۋەگەر.
ئون بولۇرى قۇلنى ئازاد ئەيلەبان،
قويدىلەر خىزمەتكە مۇئتاد[65] ئەيلەبان.
ھەر نىيازۇ نەزرە كەلسە ساقلاماي،
خانىقاھغە سەرف ئېتىڭلەر يىلۇ ئاي.
شەيخۇ جارۇبكەشلەگە چاي بېرىپ،
سوفىلارغە خوب سەرۇپاي بېرىپ.
بەئدە بۇزۇرگۋارۇ خان ئاتلاندىلەر،
ئەرتەسى تۈش بىرلە كەلدىلەر شەھەر.
خان چىقىپ ئولتۇردى بىر بالايى تەخت،

ئول مەھەل بۇزۇرگۋار نيكى بەخت.
مەنزىلىكى ئەردى پەھلەۋى مىشار،
بولدىلەر ئون يىل ئۇ يەردە بەر قەرار[48].
ئون يىل ئىچرە خوجەئى دەرۋىشى دوست،
مۇسھەفۇ نەچچە كىتابۇ تەختە پوست[49].
تاپتىلەر خوجە كەمالاتى ئەجەب،
تازە ـ تازە ۋەجدۇ ھالاتى ئەجەب.

## نىم شەبدە خوجەئى بۇزۇرگۋارغە ئالەمى غەيبدىن پەيام يەتكەنى

بىر كېچە قۇرئانغە مەشغۇل ئەردىلەر،
كەلدى ئاۋازى خۇشى ئەينى سەھەر.
بىۋەفا[50] دۇنيا ئىچىدە تۇرمايىن،
غەفلەتۇ نىسيان[66] بىلەن ئولتۇرمايىن.
ئاخىرەت جابدۇقىن ئەيلەپ دەمبە دەم،
بۇزرۇگانى دىنغە بولغىل ھەمقەدەم.
كىم ئىچەر بىر قەترە سۇ، يەر پارچە نان،
قابىزۇل ئەرۋاھدىن تاپماس ئامان.
سەد ھەزاران ئادەمى سەندىن بۇرۇن،
تاشلابان كەتتىلە بۇ دۇنيايى دۇن.
سەن سەفەر ئەنجامىدىن ئاغاز قىل،
ئالەمى بالا سەرى پەرۋاز قىل.
خوجە بۇ ئاۋازدىن مەست ئولدىلەر،



مەستلىكدىن ئاندەكى پەست ئولدىلەر.
ئەمرى قىلدىلەرخەبەر قىل ئەلگە تېز،
سىزلەنى چىرلايدۇ دەپ[illegible] مەردۇ ئەزىز.
كەلدىلەرخانۇ سىپاھۇ بارچە يۇرت،
قالمايىن ئادەم بەغەيراز قۇش، قۇرۇت.
تەۋبەئى تەقسىرى ئەيلەپ تۇردىلەر،
روبەرويى خوجە خان ئولتۇردىلەر.
ئەيدىلەر: ئەي جەمئ بولغان مەردۇ زەن،
مەرگدىن فارىغ ئەمەسدۇر ھېچ تەن.
بىزگە نەۋبەت يەتتى بولغاي بۇ كېچە،
تاڭ سەھەر كەلدى نىدايى ئۆزگەچە.
سىز قالۇرسىزلەر جەھاندا نەچچە كۈن،
چىقماغاي تاڭلا گۆرۈڭلەردىن تۈتۈن.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە تائەت ئەيلەڭىز،
كۈندۈزى خەيرۇ سەخاۋەت ئەيلەڭىز.
ئەيلەڭىز غۇسلۇ تەھارەتنى تەمام،
زىكرى تەسبىھۇ تىلاۋەت سۇبھى شام.
گۆر قاراڭغۇدۇر ئىچىدە يوق چىراغ،
كۆز ياشىڭىزدىن قۇيۇڭ مەشئەلگە ياغ.
تا تىرىك بار سەن جەھاندا ماھۇ سال،
تەۋبەدىن ئاغرامچىنى بوينۇڭغە سال.
قوپ سەھەرلەردە خۇداغە نالە قىل،
ئەبردەك ياغقىل ياشىڭنى ژالە قىل.
مەغفىرەت قىلغاي مەگەر يەزدانى پاك،

ۋەرنە نەفس ئىلكىدە بولغۇڭدۇر ھەلاك.

## ئابدۇرەشىدخان سەۋال قىلغانلىرىكىم ھەزرەتلەرىنىڭ مەسنەدلەرىدە كىم ئولتۇرۇر، خوجەئى بۇزۇرگۋار جەۋاب بەرگەنلەرى

خان قوپۇپ ئەرز ئەتتى يىغلاپ زار-زار:
كىم قالۇر مەسنەددە، يا بۇزۇرگۋار؟
ئەيدىلەر: مەھمەد ۋەلى سوفى قالۇر،
ئول دۇئادا رويى ئالەمنى ئالۇر[2].
سىينەسى فەيزى ئىلاھى بىرلە پۇر،
تەشنەئى مەردانى دىنغە چەشمەدۇر.
تەختە پوست ئۈستۈن چىقىپ ئولتۇرسۇن ئول،
مەن كېتەرمەن جانىشىنىم[67] تۇرسۇن ئول[3].
ئوت سالىبان نەچچە مىڭ پەرۋانەگە،
كىردىلەر زەۋق ئىلە تائەتخانەگە.
بورىيىي سالدىلەر ئاندا دەلىل،
قويدىلەر مۇسھەفنى بالايى رەھىل[68].
رەۋنەقى جۇملە مۇسۇلمان ئەردىلەر،
ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇپ جان بەردىلەر.
ھوجرەدە بىر خىرمەنى گۈلدەك ياتىپ،
يۈزلەرى مۇسھەف يۈزى ئۆزرە پاتىپ.
خان بىلەن سوفى كىرىپ كۆردى بۇ ھال،
قالدىلەر ھەيرانۇ سەرگەردانۇ لال[69].



بولدى مەھشەرگاھ يۇرتى[4] ياركەند،
تۇردى ماتەمدىن خەلايىق بەندۇ بەند.
ھىچ كىشى قالماي سىيەھ پۇش[70] ئولدىلەر،
ئاتۇ ئۈشتۈرغە قارا كىيدۈردىلەر.
ھەم شەبى يەلدا بولۇپ ئالەم يۈزى،
گەرد ئالتىندا قالىپ ئادەم يۈزى.
خەلقدىن چىقتى فىغانى ھەر تەرەف،
بولمادى فەريادۇ ئەفغان بەر تەرەف.
كەر بەلايى بولدى گوياكى جەھان،
ئولتۇرۇپ مەھمەد ۋەلى سوفى، خان.
سەۋۋف[71] رەختى بىرلە تىكتىلەر كەفەن،
سەپتىلەر سۇنبۇل بىلە مۇشكى خوتەن.
تەنلەرىنى يۇپ كەفەنگە ئالدىلەر،
بەئىدە زان تابۇت ئىچىگە سالدىلەر.
قويدىلەر مەيداندا خانى پاكباز،
جۇملە جەمئ ئولدىيۇ قىلدىلەر نەماز.
ئۆزلەرى بولغان ئىبادەتخانەدە،
خانىقەھ ئالدىداقى ۋەيرانەدە.
ئۈستخانلەرىنى مەدفۇن قىلدىلەر،
خانۇ سوفى ئۆزلەرىدىن كەتتىلەر.
نەچچە سائەتدىن كېيىن خانى دەلىر[72]،
ئەيدىلەر: بىزلەرگە بولغان ئەمرى پىر.
ئىتتىفاق ئەيلەپ تەمامى ئوكۇ سول،
بەردىلەر مەھمەد ۋەلى سوفىغە قول.

تەختە پوست ئۈستىدە ئولتۇردى سوفى،
ياڭىباشىدىن سۆھبەتى قۇردى سوفى㉑.
(تالىبانى ھەقنى ئەيلەپ بىقەرار،
فەيزى بەردى سۆھبەتىدىن سەد ھەزار.
رەھم ئەيلەپ خوجەئى ئالى سىفات،
بىر كۈنى قىلغايلە شايەد ئىلتىفات.
تارىخ ئالتمىش ئۈچ توققۇز يۈز ئىدى،
جۈملەئى تارىخلەر مۇنداغ دىدى:
نەزمە باغلانغان مەھەلدە ئەي ئەخى،
مىڭ يۈز ئەللىك بەش ئەردى تەرىخى.
بولمادى تارىخۇ نەزمە سىلسىلە،
ھىچ ۋەقتى فىكرۇ ئەندىشە ئىلە.
روزى شەنبە، ئاخىرى ماھى سەفەر،
يەتتى ئەتمامىغە نەزمە مۇختە سەر.
يەتتە يۈز يەتمىش ئىدى، يەتتى تەمام،
نۇسخە ئەيلەپ ئەزبىرايى خاسۇ ئام).
نەسرى ئەردى نەزمىدە تاپتى زۇھۇر،
تەرىخى مىڭ يۈزۇ ئەللىك يەتتەدۇر.
قىلدى قەبرىستان ئىچىدە بۇ بەيان،
ئىتلەرىدىن كىم زەلىلى ناتەۋان.
ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى،
پىرى مۇرشىددەك جەھانگەرد ئولمادى.
قىرق يىلدىن تا بۇ دەمغە خىرقە پۇش،
چەشمە سارى باتىن ئەمدى قىلدى جۇش.



سۇ ئىچىپ بۇ چەشمەدىن تىغى زەبان،
مەۋج كۆرگۈزدى دەمىدىن ھەر قايان.
ۋەرنە نەزم ئەتكەيمۇ مەزمۇنى كىتاب،
بىلمەيىن ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس سەۋاب.

---

①ھەرىف—شىرىك، ئۈلپەت، كەسبداش، خىزمەتداش.
② لىجام—يۈگەن.
③ قۇرس—دۆڭگىلەك، تۆرۈك نەرسە؛ نان، كاكچا. جەۋىن-ئارپا.
قۇرسۇ جەۋىن-ئارپا نان.
④ پىسەر — ئوغۇللار، كىيىنكى (ئەر) ئەۋلاد.
⑤ مۇنفەئىل — ئۇيىلىپ، خىجىل بولۇپ.
⑥ مەھزى (مەھز) — ناھايەت، پەقەتكىنە، ئانچىكى؛ نوقۇل، تازا.
⑦ جۇرم — گۇنا، جىنايەت.
⑧ جارۇبكەش — سۈپۈرگۈچى (مەسجىد-مازارنىڭ خىزمەتكارى).
⑨ پەي — تۆۋەن، پەس، پەسكى، تۆۋەنكى،
⑩ زەمزەمە — بوش ئاۋازدا دۇئا ئوقۇماق.
⑪ بادمان — كېيىنىڭ يەلكىنى.
⑫ قافىلە — سەپەر — چىلەر تۈركۈمى، كارۋان.
⑬ غۇل — زەنجىر ھالقا.
⑭ مىيلى ئىسكەندەر — ئىسكەندەر پورتىنىڭ مۇنارىسى، بەلگىسى.
⑮ قابىزىل ئەرۋاھ — جان ئالغۇچى (ئەزرائىل).
⑯ نەفىر — نالە، ۋاي-دات؛
⑰ كوس — چوڭ ناغرا، دومبۇل، دومباق.
⑱ مۇسەللا — جايناماز؛ چوڭ مەسجىد، نامازگاھ.
⑲ جۇنبىش — قىمىرلاش، ھەركەت، قوزغىلىش، ئەسمەك.
⑳ غەرەز — نىشان، بەلگە جاي. (سۇ بەلگىدىن ئاشماق).

㉑ ئۆگۈن ـــ باشقا، باشقىچە، غەيرىچە.
㉒ نىگۈن ـــ تەتۈر، دۈم بولغان، تۆۋەن.
㉓ مەستۇر ـــ پەردىلەنگەن، يوشۇرۇن.
㉔ ۋىرد ـــ تەرك ئەتمەي دائىم ئوقۇپ تۇرىدىغان ۋەزىپە ـ دۇئا.
㉕ ھاتىف ـــ غايىبدىن ئاۋاز بەرگۈچى.
㉖ نەيستان ـــ قومۇشلۇق، جاڭگال.
㉗ خەللاق ـــ ياراتقۇچى.
㉘ مەكشۇف ـــ كەشپ ئېتىلگەن، ئوچۇق مەلۇم.
㉙ زىندە ـــ تىرىك.
㉚ فىترەت ـــ يارىتىلىش، تۇغما تەبىئەت.
㉛ دانىشۋەر ـــ دانىشمەن، بىلىملىك.
㉜ گوييا ـــ گويا، خۇددى.
㉝ قىتئە ـــ پارچە، بۆلەك.
㉞ سەپەچ (سەپىچ) ـــ سەللە.
㉟ دىگەر ـــ باشقا، ئۆزگە.
㊱ بىم (بىيم) ـــ خەۋپ، قورقۇنچ.
㊲ فىراخ (فەرخ) ـــ سىرنى ئاشكارە قىلماق.
㊳ رەخت ـــ ئەسۋاپ ـ ئەنجام، سەپەرىيۈكى؛ كىيىم ـ كېچەك.
㊴ تەۋەققۇف ـــ تۇرماق، توختاش (بى تەۋەققۇف ـــ توختىماي).
㊵ خارىستان ـــ تىكەنلىك.
㊶ قەرىيە ـــ كەنت، مەھەللە.
㊷ مۇشاھىدە ـــ كۆرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش.
㊸ خوبۇ زىشت ـــ ياخشى ـ يامان.
㊹ خەير باد ـــ ئايرىلىش، ئاجراش.
㊺ گۇمنام ـــ نامى ئۆچكەن، ئېتىۋاردىن قالغان.
㊻ خىرەد ـــ ئەقىل، ھوش.
㊼ لەۋەند ـــ بوشاڭ، ھورۇن، بىكارچى، بىۋاش.



㊽ خىشان (خىۋىش، خىش) ـــ تۇققان، يېقىن كىشى.
㊾ گەلىم ـــ جۇل ـ جۇل كىيىم.
㊿ فى سەبىلىللاھ ـــ خۇدا يولىدا ھەدىيە ياكى سەدىقە قىلىش.
(51) دىلبەند ـــ دىلى باغلانغان، كۆڭلى كۆيگەن، دىلنى باغلىغۇچى، پەرزەند.
(52) راغ ـــ تاغ ئېتىكى؛ ئوتلاق؛ باغچە.
(53) مۇردار ـــ ناپاك، ھارام، تاپ.
(54) جۇببە ـــ تون، پەشمەت.
(55) جەۋشەن ـــ ساۋۇت، زىرىھ (سىمدىن توقۇلغان جەڭ كىيىمى).
(56) دۇختەر ـــ قىز، قىز بالا.
(57) غەرو ـــ نەي؛ نالە.
(58) قەبەل ـــ قامالماق، دالدىغا ئالماق.
(59) قاباپ ـــ قاماپ، قامال.
(60) سىيەر ـــ خىسلەتلەر، خۇلق ـ ئەتىۋار.
(61) مىرغەزەب ـــ جاللاد، كاللا كېسەر.
(62) ژەرف (جەرف) ـــ چوڭقۇر، ئوي، ئۇزۇن.
(63) خۇدپەسەند ـــ ھاكاۋۇر، مەنمەنچى. ناسەزاكار (ناسەزاگوي) ـــ نالايىق ئىش قىلغۇچى.
(64) قەسەبە ـــ شەھەرچە.
(65) مۇئتاد ـــ كۆنگەن، ئادەتلەنگەن.
(66) نىسيان ـــ ئۇنتۇش، ئەستىن چىقىرىش.
(67) جانىشىن ـــ جاي تۇتقۇچى، تۇتۇلغان ئورۇن.
(68) رەھىل ـــ كۆچمەك، يۆنەلمەك.
(69) لال ـــ گاچا، تىلسىز، ھەيران.
(70) سىيە پۇش ـــ قارا كىيىم، قارالىق.
(71) سەۋق ـــ تىرە، يۈك.
(72) دەلىر ـــ يۈرەكلىك، دادىل.

1 «چ»دە: تەگرى كۆزبەردى، قۇلاق بەردى ساڭا،
بەھرۇبەردىۇ بۇلاق بەردى ساڭا.
2 «چ» دە: ھەم بۇلەرتويدىلەرۇ.
3 «چ» دە: سەبرى چوكانى ئىچىدىن كۇي ئالىپ.
4 «چ»دە: بەللەردە تىيركىش ساغداقدا يا.
5 «چ»دە: ئۇشبۇ تەرزلىك ئات يوق ئەردى يىلقى ئارا.
6 «چ»دە: تۇم قارا رەنگىيۇ سۇممى ئەردى ئاق.
7 «چ»دە: مۇنچەمىھنەت، مۇنچەكۇلفەت بىرلەسىز.
8 «چ»دە: ھاسىل ئەيلەي ئاندەكى قۇربەت دىسەڭ.
9 «چ»دە: رەھنەمۇنۇمدۇرتەرىقەت دانەبىم.
10 «چ»دە: ئايىنىڭنى سەيقەلى ئەتسەڭ ئەگەر.
11 «چ»دە: جىلۋە ئەيلەپ گويا ئەنگۇشتەرلەرىن.
12 «چ»دە: ھىچ نىمەرسە يوق ئىدى مىنگەيلەخەر
13 «چ»دە: يۇكلەمەككە رەختىنى ئەتتاردىن.
14 «چ»دە: ئەيىۇھەن ناس دىبان بەھىس ئەيلەدى.
15 «چ»دە: دەستى بەيئەت بەردىلەر خىرەدكەلان.
16 «چ»دە: ئارغۇماقلىق.
17 «چ»دە: كىچە يۈرگەن ئادەمى.
18 «چ»دە: بىرسەرايىغەكىربان قوندىلەر.
19 «چ»دە: يەتتىلەرتۈش بىرلە مەشھەدكە سوراپ.
20 «چ»دە: ئاخۇر ئىچرە.
21 «چ»دە: بەس ئۈچىنچى كىچەسى.
22 «چ»دە: كۆڭلۈڭىز ئەندىشە ئىچرە شۇغلى بار.
23 «چ»دە: ئىشتىياقىڭ بىرلە.
24 «چ»دە: ئولتۇرۇپ سۆھبەتدە بۇ پىرى رەشاد.
25 «چ»دە: ئەمدى بىركىچە.
26 «چ»دە: كۆرمەدىڭ.



27 «چ»دە: داد ئەيلەپ ئەرزۇ ھاجات ئەيلەدى.
28 «چ»دە: رەۋنەقى كانى دوكانى كاشغەر.
29 «چ»دە: بەش يۈز ئاتلىغ.
30 «چ»دە: مىڭ كىشى.
31 «چ»دە: يوق ئىلاجى ۋۇ تەدبىر ئىلە.
32 «چ»دە مەن.
33 «چ»دە: خوجە قوپتى ئورنىدىن جۇش ئەيلەبان،
تۆشەۋۇ تالقاننى بەردۇش ئەيلەبان.
34 «چ»دە: خىزرۇ ئىسكەندەرگە ياداد ئەيلەدى.
35 «چ»دە: ئەژدەھالەرنى قىلىپ مەۋجىدە كور.
36 «چ»دە: ئادەمى ئابى كۆرۈندى.
37 «چ»دە: ئوقدەك.
38 «چ»دە: سىنەنى ئايىنە ياڭلىغ
39 «چ»دە: قازىيۇل ھاجاتى بۇ زەررات ئۈچۈن.
40 «چ»دە، بۇ بىيتنىڭ ئاخىرىدىكى رادىف "ئىشت".
41 «چ»دە: ئاسماندىن يەر يۈزىگە.
42 «چ»دە: ئاتەشۇ ئابۇ دەرەختۇ شەھرىلەر.
43 «چ»دە، بۇ بىيت مۇنداق: رەھمەتىڭ دەرياسىدىندۇر مۇنچە مەۋج،
ھەم فەرىشتەلەر سەناخان فەۋجۇ فەۋج.
44 «چ»دە: ھەم سىتارە مەشئەلى رويى زەمىن، سەندىن ئالدى بۇيى
گۈل رويى زەمىن.
45 «چ»دە: ھەر بىرى.
46 «چ»دە: چىقارىپ.
47 «چ»دە: قولۇڭ بەرگىل.
48 «چ»دە: قوللەردە جىلۋەئى ئەنگۇشتەرىن.
49 «چ»دە: ئەيدىلەر قىرق كۇنغىچە بۇ يەردە تۇر.

51 «چ»دە: تىناغىل قىرق كۆن ئىچىدە ھىچ تەن،
جەمى ئىتىپ ئايىاقى قەۋمىدىن رەسەن.
1 "چ" دە، مەزكۇر مىسرادىن تارتىپ، تۆۋەنكى تۆت بېيىت مۇنداق:
سەن بۇ يەردە تۇر، دىبان كۆركەتتىلەر، كۆزلەرىدىن
غەيب ئولۇبان كەتتىلەر،
خوجە ئاغرامچى يىغىپ جەمى ئەيلەدى، كارۋان
كەلگەندە لازىمدۇر دىدى.
تاڭلاسى ئاش ۋەقتى ئەردى ناگەھان، يەتتى كىشتى
بىرلە بەش يۈز كارۋان.
ئۇن بىلەن ئەيتۇر ئىدى ئەركەك ـ تىشى، بارمىكىن
دەريا لە بندە ھىچ كىشى.
2 «چ» دە: خەستەۋۇ غەمكىنلەنى دىلشاد ئول.
3 «چ»دە: بىز مۇرىدۇ مۇخلىسلىك ئىقرار بىز،
جان بىلەن ھەر يەردە خىزمەتكارمىز.
4 «چ»دە: ئون.
5 «چ»دە: چار بۇرج (تۆت تەرەپ).
6 «چ»دە: شەھرى سايرامدىن ئىرۇردىلگىردۇر.
7 «چ»دە: ئەي دوستان.
8 «چ»دە: فىترەتۇ دانىشدە جامۇجەم ئىدىم.
9 «چ»دە، بۇ ئىككى بېيىت مۇنداق:
ئەيدىلەر بۇ يەرنى كاۋلاڭلەر چۇقۇر،
بىر زەمان، كۆر، چۇقۇردىن نى چىقۇر:
ئالدىلەر كەتمەننى بۇ كەتمەنچىلەر،
پارەئى يەرنى قىلىپ زىرۇ زەبەر.
10 «چ»دە: چۆپ.
11 «چ»دە: ئەيتۇر.
12 «چ»دە: بىۋەئى بىچارەدۇرمەن نامراد.



13 «چ»دە: زۇلۇم يەتكەندىن كېلىپ.
14 «چ»دە: يارلىغىم يەتكۇرگىل.
15 «چ»دە: قاشلەرىدە.
16 «چ»دە: قىلماغاي.
17 «چ»دە، بۇ بېيىت مۇنداق:
خان بىننى خان گەيدىلەر: بەگلەر، نەدەي؟
مەسلەھەت ئولدۇر بۇلەرغە قول بىرەي.
ئاندىن يەنە ئۈچ بېيىت بار:
گەر مەشايىمغە بۇلەردىن يەتسە بۇي،
تاڭلا مەھشەردە تاپارمەن ئابروي.
خىزمەتى پىر ئەيلەگەيمەن بەئىدە زىن،
تىلەيىن بۇركۇتۇ شۇڭقارۇ لاچىن.
باشلارىدىن بۆركۇ دەستارىن ئالىپ،
خەلق ھەم بوينىغە ئاغرامچى سالىپ.
18 «چ»دە، يەنە بىر بېيىت بار:
ۋەقفى ئىتىپ ئون بەش تاغارلىقچە زەمىن،
تەئىن ئەيلەپ شەيخۇ جارۇبكەشلەرىن.
19 «چ»دە: چار باغۇ مەرغزار.
20 «چ»دە: شەھەردە.
21 «چ»دە يەلە بىر بېيىت بار: مەدرەسە تەييارۇھەم ھامامىلەر، پاك
ساقى بىرلە سۇبھۇ شاملار.
22 23 «چ»دە: تاشلىق، ئاشلىق.
24 «چ»دە: كەلدى ئاندىن بۇيى ئاسارى بىھىشت.
25 «چ»دە: يەنە بىر بېيىت بار: كىم يىقىتۇر دەپ كېلىپ خەلقى
جەھان،
قالدىلەر ھەيران تەمامى سوفىيان.

㉖ «چ»دە، يەنە بىر بېيىت بار: شەھرى ھورمىزدىن كېلىپ ئەردىم بۇرۇن،
مۇندا قويدىلەر مىنى ئەل بى ئورۇن.
㉗ «چ» دە، يەنە بىر بېيىت بار: ئەيدى بۇ سۆزنى غەيب ئولدى
ئەزىز،
خوجە بولدىلەر جۇنۇندىن شۆئلەرىز.
㉘ «چ»دە: مۆلكى.
㉙ «چ»دە: ئەئلام (مەئلۇم قىلماق، ئۇقتۇرۇش).
㉚ (2) «چ»دە: ئەتتۇردىلەر.
㉛ «چ»دە يەنە بىر بېيىت بار: زالىمانۇ ئالىمانى بى ئەمەل،
تەۋبە ئەيلەپ يىغلابان ئۇشبۇ مەھەل.
㉜ «چ»دە: تۇتىيۇخەر (تۇتى ئات بىلەن ئېشەك)
㉝ «چ»دە: كۆندۈز ئەلنى قايتۇرۇبان نان بىلەن.
㉞ «چ»دە: تەۋق مەشھەد ئەيلەر ئەردى با ھەشەم.
㉟ «چ»دە يەنە بىر بېيىت بار:
ساچتىلەر خان باشلەرىغە سىمۇ زەر،
پاي تەخت ئۆزرە چىقىپ ئولتۇردىلەر.
㊱ «چ»دە: ئىزدەپ.
㊲ «چ»دە: بىر ئۇرۇغ.
㊳ «چ»دە: خەندەك.
㊴ «چ»دە: سويدۇردىلەر.
㊵ «چ»دە: ئولكى مەزلۇمدۇر تىرىك قويدۇردىلەر.
㊶ «چ»دە: شور.
㊷ «چ»دە: كەنت.
㊸ «چ»دە: ياركەندىبىز.
㊹ «چ»دە: ناسەزاگوي.
㊺ «چ»دە: مونجار (مولجال).
㊻ «چ»دە: ئەسايى.



㊼ «چ»دە: بۇ بېيىتتىن كېيىن يەنە ئۈچ بېيىت بار:
خان ھەمىشە تەۋق ئېتەر ئەردى كېلىپ،
خىزمەتى سايەستە ئەيلەپ ئەمگەلىپ.
جەمئ ئولۇپ ھەر سائەتى شاھۇ گەدا،
ئەيلەبان پىرۇ مۇرىدلىقنى ئەدا.
ئۆتكەرىبان كۈندە يۈز نەزرە نۇزۇل،
ساقلاماي بىر پۇلنى ئول ئەھلى قەبۇل.
㊽ «چ»دە، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر بېيىت بار:
تەركى دۇنيا ئەيلەگەن مۇنداغ كېرەك،
ئەھلى دۇنياغە دەرەختۇ باغ كېرەك.
㊾ «چ»دە: شۆئلەئى.
㊿ «چ»دە: ئول.
❶ «چ»دە، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى بېيىت بار:
ئامى گەر بارسە قاشىغە خاس ئېتەر،
كىم ئاڭا مۇخلىس ماڭا ئىخلاس ئېتەر.
مەئرىفەت دەرياسىدىن چىققان گۆھەر،
جۇملەئى دەرۋىشلەرگە تاجۇ سەر.
❷ «چ»دە يەنە ئىككى بېيىت بار:
يەتتى توقسان يىلغە ئۆمرى نازىنىن،
بولمادىم بۇ نەفسى شەيتاندىن ئەمىن.
سىزلەنى قىلغاي ئەمىن پەرۋەردىگار،
بىزلە تا ئاقشامغەچە بۇ يەردە بار.
❸ «چ»دە: مۆلكى.
❹ «چ»دە، بۇ يەردىن كېيىن يەتتە بېيىت بولغىنى ئۈچۈن، تېكىستكە
ئۇلاپلا، تىرناق ئىچىگە بېرىلدى.

# سەپەرنامە

ئەي مەلىك ھەژدە ھەزارى جەھان،
يادىڭ ئىلە تازە دىلۇ ئەقلۇ جان.
جۇملە مەۋجۇد ساڭا بەندەدۇر،
كىمكى ئەمەس بەنـدە، ئۇ[15] شەرمەندەدۇر.
قىلغانىدىن جان بىلە باۋەر ساڭا،
جانۋەرانى جۇملە سەناگەر ساڭا.
سەندىن ئېرۇر مەرتەبەئى ساقى[1] ئەرش،
سەندىن ئېرۇر غۇلغۇلە تا تەھتى فەرش.
سەندىن ئېرۇر تاقى فەلەك سەر نىگۇن،
بى كەشىش، بى كەركۇ بى سۇتۇن.
مەتبەخى[2] جۇدۇڭدىن[3] ئېتىپ رىزق خار،
ئادەمۇ ھەيۋانۇ جىنۇ مورۇ مار.
تاغ ئىچىدە گەنجى نىھان ئەيلەبان،
تاش ئىچىدىن چەشمە رەۋان ئەيلەبان.
مۆئجىزەئى مۇسادا قىلىپ نىلنى خۇشك،
نافە[4]ئى ئاھۇدە قىلىپ خۇننى مۇشك.
كېچە كەۋاكىبنى مۇزەييەن[5] قىلىپ،
شۆئلەسىدىن گېيتىنى[6] رەۋشەن قىلىپ.



گاھى خەزان ئەيلەپ، گاھى بەھار،
لالەنى سەھرا يۈزىدە داغۋار.
بىشە ئىچىنى قىلىبان جايى بەبىر،
مۇشكى تۆكۈپ بەلكى ھەۋا ئۆزرە ئەبر.
سەيقەل ئېتىپ ئايىنەئى كايىنات،
زۇلمەت ئارا پەردەئى ئابى ھەيات.
قالىپى ئادەمنى قىلىپ خاكدىن،
سەن ـ سە مۇبەررا[7] ھەمە ئىدراكدىن.
سالۇ مەھۇ گەردىشى لەيلۇ نەھار،
بارچە سېنىڭ قۇدرەتىڭ ئەي كىرۇكار.
كەلدى ئەدەمدىن كى مۇنچە سۇۋەر[8]،
نۇرى مۇھەممەددىن ئىدى جىلۋەگەر.

## ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەئتلەرىدە

ئەي قۇرەيشى ھاشىمى خەيلىڭ سېنىڭ،
جۇملەئى زەرراتى تۇفەيلىڭ سېنىڭ.
سەن ئارادە بولماساڭ ئەي شەھر يار،
ھەق ئۆزىنى قىلماس ئىدى ئاشكار.
تاپماس ئىدى ھىچ نىمەرسە ھەيات،
كەلمەس ئىدى جىلـۋەگە ئەسـما[9]ۋۇ سىفات.
ھەزرەتى ئادەمنى ياراتماس ئىدى،
بەلكى ھەۋا جۇفتىنى قاتماس ئىدى.
كىرمەس ئىدى چار ئەناسىرغە[10] روھ،

تۇتماس ئىدى دۇنيانى توفانى نوھ.
ئالماس ئىدى قولىغە مۇسا ئەسا،
بولماس ئىدى يەئنى ئەسا ئەژدىھا.
مەككە بىناسىنى ئىبراھىم خەلىل،
قىلماس ئىدى بولماسا ئەھمەد دەلىل.
ھاۋىيۇ[11] جىننۇ مەلەكۇ ئادەمى،
خوجە قەۋمى، ئەرەب، ئەئجەمى.
تاتتى مەگەر لەئلىدىن ئابى ھەيات،
ئىچكەن ئانى بولمادى ھەرگىز مەمات.
جەبھە[12] لەرى نۇر ئەلا نۇر ئىدى،
مۆئجىزەسىدىن قارا تاش سۆزلەدى.
بەررە زەھەرىنى قىلىپدۇر ئەيان،
ئەبر مۇبارەك باشىدە سايەبان.
مۆئجىزەسىن كۆركى بەسارەت[13] بىلە،
ئاينى قەلەم قىلدى بەشارەت بىلە.
ئۈممەت ئۈچۈن دارى فەنادىن[14] كېچىپ،
مۇشفىق[15] ئاتا بىرلە ئانادىن كېچىپ.
جان لەبىگە كەلدى دىدى ئۈممەتى،
ئۈممەتى، ۋا ئۈممەتى، ۋا ئۈممەتى!
راھ نەما كەلدى مۇبارەك قەدەم،
بەندە ئاڭا ھەم ئەرەبۇ ھەم ئەجەم.
رەۋزەسىدە تەئبىيە[16] قەندىلى نۇر،
رەۋشەن ئېتىپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر.



## ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ مىئراجغە چىققانلەرى

بىر كېچە قەدر بولۇپ قەدردىن،
رەۋشەن بولۇپ سۇبھى كېچە بەدردىن.
كەلدى بۇراقنى[17] ئالىپ جەبرەئىل،
خىزمەتىگە يەئنى بىئەمرى جەلىل.
ئەيدى: مۇھەممەدنى بولۇڭكىم سۇۋار،
مۇنداغ ئىبرۇر يارلىغى پەرۋەردەگار.
مىندى بۇراق ئۈستىگە جەۋلان قىلىپ،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەيران قىلىپ.
سەير ئېتىبان يەتتە فەلەكدىن ئۆتۈپ،
كەۋكەبىئى مۈلكى مەلەكدىن ئۆتۈپ.
پەيكى[18] جەلىل ئۆزرە يولىن ئالدىلەر،
سەدرە مەقامىدە تۇرۇپ قالدىلەر.
ئۆتتىلەر ئول پەردەلەردىن مۇستەفا،
ھازىر ئولۇبان بەھۇزۇرى خۇدا.
تالىبۇ مەتلۇپ ئارا ئەسرارلەر[2]،
بىلمەس ئانىڭ سىررىنى ئەغيارلەر.
بارچە ئەجايىبۇ غەرايىب كۆرۈپ،
كەلدى مەكانىغە بۇراقىن سۈرۈپ.
تەشنە بارىپ ئەردىلەرۇ قاندىلەر،
نۇر ئەلا نۇر بولۇپ ياندىلەر.
تاپتى تەراۋەت گۈلىدىن باغلەر،

گۈل يۈزىدىن بولمادىكىم داغلەر.
بولسۇ دۇرۇد خەستە زەلىلىدىن تەمام،
روھى رەسۇلىگە ئەلەيھىسسەلام.

## چەھار يارلەرنىڭ ئەلقابلەرىدە

ئەيدىلەر: ئەسھابىم ئېرۇر كەلىنۇجۇم،
رەجم[19] شەياتىنغە ئۇلەردىن ھۇجۇم.
خەلق ئارا بۇ بەكر ئېدى ئافتاب،
يەتتى ئۇلەردىن ھەممەگە ئافتاب.
دايىرەئى دەۋردە قۇتبى فەلەك،
ئاجىز ئېرۇر ۋەسفىدە[20] ئىنسۇ مەلەك.
ۋەقتى ھەزىمەتدە[21] بۇ شەيخكى بار،
ئەھمەد مۇرسەلگە[22] ئېدى يارى غار[23].
ئەدلى ئۆمەر بىلە جەھان تازەلىك،
بابى ئەدالەتدە پۇر ئاۋازەلىك.
شامۇ سەھەر ئۇقبا غەمىنى يېگەن،
ھەيبەتىدىن شەمسىقەمەر تىترەگەن.
رەۋنەقى دىن تاپتى ئانىڭدىن جەمال،
تاكى بەلەند ئەتتى ئازانىنى بىلال.
يارسىۋۇم ھەزرەتى ئوسماندۇلەر،
كانى ھەيا جامىئى قۇرئاندۇلەر.
نەقلى قىلىپدۇرلەر بۇزۇرگاندىن،
ئەردى ئۇلەر سۆرەتى مىزاندىن.



ئىلىملەرىغە يوق ئېدى ئىنتىھا[24]،
جەمئى قىلىپ يەئنى كەلامى خۇدا،
شىرى خۇدا ئارىفى، خەيرۇل بەشەر،
تاجى ۋىلايەتى گۆھەرى بەھرۇ بەر.
نايىبى بەرھەق شەھى دۇلدۇل سۇۋار،
دىن يولىنى ئاچتى چاپىپ زۇلفىقار.
ئانچە قىلۇر مۆئجىزە مۇسايى ئەسا،
زور ۋىلايەتغە قىلۇر مۇرتەزا.
بار ئىدىلەر شاھغە كىم نۇرى ئەين،
شاھ ھەسەن بىرلە ئىمامۇل ھۇسەين.
لالە ئۇنەر داغ بىلەن قانىدىن،
سەبزە ئۇنەر زەھرىنى تاتقانىدىن.
سىلسىلەئى نۇر رەسۇلى خۇدا،
كەلدى ھىدايەت بىلە بولماي جۇدا،
كىمكى تۇتار سىلسىلەئى خوجەگان.
شەررى[25] شەياتىنۇ بەلادىن ئەمان.
دەرلەر ئانى سىلسىلەئى نەقشبەند،
ھەق يولىدا بوينۇمە ياخشى كەمەند.
بەندە زەلىلى سەگى ئەسھاب ئېرۇر،
سىلسىلەسى بوينۇمە قۇللاب[26] ئېرۇر.

ساقى سىيمىن بەدەن گۈلى ئۇزار،
سۇندى ئاياغىنى بىۋەقتى بەھار.
ئالدى سەبا پەردەئى دىدارى[27] گۈل،

بۇلبۇلى بىچارە گىرىفتارى گۈل.
غۇنچە قىلىپ خىرقەسىنى چاك ـ چاك،
زاھىر ئېتىپ قۇدرەتى يەزدانى پاك.
شاخى سەنۇبەردە تۈزۈپ قۇمرىلەر،
نەغمەئى داۋۇد پەيەمبەر ئەسەر،
جىلۋەگەر ئۇلغاچ چىمەنى دىلفەرىب،
داغ ئۆزە داغ قويۇپ ئەندەلىب.
مەست بولۇپ ئەيلەدى جان ھايھۇي،
باغلادى گوياكى دۇرى گۇفتگۇي.
باغ ئەناسىزغە خەبەر بولمادى،
دانە تۈشۈپ ئاندا سەمەر بولمادى.
قاندا مۇغەننى نەۋاسازلەر،
مەئنى قۇلاقغە دىنسۇن رازلەر.
نالەئى نەي بىلەن تاپىبان جۇنۇن،
نەغمەئى پۇرشۇر قىلىپ ئەرغەنۇن.
جىلۋە بېرىپ نەغمەدە قانۇنى ئىشق،
كوشەلەرىدىن تۆكۈبان خۇنى ئىشق.
كۆيدۈرۈبان جانۇ دىلىمنى رەباب،
شۆئلەئى ئاھىمدە قىلىپدۇر كەباب.
زەۋق بىلەن زۇھد گىرىبانىنى،
شەۋق بىلەن سوفىيە دامانىنى؛
بىر دەمى ۋەھدەتدە تۇتۇپ چاك ئېتىپ،
مەيكەدە ئىشكىدە ئۆزۈم خاك ئېتىپ.
سۈرمەئى خامۇش تىلىمغە سالىپ،



پەنبەئى غەفلەتنى قۇلاغدىن ئالىپ.
كوسى مۇھەببەتنى بۇ ياڭلىغ چالاي،
غۇلغۇلەئى ئاھىن[*] جۇنۇنغە سالاي.
ساقى بېرىبك بىزگە شەرابى بىھۇشت،
كەلدى بۇ ياڭلىغ قەلەم سەرنەۋىشت.
ئەلگە جەھان باغىدەدۇر شادلىق،
بىزگە ئەلەم بىرلە بۇ بىدادلىق.
قىسمەت ئولۇپ رەنج نەسىبە بەلا،
قىلدى ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ئەۋۋەلا.
كەلدى خەزان، كەتتى ئەدەدسىز بەھار،
كىردى قارا يەرگە بەسى گۇلئۇزار.
يوق ئەسەرى زەررە ئەۋراكدىن،
كاسەئى چەشمە پۇر ئولۇپ خاكدىن.
تۇتىئى تىل ئاغزىدا خامۇش ئولۇپ،
بار ـ يوقى جۈملەئى فەراموش ئولۇپ.
تەختەئى تەن مەنزىلى ھەر مار مور،
بولماسۇن ھىچ بەندە گىرىفتار گور.
ھەر گۈلى كىم چىقتى ئاچىلماق ئۈچۈن،
ئاقىبەتى يەرگە ساچىلماق ئۈچۈن.
ئىبرەت ئەگەر بولسە ئىبادەت قىلىڭ،
غافىل ئۆتەر ئۆمۈر غەنىمەت بىلىڭ.
ساچ ـ ساقالىڭ ئاقارىپ تۈشتى تىش.
ئۇقبا ياراغىغا قىلالماي بىر ئىش.
غەفلەت ئىلە خەلق ھەمە قىش ـ ياز،

راهبەرىم ئەيلەچۇ خىزرى ھەيات،
سويى ئىرادەتكە قولۇمنى ئۇزات.
ئىشقى ۋىلايەتىغە دارا قىلىپ،
جەزبە بۇراقىغە سۇۋارا قىلىپ،
مەھۋى قىلىپ ۋەسۋەسەئى گۇفتگۇي،
كۆڭلۈمە دەريايى مۇھەببەتنى قۇي.
نەشئەسىدىن ھەر نەفەسى جۇش ئېتىپ،
باشدىن ئاياغىمنى ھەمە ھۇش ئېتىپ.
ئۆزدە تاپىپ جۇملە ۋۇجۇدى جەھان،
كۆزدە سەۋاد ھەرەم لامەكان.
ھەرفى كەلامىمنى قىلىپ پۇر ئەسەر،
تىغى زەبانىمغە جۇنۇندىن سۇ بەر.
سەنكى خۇداۋەند بۇ چەرخى كەبۇد،
سەندىن ئېرۇر ئەبر ھەۋا ئۆزرە دۇد.
سەندىن ئېرۇر شام غەرىبانى سەفىد[31]،
سەندىن ئېتەر بارچە ئەسىرانى[32] ئۇمىد.
سەندىن ئېرۇر ئاي-يىلۇ سۇبھى شام،
سەھنە فەلەك ئۆزرە كەۋاكىب تەمام.
ھۆكمۈڭ ئىلە جارى بۇ دەريا ھۇنۇز،
سەبئە سەماۋات تەبەقا ھۇنۇز[33].
ۋەقتى سەھەر نالە قىلىپ موبەموي،
مۇرغى چىمەن سەندىن ئېرۇر گۇفتگۇي.
سەنگى سىيەھ ئەمرىڭ ئىلە مۇم ئېرۇر،
رىگى بەيابان ساڭا مەئلۇم ئېرۇر.



غۇلغۇلەئى روم سىپىنىڭ ھىكمەتىڭ،
دەبدەبەئى ھىند بەلى[9] شەۋكەتىڭ.
ئۇندۇرۇبان باغدا ھەمىشە بەھار،
تاش ئىچىدىن لەئلى، كىيىكدىن يىپار،
قۇدرەتىڭ ئالدىدا سىپىنىڭ يا غەفۇر،
بەسكى بەرابەردۇر سۇلەيمانى مور.
مو رىزەئىفكى يەر ئۆزرە ھەيات،
تاپمادىكىم مەرگ قولىدىن نەجات.
ئالەمۇ ئادەم بۇ زەھرىنى يىگەي،
كىمدۇر ساڭا چۇن چەرايى دىگەي.
قىلدى بەسى تەلبە زەلىلى گۇناھ،
مەغفىرەتىڭنى ئاڭا قىل ئۆزرەخاھ.
تەۋبە ياقاسى قولىدىن چاكدۇر،
ئاجىزۇ ھەيرانۇ ئەلەم ناكدۇر.
سىل بولۇپ ياشى نەدامەت بىلە،
يەرگە قويۇپ يۈزنى خىجالەت بىلە.
ئەرزە قىلىپ دادىنى ئەينى سەھەر،
مۇفلىس ئېرۇر گەۋھەرى ئىمان تىلەر.
قىل كەرەمىڭ بىرلە دۇئا مۇستەجاب،
خاھى خەتا بولسۇنۇ خاھى سەۋاب.

ساقى سۇراھى سەرىغە قىل نەزەر،
شىشە ئېرۇر خالىيۇ ھەم جامى زەر.
بادەئى گۈلگۈن تۇرفى جام[10] قىل،

قامەتى رەئنانى ئەلىف لام قىل،
قەلئەئى ماچىن ئىچىدە بىرلە ياغ[11]،
ھەجرى[12] تۈنى ھاجەت ئەمەسدۇر چىراغ.
شۇئلەئى ئاھىم يوزۇتۇر شەھرى ئىشق،
نالەئى گەرمىم قۇرۇتۇر بەھرى ئىشق.
ئىشق خەراب ئەتتى چۇ مەنسۇرۋار،
مەندە نە قورقۇنچ[13] نە پەرۋايى بار.
دارى مەدار بۇ جەھان بىر نەفەس،
بۇلبۇل روھۇمغە بەدەندۇر قەفەس.
ئىشق گۈل ئول قۇشغە پەرۇ بال،
مەئرىفەتى تەڭرى خەتتى خەتۇ خال.
چۇن ۋەتەنى ئەسلىگە دايىم قاراپ،
ئۇچماق ئۇچۇن ھەر دەم ئېتەر ئىزتىراب.
ھاسىل ئېتىپ مەئرىفەت جان ئاگا،
ھەمرەھ ئېتىپ گەۋھەرى ئىمان ئاگا.
ۋەجدۇ جۇنۇن ئەسەرى ھالى بەر،
ئۇچقالى جەننەتكە پەرۇبالى بەر.
تەلبە زەلىلى گۇنەھى بىھىساب،
نامەسىدە زەررىچە يوقدۇر سەۋاب.
خەستە زەلىلدۇر چۇنادان ھۇنۇز،
بولمادى قىرىق ياشدا مۇسۇلمان ھۇنۇز.
باتىنىنى تۇتتى تەكەببۇر چۇ ئەبىر،
ئۆزلۈكىدىن چىقمادى بۇ پۇرى كىبىر.
نەفس ئىلكىدە گىرىفتاردۇر،



گەردەنىدە ھەلقەئى زۇننار دۇر.
لۇتفى ئىناياتىڭ ئىلە كىردىگار،
ئەيبىنى سەن ئەيلەمەگىل ئاشكار،
بەندەلەرىنىڭ ئەيگە سەتتارسەن،
جۇملە يىقىلغانىغە نىگەھدارسەن.
سەندىن ئېرۇر ھەرمۇتتەئى ھەر بەھا[14]،
سەندىن ئېرۇر ھەر ئاتەشى ھەر ئەژدىھا.
سەندىن ئېرۇر كېچە كەۋاكىبى پەدىد،
سەندىن ئېرۇر سۇبھى ساقالى سەفىد.
ئىنسۇ جىنۇ مەلەك، مەلىك[15]، بۇلبۇلۇڭ،
شەمسۇ قەمەر، كەۋگەدا، قەلەندەر قۇلۇڭ.
مەندە-نەتەسبىھۇ نە زىكرۇ نەماز،
قىلغان ئىشىم باتىلۇ مەھزى مۇجاز.
گەرچە خەلايىق ئىچىدە بار ئىدىم،
بىخەبەرۇ غافىلۇ بى كار ئىدىم.
ئايىنە دىلدە غۇبار ئىلە زەڭ،
قىلدى دىماغىمنى قارا دۇدى بەڭ.
مەئسىيەت[33] ئەھلىدە چىقاردىم ئەلەم.
روسىيەۋۇ زەرد بولۇپ چۇن قەلەم.
ئەمدى بۇ ھەسرەتدە پەرىشان بولۇپ،
كەلدىم ئىشىكىڭگە قۇشەيمان بولۇپ،
ئەيلە كەرەم بىلە بىھەققى رەسۇل،
تەۋبە بىلەن ئۆزرە گۇناھىم قەبۇل.
بەندە مەن ئاجىزۇ ئەۋارەمەن،

جۇرۇم[34] – گۇنەھ بىرلە يۈزى قارامەن.
مەن كەرەمڭغە قىلۇرەم ئۈمىدىمەند،
ھېچ كىشى سەندىن ئەمەس نائۇمىد.
بۇلبۇلى جان سايرا مۇناجات ئۈچۈن،
ۋەقتى سەھەر قازىئى ھاجات ئۈچۈن.
كىمكى سەھەر قوپتى كەرامەت بىلىك،
ھەر سەھەرى سۇبھى قىيامەت بىلىك.
ئۇيقۇ ئۆلۈم، بولما ئاگا سەن گەرەۋ،
ھەر نەفەسى تازا يېتەر ئۆمرى نەۋ.
غەفلەت ئىلە ياتما ئۇيۇپ زىنھار،
كۆركى تاماشايى ئەزىم سەدھەزار.
نەۋھە[35] قىلىپ تۇتى چۇ شېكەر ئۈزە،
نالە بىلە قۇمرى سەنۇبەر ئۈزە.
زۇلمەتى شەپ يەر يۈزىدىن بەر تەرەف،
بۇلبۇلى گۈل ئىشقى چېكىپ ھەر تەرەف.
كىرپىكىنى سەبزە ئىلە نەمناك ئېتىپ،
غۇنچە ھەيا پەردەسىنى چاك ئېتىپ.
بەرگى بە بەرگى ئۆزرە ھەمىشە بەھار،
لالە قىزىل گۈلغە بولۇپ كاسەۋار.
زىننەتى باغات[16]، ئەرۇسى چېمەن،
سەۋسەنى ئازادە بىلەن ياسىمەن.
شۇر-شۇرى دەرياۋۇ سەدايى دەرەخت،
نالەئى مۇرغان، نەداھايى سەخەت[36].
بىسمىل ئۇلۇپ سۇبھى دەمىدىن چېراغ،



سەيرى سەبا تا بەدرى[37] چارباغ.
قول ئاچىبان بارچە يافۇرماغلەر،
ھەمدۇ سەنا بىرلە خۇدادىن تىلەر.
ئۈممەتى ئۇل ئەھمەدى مۇختارنى،
ئاسىيۇ جافىيۇ گۇنەھكارنى.
سەنكى نەبى ئادەمۇ ئەبۇل بەشەر،
ئەۋۋەل ئاخشامدا ئۇيۇپ بىخەبەر.
شەب ھەمە شەب راھەتۇ خوب نەفىر[38]،
كۆڭلۈك ئىچىندە نەخۇداۋەندى سىر.
ھەيف، ساقالۇ بۇرۇتۇ ھەيف تىل،
ئادەمى سەن زەررەئى قەدرىڭنى بىل،
سەندە قەنى سەيقەلى جانۇ خىرەدە،
ئاقىبەتى مەنزىل ئېتەرسەن لەھەد.
تەكىيە گاھى خەلق گۆرىستاندۇرۇر،
شاھۇ گەدا قەبردە يەكساندۇرۇر.
ئاندا يېتەرسەن يىل ئۆتۈپ ئاي-ئاي،
بولماسا بىر ياخشى ئەمەل ۋاي-ۋاي.
گۆردە نىچۈك كەچكۇسى ھالىڭ سېنىڭ،
تەبرەگەلى يوقتۇر مەجالىڭ سېنىڭ.
ھالىكى بۇ ئۆمۈر غەنىمەتدۇرۇر،
ھەر نەفەسى دۇررى بە قىمەتدۇرۇر.
ئىبرەت ئالىبان دەمى بىدار بول،
يەلدەك ئۆتەر ئۆمۈر خەبەردار بول.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە كىشىكىم ياتۇر،

سۇرى قىيامەت ئاخىر[17] ئۇيغاتۇر،
تەكرى كەلامىدە نەسىھەت دىدى،
پەندۇ نەسىھەت ساڭا سۇد[39] ئەتمەدى.
فەئلى زەبۇنىكى[40] بۇ ئادەمدە بار،
مەئرەكەئى ھەشەر قىلۇر ئاشكار.
ئول كۈنى يۈز پارە بۇ چەرخى بەرىن[41]،
جەمئ بولۇپ ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن[18].
زىلزىلەدىن بارچە چىكىپ ئىزتىراب،
يەر يۈزىدە نەيزە بويى ئافتاب.
خەلق ھەمە تەركى دىلۇ ھۇش ئېتىپ،
مەغز سەرى كاسەسىدە جۇش ئېتىپ.
زاھىر ئولۇپ زارىنىگۇن[19] نىشارلەر،
ھازىر ئولۇپ فەۋجى گۇنەھكارلەر.
تەبرەگەي[20] ئول ھەيبەدە زەمانۇ زەمىن،
يىغلاغاي ئول ۋەقتىدە يىسارۇ يەمىن[42].
بەئزى كىشىدىن چىقىبان ھايھۇي،
ئاھ فىغانۇ ئەلەمۇ ۋو بە ۋوي.
بەئزە زەبان ئايۇرۇلۇپ[21] گۇڭ ـ لال[43].
مۆئمىنى پاكىز، چۇ ئاسۇدە ھال.
غۇسسە چېكىپ ئۇممەتىدىن ئەنبىيا،
مەھۋە بولۇپ قۇدرەتىدىن ئەۋلىيا.
سايە بېرىپ ئەرشى بەلەندى ئەزىم،
جىلۋە بېرىپ جەننەت ئىچىدە نەئىم[44].
ساقىئى كەۋسەركى ھەبىبى خۇدا،



بىر دەم ئەرمەس ئەردى خۇدادىن جۇدا.
شانە قىلىپ گىسۇيى ئەنبەر شەمىم[45]،
كۆركۈزۈپ ئۈممەتكە رەھى مۇستەقىم.
زىكرى مۇبارەك تىلىدە ئۈممەتى،
فىكرى كۆڭۈل شۆھرەتىدۇر زىننەتى.
تەختى ئەدالەت يۈزىدە لايەزال[46]،
قازىئى خۇدايى زۇل جەلال.
چۇن لەمىنەل مەلەك نەداسى بىلە،
مۇلكى مەلەك ئىچرە سالىپ غۇلغۇلە.
پەرسەشى[47] ئىسيان[48] سەۋاب ئەيلەگەي،
ئالەمى ئادەمگە خىتاب ئەيلەگەي.
يەئنى بۈگۈن قايدا سىلەر ـ شاھلەر،
يولنى غەلەت قىلغۇچى گۇمراھلەر.
مەنكى سىنى ئەيلەپ ئىدىم پادىشاھ،
ئەدلى مەقامىدە رەئىييەت پەناھ.
شاھ رەئىييەتكە سىتەم قىلماغاي،
بىر نەفەسى ئەدلىنى كەم قىلماغاي.
قاراغۇ ئەيلەپدۇر كۆزۈڭ ھىرىس ـ ئاز[49]،
سەندە نەئىمان، نەزەۋقى نەماز.
لايىقى دەۋزەخدۇر بۇ جانۇ تېنىڭ،
مالۇ مەتائىڭدۇ خۇدايىڭ[22] سىنىڭ.
بەندە ماڭا ھەم ئۆلۈك ھەم تىرىك،
بىر سىفەتىم ۋەھدەھۇ لا شەرىك[50].
ئىككى ئەمەسدۇرمەن ئىبرۇرمەن ئەھەد،

مەندىن ئېرۈر ھەم ئەزەلۇ ھەم ئەبەد.
ئۇشبۇ خىتاب ئەيلەگەچ ئۇل كىردىگار،
ھەيبەتىدىن خەلق بولۇپ شەرمسار.
ھۇشى تۇيۇردىن[51] كېتىبان ئەقلۇ ھۇش،
يەرگە يىقىلغايلەر بولۇبان خەمۇش.
چىققاي ئۇشۇل لەھزە نەفىرۇ فىغان،
ياشلەرى گوياكى چۇ ئابى رەۋان.
بولماس ئۇ ھالەتدە دۇئالەر قەبۇل،
قىز ئانادىن قاچغاي، ئاتادىن ئوغۇل.
ھىچ كىشى بىر بىرىگە باقماغاي،
كىمدۇ يۈزىنى يەر ئۈزە ياقماغاي.
ئاھ زەلىلى نە قىلۇر ئۇل كۈنى،
ئۆتتى گۇنەھ بىرلە كۈنىيۇ تۈنى.
قىلمادى بىر كېچە قىيامەتنى ياد،
ئەيلەمەدى تەڭرى ئىشكىدە[23] داد.
قۇل خوجەنىڭ خىزمەتىدە بولماسا،
قازاغۇدۇر قولىدە يوق ئەسا[24].
كۈندۈزۈ ھەم كېچە بەرابەردۇرۇر،
ئادەم ئەمەس كىم يا تۇغان خەردۇرۇر.
خەرگە ئەگەر يۈكنى يۈكلەسە ئاغىر،
يولغە يۈرۈر بولسە ئەگەر يۈز[25] يەغىر.
سەندە قېنى ئىبرەتۇ، ئىلمۇ رەشاد،
سەندىن ئېرۈر جۇملەئى ھەيۋان زىيادە.
ئادەمگە بەردى خۇدا ئەقلى پاك،



ئەسلى ئېرۈر گەرچە ئانىڭ ئابۇ خاك.
ئەقلىنىڭ ئەگەر بولسە سىنىڭ پاك بول،
ئىززەتۇ ھۆرمەت تىلەسەڭ خاك بول.
كىمكى بولۇر مۇندا نەسىھەت پەزىر[52]،
باسقان ئانىڭ تۇپراغى مۈشكى ئەبىر[53].
قوي قەدەمىڭنى بەدەر كىبرىيا،
قەربى ئىلاھىغە چۇ مەردى خۇدا.
بۇقەلەمەندۇر[54] بۇ جەھان خەراب،
يوقتۇر ئانىڭ گۈلشەنىدە ئابۇتاب.
نامە[26] تەمام بولدىيۇ سۆز مۇختەسەر،
تۈشتى زەلىلىگە ھەۋايى سەفەر.
خۇنى جىگەردىندۇر ئانىڭ تۆشەسى،
گۆرى[27] قىيامەتدۇر چۇ ئەندىشەسى.
ۋەقتىكى ئۇل بولسە بۇ يولدە فەنا،
يەتكۈر ئانى مەنزىلىگە رەببەنا.
كەتتى ئۆتۈپ ھەيف گەرانمايە ئۆمۈر،
ئادەمىدە سود ئىلە سەرمايە ئۆمۈر.
ئىلمۇ ئەمەل ۋەقتىكى قىلمادىم،
مەزرەئە[55] ئاخىرەتنى قىلمادىم.
ھاسىلى ئۆمۈر ئولدى ھەۋاۋۇ ھەۋەس،
فاسىقى مەھرۇم ئىدىم ھەر نەفەس.
بىر نەفەسى تەڭرىنى ياد ئەتمەدىم،
غەيرى گۇناھىمنى زىياد ئەتمەدىم.
گاھ مەجالىسدە تۈزۈپ چاكى زۇد[56]،

گاھ مۇغەننىلەر بىلەن ئەيلە رۇد[57][28].
گاھى پەرىشانە چۇن زۇلفى يار،
گاھى پەرى چېھرەگە ئىنتىزار.
گاھى خەرابات ئىچىدە مەست ئولۇپ،
گاھى مۇناجات ئىچىدە پەست ئولۇپ.
گاھى شەھى، گاھى سىپاھى بىلە،
گاھى قەدەھ، گاھى سۇراھى بىلە.
گاھ چېكىپ مېھنەت، گاھى[29] ۋەتەن،
گاھ قەلەندەرگە توسۇپ گۇلخەن[30].
گاھ لەۋەندانە ئوقۇپ سەرگۇزەشت،
گاھ كېزىپ كۇھۇ بەيابانۇ دەشت.
خىزمەتى مۇرشىددە بەسى بولمىشەم،
تالىبى فەريادەرەسى بولمىشەم.
سۆھبەتى ھەر تايىفەدە ئايۇ يىل،
بەھرە ماڭا بولمادى جۇز[58] قالۇ قىل.
قىرىق ياشادىم چۇ گۆدەك ھۇنۇز،
ھىرىسۇ ھەۋەس يولىدە بەدرەگ[59] ھۇنۇز.
تەننى گۇنەھ داغى بىلەن دۇدى ئاھ،
باشدىن ئاياغ قىلدى چۇ دۇدى سىياھ.
تەلبەلىكىم تۇتتى بېزىنىگ زەررەھۇش،
مۇرشىدى ۋەقتى كەرەھ ژەندە پۇش.
ھادى بۇرھان شەرىئەت بولۇپ،
دادىئى پىران[60] تەرىقەت بولۇپ.



سىلسىلەئى فەقر بەيان ئەيلەگەي،
ئانچەكى پۇشىدە ئەيان ئەيلەگەي.
فەقر ھۇرۇپى ئۇچ ئېرۇر، ئەي فەقىر،
ئاڭلا ئانىڭ ھەرفىنى كۆرمەي ھەقىر.
"فى"كى نۇخۇستىن[61] كۆرەسەن فاقەدۇر[62]،
تالىبى سادىقغە دەم نەفخە[63] سۇر.
"قاف" قەنائەتدۇر، ئىشت يەتتە كۇن،
قىلما ياراغى يېمەكلىك تۇنۇكۇن.
"رى"كى رىيازەتدۇر، رىيا قىلماغىل،
شەھۋەت ئوتى ئۆزرە[31] چۇ يا قىلماغىل.
فەقر چۇ دەريايى ئەزىم ئەي پەدەر،
شىشە كىيىپ كىرسەڭ ئالۇرسەن گۆھەر.
شىشە كۆزۈڭ بەھرىدەغى باتىنىڭ،
كۆركۈزەدۇر مەۋجى تىلىسىم تېنىڭ.
كۆز يولىدىن بولماغۇچە شىشەپۇش،
ئالما كەفەننى دەلىرانە بەدۇش[64].
خىرقەئىكى دەرلەر ئەۋۋەلىدۇر كەفەن،
تەندە تىرىك ئۆلمەگۇچە كىيمە سەن.
مەئنەئى ئۆلمەك تەن ئارا قايىسدۇر،
تەگرىگە ھازىر يەنە دىن دۇرى دۇر.
گىنەۋۇ كىبرۇ ھەسەدۇ ھىرىسدىن،
نەفسى بەد ئەندىش سەگى ھىرىسدىن[32].
شەھۋەت ئوتىيۇ ھەۋەس جەمئ مال،
ۋەسۋەسئى كەيفىيەتى قىلۇ قال.

غەيبەت ئىلە زۇلۇم رىيا قىلمايىن،
تەۋبەكى بىر قىلدى(33) يەنە قىلمايىن.
زاھىرۇ باتىننى ئارىغ ئەيلەبان،
ئۆمۈركى ھەر دەمدە دەرىغ ئەيلەبان(34).
سۆزلەمەيىن مۇرغى مەلەكدىن ھۇنۇز،
ئالتە جەھەت، يەتتە فەلەكدىن ھۇنۇز.
تىغى زەبانىڭنى نىيام(65) ئىچرە تۇت،
جەۋھەرى مەئنىنى كەلام ئىچرە تۇت.
قۇدرەتى ھەق ئول مەھەل ئەيلەر زۇھۇر،
باشدىن ئاياغىڭ بولۇبان غەرقى نۇر.
تابىشى بەرگەيسە مۇنەۋۋەر بولۇپ،
كۆن كەبى كۆك ئۆزرە(35) قەلەندەر بولۇپ.
خاھى گۆھەردەك تېگى(36) دەريادە بول،
خاھى خىزىر دامەنى سەھرادە بول.

چۇن ۋەقتىكى ئادەم ئەلەيھىسسەلام(37)،
بولدى بۇ ئالەمدە ئەسىرى بادام.
تەۋبە ياقاسىنى تۇتۇبان نىھان،
يىغلار ئىدى رەببى زەلەمنا دىبان.
تار ئىلە پود ئەردى ئەدەمدە ھەمە،
پوشىش ئېتەرگە يوق ئىدى ھىچ نىمە.
بىر كۈنى جىبرەئىل خۇجەستە قەدەم،
كەلدى پەيامى ھەق ئالىپ دەمبەدەم.
تۆھفەئى رەئنايى چۇ فەررۇخ سىپەر(66)،



ئادەم ئاتانىڭ قاشىدە قويدىلەر.
سوردىلەر ئادەمكى ئەيا جىبرەئىل،
نەرسەدۇر كەلتۈردۈڭ ئەيتغىل دەلىل.
جىبرەئىل ئەيدىلەر: ئەيا ھۇشيار،
كىسۋەتى(67) مەردان رىيازەت شىئار.
كىمكى كىيەر، بەندە(38) گۇنەھ قىلماغاي،
ھاسىل ئۆمرىنى تەبەھ(68) قىلماغاي.
ۋە گەھ نىچۈك تىلدۇر ئەيتقاي سىفات،
ھەق ئۆزى دەر خىرقەئى بەھرۇل ھەيات.
خاسىيەتى كىيسە ئۆلۈك جان تاپار،
جان بىلە ھەركىم كىيەر ئىمان تاپار.
خىلئەت ئەمەس ھۇللە(69) ئەمەس يا ھەزىر،
بارگەران(70) بەدەنى ھەر فەقىر.
ھەزرەتى ئادەم ئىشتىپ يىغلادى،
كىيگەلى مەن قايىل ئەمەسمەن دىدى.
بىرگىنە بۇغداينى يىدىم تا بۇ دەم،
جانۇ دىلىم كۆيدۈرەدۇر دەردۇ غەم(39).
ھىللەقەنى، تاجى بىھىشتى قەنى،
جەننەت ئىچىدە مەن ئىدىم بەس غەنى.
سالدى بۇ مىھنەتى كەدەھكە(71) ئەي دەرىغ،
لايىقى قوغلانماق ئىدىم بەلكى تىغ.

## ھەزرەتی جەبرائیل ئەلەيھىسسەلام خىرقەئی مۇبارەكنی ھەزرەتی نوھ ئەلەيھىسسەلامغە كەلتۈرۈپ، ئۇلەر ھەم ئۆز گۇناھلەرىغە ئىقرار بولغانلەری

پەيكى جەلىل ئاگلاپ ئەيدى بۇ جەۋاب،
بال بەبال ئۇردى قىلىپ ئىزتىراب.
ياندى ئالىپ خىرقەنی بېشەككى رەيب[72]،
نوھ نەبی ئەسرىغىچە ئەردی غەيب.
بولدى ئۇلەر دەۋرى دەغى ئاشكار،
ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەم ئىچىدە ھەزار.
ئەمرى بىلەن ھەزرەتی روھىل ئەمىن[73]،
خىرقەنی كەلتۈردی يەنە غەيبدىن.
ئەرزە قىلىپ ئەردی ئۇلەرغە دەغى،
كىيمەدى ئۆزرە ئەيتتى كەما يەنبەغى.
مەنكى دۇئايى بەد ئوقۇپ ناگەھان،
زىرۇ زەبەر بولدى سەراسەر جەھان.
خەلق چۇ توفان سۇيىدە ئۆلدىلەر،
غەرق ئىدى بارچە — نەبەھرۇ نەبەر.
مۇنچەكى ئۆلدی بەتەمام مەردۇ زەن،
پىلۇ پەلەك[74]، شۇتۇرۇ كەركىدەن.
ئادەم، ھەيۋان، جىنۇ مار-مور،
كەتتى ھەمە جەمئ بولۇپ سويى گور[49].
بائىسى بۇ — ئاسى بولۇپدۇر ھەمە،



ئەينى بەلا ئەردى ئانى سۇ دىمە.
مەندىن ئىدى ئەلگە بۇ ياگلىغ زەرەر،
تاگلا قىيامەتدە نەھالىم كېچەر.
سامئ ئولۇپ سائەتی گۇفتار نوھ،
ئۆزگەچە كۆردی چۇ رەفتار نوھ.

## ھەزرەتی جەبرائیل ئەلەيھىسسەلام خىرقەنی ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ نەزەرلەرىگە كەلتۈرگەنلەری

ئاندىن ئالىپ كەلدی يەنە جىبرەئىل،
مەككە ياسارىدە ئىبراھىم خەلىل.
باقتی خەلىلۇللاھ ئاگا ناگەھان،
كاشفی ئەسرار خۇدايى جەھان.
سوردی نە كىسۋەتدۇر بۇ ياگلىغ، بۇ تەرز؟
تىترەدی كۆرگەندە سەما بىرلە ئەرز.
ھەيبەتی ھەق جىلۋە قىلۇر تارىدىن،
فەيزىگە تولدی كۆگۈل ئەسرارىدىن.
پەيكى جەلىل ئەيدى: بەلی مەرھەبا،
سىزگە ئېرۇر ھەدىيە خەلىلی خۇدا.
لېيك بۇ خىلئەتنی كىشنىكىم كىيەر،
تاجىنی تەركۇ كەمەرىن تەرك ئېتەر.
جانۇ جەھان زەنۇ فەرزەند ھەم،
مالۇ مەتائ تەنۇ پەيۋەند ھەم.
باشی بويۇندا بارۇ يا يوقی،

قارنى ئانىڭكى ئاچۇ ياتوقى[illegible].
خاتىرىغە زەررەئى كەلتۈرمەيىن،
ئەگىندە ئوغلاق تىرەسى يا تىيىن.
يەتتە كۈنلەر روزەۋۇ روزى يىمەي،
قىلىپ دۇئا مۆئمىنۇ كافىر دىمەي.
"تا" تەرىقەتنى ئەسا ئەيلەپ،
"شىن" شەرىئەتكە ۋەفا ئەيلەپ.
نەئىرە چېكىپ ئەيدى خەلىل: ئەي مەلەك!
تولدى گۈناھىمغە بۇ توققۇز فەلەك.
كىبرى ئۇچۇن تەڭرى ئىتاب ئەيلەدى،
تەۋبە ئوتى جاننى كەباب ئەيلەدى.
دەغى گۇنەھ بىرلە گىرىفتارمەن،
قورقادۇرمەن كىيگەلى ناچارمەن.
كىمكى كۆڭلى پاك، تېنى پاك ئېرۇر،
ۋاجىب ئېرۇر، كىيمەكى نە باك ئېرۇر.
مەنكى گۇنەھ قۇلزۇمىدە غەرق مەن،
گاھى ياغىپ ئەبرۇ گەھى بەرق مەن.
روھىل ئەمىن ھەمد ـ دۇرۇد ئەيلەدى،
پەردەئى غەيب ئىچىدە ئالىپ چۇلغەدى.
قەرنلەر ئۆتتى ئۇلەردىن كېيىن،
خىرقە يۈزىن كۆرمەدى رويى زەمىن.



## ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام خىرقەنى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلتۈرگەنلەرى

مۇددەتىدىن سوڭرە ئەلەيھىس سەلات
سەدرى نىشىن خوجەئى كايىنات.
مۆئجىزە تىغىنى قىلىپ جىلۋەگەر،
يەك قەلەمە⑮ قىلدى نە بەھرۇنەبەر.
قويمادى ئالەم ئىچىدە سومنات،
بەرھەم ئۇرۇپ سۆرەتى لات ـ مەنات.
كىبر ئىلە تەرسا ئەلەمىن قىلدى پەست،
بۇت بىلە مەيخانەگە⑫ بەردى شىكەست.
چېھرەسىدىن ئاچتى مەئانى نىقاب،
تاپتى چۇ ئىمان گۆھەر ئابۇتاب.
سىدرە دەرەختىدە ئەيدى جىبرەئىل،
كەلدى ئەلەس سۇبھى⑯ نەدايى جەلىل.
خىرقەئى فەقرىكى دەغى باردۇر،
قەددى ھەبىبىمغە⑰ سەزاۋاردۇر.
جىسمى ئانىڭ نۇر، يوق ئاندا غۇبار،
بەلكى تۇفەيلىدۇز بۇ ھەژدە ھەزار.
فەقىر مەقامىدە شەھەنشاھى ئول،
ئەختەر ئېرۇر ئۆزگە نەبى ماھى ئول.
ھەدىيە تەرىقىدە ئالىپ بار ئاڭا،

بولما بيكبار، گۇنەھكار ئاگا.
ئەمرى ئىلاھىنى ئىشتىپ دەلىل،
تۈشتى مەدىنە ئىچىگە جىبرەئىل.
شەرفە جىبرەئىل بىلىپ ئول زەمان،
ھەزرەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.
سۇرخ بولۇپ خىرمەنى گۈلدەك جەبىن.
تۇتتى قۇلاقىنى لەبى ئاستىن[43].
كۆردى فەرىشتەلەر سەفىدۇر سەفىي[78]،
باشلادى "تا ـ ھا"[44] بەتەرىقى خەفىي[79].
روھىل ئەمىن ئەيلەدى ئول دەم نۇزۇل[80][45]،
ئەيدى: سەلام، سەلەۋات، ئەي رەسۇل.
تەڭرى دەغى سىزگە يىبەردى دۇرۇد،
مەۋج ئىلە بەخشايىشدىن[81] بەھرى جۇد.
خىرقەئى پەشمىنە ئەتا ئەيلەدى،
لايىقى مەھمۇدۇ مۇھەممەد دىدى.
كىيمەدىلەر ئۆزگە ئۇلۇل ـ ئەزملەر[82]،
بەردىلەر ئۆز جۇرملەرىدىن خەبەر.
كىمكى گۇنەھ بىرلە ئاغۇشتەدۇر،
فەقىر لىباسى تېيىندىن دۇرى دۇر.
يوقتۇر بۇ خىلئەتدە قۇسۇرۇ غەدۇد[83]،
قۇدرەت ئىلىكىدە قىلىپ تار ـ پۇد.
ئالەمى غەيب ئىچرە تىكىلگەندۇرۇر،
ئىلمى يەقىندە بىلىنگەندۇرۇر.
ئەيدى رەسۇل ئەرەبى ئەي ئەخى،



رەۋشەن ئەتتىڭ خىرقەئى بەيانىن تەخى.
كىيمەكىدە شەرتى نۇخۇستىن نەدۇر،
خىرقە نىدۇر، مۇرشىدى تەلقىن نەدۇر.
ئەيدىلەر روھىل قۇددۇس[84]، ئەي خۇشخۇرام،
يوقتۇر ساڭا ھاجەتى تەلقىنى ئام[85].
چەشمەئى ھەققانىيەتى تەڭرى سەن،
شەرئىڭ ئىرۇر دەلۋى[86] تەرىقەتى رەسەن[87].
ئابى زۇلالىكى ھەقىقەت[46] ئىرۇر،
ساغەرى فەقىر ئىچرە تولۇپ سۇ بىرۇر.
دەلۋە رەسەن سالماغۇچە چاھغە،
قايدا يولۇقغاي يۇسۇفى ماھغە.
ماھ ئەگەرچەند پۇر ئەنۋاردۇر،
داغى غۇلامى يۈزىدە باردۇر.
مۆئجىزەئى بەرھەق ئۇچۇن سەربەسەر،
بەردى خەبەر ئايەتدە نەشەققۇل قەمەر[88].
قۇلزۇمى ئىشقىڭ ئەزەلۇ تا ئەبەد،
مەۋجى زەن ئولدى بەمەقامى ئەھەد.
مۇرشىد ئۆزۈڭ ھادىيۇ ھەر يول ئۆزۈڭ،
تەڭرى كەلامىغە مۇدەللىل[89] سۆزۈڭ.
مۇژدەئى لاتەقەنتۇدىن سەن ـ سەتىنج،
ئايەتى لەۋلاكە لىما مۇندەرىج.
شەربەتى شىرىن ھەدىسىڭ مەگەر،
تۆكتى نەيستان جەھانىغە شىكەر.
كىسۋەتى فەقىر ئەيدىنكى بۇگۈن،

مەن ئەرەفە نەفسەھۇ دەپ تۇنۇ كۈن.
سىزگە سەزاۋەر ئېرۇر بۇ لىباس،
سىزدىن ئېرۇر تەركى بەلى بەش ھەۋاس(90).
زاھىر بۇ كۆز قۇلاقدىن جۇدا(47)،
ھەرنە كۆرەرسەن ئىشتۇرسەن خۇدا.
بەئزى ۋەلى تاپمادىيۇ بولدى غەرق،
بۇيى خۇدا بۇيى مۇھەممەددە فەرق.
كامىل ئەگەر كىيسە دىدىلەر رەۋا،
قويسە قەدەم بىر قەدەمى مۇستەفا.
بولماسا بۇ مەرھەلەدە بەس لەۋەند،
پۇشتى چۇ گەھۋارەئى(91) شەرئىگدە بەند.
تەۋبە تانابىدە دەغى باغلابان،
ئۇزۇۋلەر(92)دىن قول-ئاياغىن ھەمان.
ئىككى جەھان لەززەتىدىن بىخەبەر،
تىفلىكى(48) بىچارە بولۇپ بى پەدەر.
مۇرشىد ئاياغىغە يىقىلماق ئېرۇر،
خىزمەتىنى بەندەچە(49) قىلماق ئېرۇر.
ئادەمىزادىكى جەھان ئىچرە بار،
ئىللەتى ئىسيان تېنىدە سەدھەزار.
گىنەۋۇ كىبرۇ ھەسەد ھەم غەزەب.
شەھۋەت ئوتى بىرلە كۆيۈپ روز-شەب.
ۋەسۋەسەئى نەفسى شەياتىن ھۇنۇز،
غۇلغۇلەئى ئەھرەمەنۇ جىن ھۇنۇز.
پەردەئى غەفلەتدە بارى باردۇر،



سۆھبەتىدىن روھ چۇ بىزاردۇر.
روھ بۇلەر بىرلە نەيەرگە يېتەر،
مۇرشىدى كامىل مىكرىن دەفئ ئېتەر.
بۇي بېرۇر باغى ۋەفادىن ئاگا،
دارۇ بېرۇر دارۇشفادىن ئاگا.
بولسە ۋۇجۇدىدە ئانىڭ كىبر ئەگەر،
ھۇببە(93) تەۋا زۇئدە قىلۇرلەر بەدەر.
گىنە داغى سىنەدە ئىللەت دۇرۇر،
دەفئ بىلىڭ تازە تەھارەت دۇرۇر.
قەلئەئى تەندە مەرەزى ھىرىس-ئاز،
دارۇ ئاگا روزە تەبىبى نەماز.
ئۇشبۇ رەۋىش بىرلە بولۇڭ بارھا،
باشدىن ئاياغ بۇ سىفەتى ئەۋلىيا.
گەرچە ئاياغ ئۆزرە ئېرۇر كۆزلەرى،
ئەرشدە سەيلان ئېتەدۇر ئۆزلەرى.
ھۇش ئۇلارنىڭ دەمىدە بەر قەرار،
مەنسۇر ئۇلارنىڭ دەمىدە(50) پايدار.
ئەنجۇمەنى گەرچە ئېرۇر ئامۇخاس،
خىلۋەتى باتىندە ئۇلار خەۋاسۇ خەۋاس(94)(51).
سەيرى قىلىپ كۆرمەك ئۇچۇن بەھرۇبەر،
ئولتۇرۇبان ئۆيدە قىلۇرلەر سەفەر.
بەئزەلەدىن خەۋارىق ئادەتلەر(95)،
بەئزەلەدىن كەشفى كەرامەتلەر.
زاھىر ئەگەر بولسە ئەجايىب ئەمەس،

ئارى ئەجايىبۇ غەرايىب ئەمەس،
گۈلشەنى دۇنياكى ئاچىلىپدۇر،
لالە ئەمەس خۇنى ساچىلىپدۇر.
نەرگىسى مەخمۇر پىراز زەھرى ئۈچۈن[96]،
غۇنچەلەرىنىڭ كۆلۈشى قەھرى ئۈچۈن.
مىۋەئى ئۈل باغى مەلامەت ئىمىش،
مەرھەمى ئۈل داغى نەدامەت ئىمىش.
ئىشقى مەجازىغە خەرىدارلىق،
سەددى سىكەندەرگە گىرىفتارلىق.
بولما گىرىفتار مەجازى زەلىل،
رابىتەئى دىلغە ھەقىقەتنى قىل.

كۆركى بۇخارادا شەھى نەقشەبەند،
مەئنى سىپىھرىدە مەھى نەقشەبەند.
دايىرەئى نۇقتەئى تەۋھىدە ئۈچۈن،
پادىشەھى ئالەم تەجرىد ئۈچۈن.
راھى نۇردان شەرىئەت بولۇپ،
سىلسىلە داران تەرىقەت بولۇپ.
قافىلە سالار جەمىئى ئۇمەم[97]،
يەر يۈزىدىن ئەرش ئاگا بىر قەدەم.
ئايىنەئى مەئنى ئۈچۈن پاكۇساف،
خىرقەلەرىن قىلدى مەلائىك تەۋاف.
كىمكى بەلا ئىلكىدە بولدى ئەسىر،
قۇتبى بەھاۋىددىن ئىرۇر دەستگىر.



ۋەجدى جۇنۇن ساغەرىدىن روز-شەب،
ئەيلەدى سىيراب بارى تەشنەلەب.
لەبنى يەتكۈرگەن-لە بولۇپ ۋەجدۇجال،
تاڭلا قىيامەتدە ساقايماغ مەھال.
قەترەئى ئۈل مەيدىن ئەگەر بۇ ئەلى،
ئىچسە ئىدى، بولغاي ئىدى ئۈ ئەلى.
تەكسە مەشامىغە[98] بۇ بولدى جۇنۇن،
رەقس قىلۇر ئەردى بارى زۇفۇنۇن[99].
تەلبە زەلىلىكى غۇلامىڭدۇرۇر،
بەندەئى ئۈل، بەندەئى جامىڭدۇرۇر.
لۇتفى كەرەم بىرلە ئىنايات قىل،
كۆڭۈلنى مەكشۇفەئى[1] ئايات قىل.
غەيب ۋىلاياتىدەقى شەھريار،
مەئنى گۈلستانىدەقى ھۇشيار.
خوجە ئەبەيدۇللاھ ئەھرار ئىدى،
مەئرىفەت ئەيتۈردە دۇررى بار ئىدى.
قوللەرىدە ئەردى خەزانىنى ھەق،
سەلتەنەتى شەۋكەتى ئايىنى ھەق.
قىلدى تەمەننا فەلەك لاجۇۋەرد[2]،
بولغاي ئىدى خوجە ئىشىكىدە گەرد.
تەكسە غۇبارىغە مۇبارەك ئاياغ،
بولماس ئىدى روزى جەزادە سوراغ.
بىشە مەئنىدە ئۈلار شىر ئۈچۈن،
جان مۇنافىقلەرغە چۈن تىير ئۈچۈن.

رۇستەمى مەيدانى مۇھەببەت بولۇپ،
نەشئەئى ئەفغانى مۇھەببەت بولۇپ.
ئەھلى مۇھەببەتكە ئۇلار ئەردى تاج،
دىنى مۇھەممەدكە بەربىان رەۋاج.
ھەيبەتىدىن يەر يۈزىدە زىلزىلە،
ئادەمى ئابىغە تۈشۈپ غۇلغۇلە.
ئەسرىدە يوق ئەردى مۇقەددەم ئاڭا،
مەلەكى خۇدا ئەردى مۇسەللەم ئاڭا.
خىزمەتىدە تەختنىشىن شاھلەر،
بارچە ۋەلى ھازىر ئاگاھلەر.
ھەر بىرى بىر شاھ ۋىلايەت ئىدى،
يولنى يۈتۈرگەنگە ھىدايەت ئىدى.
بەندە زەلىلىكى گۇمراھدۇر،
ھەمدەم دەرد- ئەلەمى راھدۇر.
ھادى بولۇپ ئەيلە ھىدايەت ئاڭا،
رەۋشەن ئېتىپ مەئنىئى ئەيت ئاڭا.
يولنى تونۇپ كۆڭلىنى ساف ئەيلەسۇن،
كەئبەئى مەقسۇد تەۋاف ئەيلەسۇن.
بەئدە ۋەلىيۇ مۇكەممەل ئەۋلىيا،
قۇتبى جەھان خوجەئى دەفئ بەلا.
ھەزرەتى مەخدۇم شەھى كامىياب③،
بەھرى مەئانىدە چۇ دۇررى خۇشاب④.
كەۋكەب مەئنىدە مەھى ئىيد ئۇچۇن،
نۇرى خۇدا مەشئەلدە بىد ئۇچۇن.



تاپمادىلەر دامەنى پاكىدە ئەيب،
مەھرەم ئىدى جۇملەئى مەردان غەيب.
سەيد ئەئلائى ئەسىلۇن نەسەب،
سىيەر ئىلەللاھ ئېتىبان روز- شەپ.
ھەمدەم ئولۇپ ھەلقەئى روھانىيان،
رەۋشەن ئولۇپ مەجلىسى گەردى بەيان.
قىلمە ئۇلەر مەرتەبەسىنى سوراغ،
زاھىرى باتىن گۆھەرى شەب چىراغ.
بار ئىدى بىرنەچچە فەرزەندلەر،
بەلكى نە فەرزەند جىگەر بەندلەر.
ئون بىر ئوغۇل مىسلى كەۋاكىب ئىدى،
جەزبە بۇراقلەرىغە راكىب ئىدى.
مەملەكەتى فەقىرگە ئەيلەپ زۇھۇر،
شەئشەئە⑤ئى مەشئەلەئى بەھرۇ نۇر.
ھەر بىرىكىم خوجەئى ئالى نىشان،
ۋاقىبەتى رو بەئىدەم ئەيلەبان.
دۇررى مەئانىنى تۆكۈپ كەتتىلەر،
قۇلزۇمى ۋەھدەتكە چۆكۈپ كەتتىلەر.
ھەر بىرى ئۆز ئەسرىدە بىر ئەۋلىيا،
ھەر بىرى بۇرھانۇ دەلىلى خۇدا.
تەلبە زەلىلى فەقىرا قۇللەرى،
باغى جۇنۇنىنىڭكى چۇ بۇلبۇللەرى.
بالۇ پەرى مەشئەلەئى ئاھدۇر،
ياد ئىلە فىكرى ھەمە كۈن شاھدۇر.

تاپتی خەبەر ئشقی مەھەللاتىدىن⑥،
تولدی جەھان ۋەجد ئىلە ھالاتىدىن.
كىردی بۇ ئوت ئىچرە سەمەندەر بولۇپ،
تەركى جەھان ئەتتى قەلەندەر بولۇپ.
تەلبەۋۇ رەسۋايى خەرابات ئۈچۈن،
ئاشقى بەدنام ھەر ئەۋقات⑦ ئۈچۈن.
چاك سالىپ خىرقە گىرىبانىغە،
قويدی يۈزىن ئشقى بەيابانىغە.
ئۆزدىن ئۆزی يولغە كىتەلمەك غەلەت،
بى مەدەدی پىر يىتەلمەك غەلەت.
تالىب ئەگەر تاپماسە بىر رەھنەمۇن،
كىرمەكی بۇ يولغە بىغايەت زەبۇن.
بىشەلەرىدە پۇر ئىرۇر ئەژدىھا،
بەبىر پەلەگى سوقادۇر بى ئىبا.
بەندەغۇ يانماسمەن بۇ يولدىن ھۇنۇز،
رىشتەنى بەرمەسمە چۇ قولدىن ھۇنۇز.
مەرھەمەتى ئەيلەسەلەر ناگەھان،
ھەزرەتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سوردۇم ئۇلەر نەئتىدە گۇفتارمەن،
شەۋق كەمەندىدە گىرىفتارمەن.
تاپتى مەشايىخلەر ئۇلەردىن مۇراد،
فەيزى ئىشكى قەدەمىدىن كۇشاد.
رەۋشەن ئىرۇر مىللەت ئايىنلەری.
مۇلكى موغۇلىيە خەزايىنلەری،



لەشكەری كۇفر ئەتسە بىناكى سىتىز⑧،
فەرقى ئەدۇۋ ئۆزرە چۇ شەمشىری تىز.
ئۆمۇر تۈگەنگۈنچە قىلىبان غەزات،
بەئزى دىمىشلەركى جەھاندا ھەيات.
ئەۋۋەلىدىن جالەرىدۇر كاشغەر،
مەنزىلى مەئۋالەرىدۇر كاشغەر.

## سەفەرنامەئى زەلىلى

بىر كىچە ئەردى بىئەمرى ھەكىم،
كەلدی مەشامىمغە ئۇلەردىن نەسىم.
مۇرغى كۆڭۈل بۇي ئالىپ ئول بۇيدىن،
چىقتى بەلەندكە قاچىپ ئۆيدىن.
ۋەجد جۇنۇندىن چىقارىپ پەرۇبال،
تاشلادىكىم بال-پەری قىلۇ قال.
كى ئەل ئارا گاھ چۇ ئۇزلەت بىلە،
تاقەت ئالالماي بۇ مۇھەببەت بىلە.
ۋەقتى سەھەر ھەددىن ئاشىپ ئىشتىياق،
ئەيتۇر ئىدىم نالەئى ھەزا فىراق.
ئەرتەسى ناگاھ سەفەر ئەيلەدىم،
راھى تەۋەككۇلغە نەزەر ئەيلەدىم.
سىدقى تەۋەككۇلدۇ چۇزاد سەفەر،
لازىم دەرۋىش ئەمەس سىيمۇ زەر.
مەن دەغى بۇ شەرتى تەۋەككۇل بىلەن،

بىرتە نان بەلكى نە بىر پۇل بىلەن.
بارگەران ھەمرەھ ئاھىنم تاباغ،
خۇن جىگەر تۇشە ئۇلاغىنم ئاياغ.
بەند بە پەيۋەند ھەمە ئۇستىخان،
كۈنگىرەئى ئەرش ئۇچۇن نەردىبان.
چەشمە سىفەت كۆزلەر لەنگەر تىبنىم،
سەير قىلىپ قافىلەئى باتىنىم.
تاپتى كۆكۆل ئاندەكى ئاگاھلىق،
ۋەقتى پىشىن ئەردى يېتىپ شاھلىق.
يول يۇرۇبان بولدى نەمازدىگەر،
بەگلەر تۇغىدىن ئۆتتۇبان ئەلھەزەر.
باقمايىن ئول ھەمرەھۇ يولداشقە،
يەتتىم ئۇشول لەنگەرى چىرماشقە.
ئاندا قونۇپ كېچە، يۇرۇدۇم سەھەر،
كۈن تۇغۇشى بىرلە بولۇپ بىخەبەر.
جەمئ كەسرى دافۇ دۇمباق بىلەن،
ئۇچرادىلەر كوچەئى توغراق بىلەن.
بولدى فەرامۇش بۇ بارۇ يوقۇم،
يەتتىم ئۇشولدەمدە تەھى بۇغراقۇم.
سائەتى ئول يەردە فىغان ئەيلەبان،
چېھرەنى چۇن بەرگى خەزان ئەيلەبان.
ئەيدىم ئايا، ھەزرەتى سۇلتان ساتۇق،
كاشكى بۇ قۇمدىن ئاچىلسە قابۇق.
مەرقەددى پاكىڭنى تەۋاف ئەيلەسەم،



سەيقەل ئېتىپ سىنەنى ساف ئەيلەسەم.
بىر نەزەرى قىلساڭ، ئايا[2]، شەھسۇۋار،
دەفئى بولۇر ئەردى ھىجابى غۇبار.
خەستەئى مىسكىن، مۇسافىر، غەرىب،
ئەقىل ئىنانىنى ئىلكىدىن بېرىپ.
يولغە رەۋان بولۇپ ئول دەم گەردى بار،
بولمادى مەئلۇم ماڭا ھىچ سەۋاد.
تەشنەلىكى جانىمە پەيدا بولۇپ،
تەلبەلىكىم يانە ھۇۋەيدا بولۇپ.
بۇغراقۇم ئول ھالدە بولۇپ كەر بەلا،
دامىنەئى قۇمدە تولۇپ ھەر بەلا.
يەئنى ھەۋا گەرم ھەرارەت فۇزۇن،
ئىككى ھەرارەتدە جۇنۇن ۋەر جۇنۇن.
لەنگەرىگە يەتتىمۇ لەنگەر دىمە،
مەھز ئاتى چىتلىقۇ دۇنگەرلىمە.
ئابى رەۋاندەك ئۆتتۇپ ئاندىن زەلىل،
بىر كېچە كۈندۇزدە يېتىبان قىزىل.
سەيرى قىزىل بىرلە قارا قىر ئېتىپ،
سۆزنى بۇ يول بويىنغە زەنجىر ئېتىپ.
ئىشق قىلىپ مەھۋى يېقىنۇ يىراق،
تەۋف ئېتىپ يەئنى چۇ شاھى ئىراق.
بيشەئى غۇربەتدە چۇ بەبرى بەيان،
تۇغ تىكىپۇ بىر لەبى ئابى رەۋان.
ساقى يەنە جۇرئەئى مەستانە تۇت،

گوشەئى كۆزلەردە كىلىپ خانە تۇت.
گا ئىككى كۆن بولۇبان ھەمنەفەس،
سىندۇرەلى بەند بۇ ئاھىن قەفەس.
جۈملە ئەئزانى تۇتتۇپدۇر جۇنۇن،
قەددىم "ئەلىف" ئەردى، بولۇپدۇركى "نۇن".
ئەمدى يەنە سۆزگە زۇھۇر ئەيلەلى،
فاتىھە بىر ئەھلى قۇبۇر ئەيلەلى.
جام تىرىكلىك مەيى ئىلە تولماسا،
ئەھلى قۇبۇرنىڭ مەدەدى بولماسا.
بەئدەزىن ئەيلەدۈك ئاندىن سەفەر،
كۆرمەك ئۈچۈن كىم تەرەفى كاشغەر.
راھنەمۇن بولغانىدىن كىردىگار،
بولدى نەمايان شەھەر ھەم مەزار.
كۆرمەدى كۆز ئانچە ئۇلۇغ بوستان،
فەيزى فۇتۇھ ئىلە يەرۇ ئاسمان.
ھوجرەلەرۇ گۇنبەزى تاقۇ رەۋاق،
بىر ئوق ئاتىم قەلئەدىن ئەردى يىراق.
خانىقەۋۇ باغى سەرۋى دەرەخت،
ئاندا بەسى يەردە نەچە نىكى بەخت،
مەرقەدى ئەۋۋەلكى ئىبرۇر ئەينى دەرد،
تۇغ – ئەلەمۇ ئالتىندە لاجۇۋەرد.
تاجى سەرى ئارىف ئىلمۇل – يەقىن،
خوجە مۇھەممەد يۇسۇفى پاكى دىن.
تۇتقان ئۇلەر شەرئ ئىشىنى قەۋى،



ھەزرەتىمىزغە پەدەرى مەئنەۋى.
بادەئى ۋەھدەتدە بولۇپ مەستۇمەست،
زاھىرۇ باتىندە ئەجەب ھەق پەرەستە
مەنزىلى ئەسلىنى ئۇلەر بىلدىلەر،
ئاقىبەت رو بەئدەم قىلدىلەر.
مەرقەدى دۇيۇمكى ئىبرۇر جىلۋەگەر،
سەجدە قىلۇر بارچە تەرەفدىن شەجەر.
قىلمە گۇمان مەرقەد ئەمەس مەككەدۇر،
يەتسە بەھىم ھەر كىشى كۆرمەككەدۇر.
ئالەمى مەئنىدە چۇ ماھى تەمام،
خوجەئى ئافاق شەھى خۇش كەلام.
نۇقتەئى كىم دايىرەۋۇ قۇتبى دىن،
سىلسىلەئى ھەزرەتى مەخدۇمدىن.
تابىش ئىتىپ جۈملەگە بۇ ئافتاب،
تۇر بەتىدىن گۆھەرى ئىنتىخاب.
بادە سەبايى سەھەرى مەئرىفەت،
ئاچتى خەلايىقغە دۇررى مەئرىفەت.
قۇببەئى ئىسلام ئۆزە چەكتى ئەلەم،
ھەزرەتى مەخدۇمغە بولۇپ ھەمقەدەم.
كەلىمەدى مۇنداغ ۋەلىيۇ پاكباز،
مەۋج ئۇرۇپ كۆڭلىدە دەريايى راز.
يۈزلەرى گويا تەبەقى نۇردەك،
تارى مەھاسىنلەرى[9] كافۇردەك.
شەرھ قىلىپ دەبدەبەئى مەسنەۋى[10]،

مەسنەۋى مەئنەۋىيۇ مەۋلەۋى[11].
بۇرقەئ مەئنىنى يۈزىدىن ئاچىپ،
مەئرىفەتۇللاھ دۇررىنى ساچىپ.
ئاچتى ئەدەم شەھەر سەرى پەرۋبال،
ئالەمى مەئنىگە قىلىپ ئىنتىقال[12].
قىلدى ئۇلەر سىلسىلەسىدىن زۇھۇر،
خوجە يەھياكى ئىدى غەرقى نۇر.
بەسكى بەھادۇر جەھانگىر ئۆچۈن،
گەردەنى كافىرلەگە شەمشىر ئۆچۈن.
مەسجىد مۇنبەردە بۇ ساھىب قىران،
خۇتبەئى شاھى ئوقۇتۇپ ئەل ئەمان.
ئىسمىلەرى يەھيا، لەقەبى خان خوجەم،
تەختى نىشىن بەتەمامى ئەجەم.
خان خوجەم جۈملەئى ئەسھابلەر،
تىيرەئى ئالەمدە بۇ مەھتابلەر.
نۇرفىشان ئولدىلەر كىم ھەر تەرەف،
زۇلمەتى يەلدانى قىلىپ بەر تەرەف.
بارچەلەرى پاك، رويۇ پاكزاد،
مەرتەبەئى ئالىدە پىرى رىشاد.
نەچچەلەرى تارىخى يىقىندەدۇر،
مەنزىلى ئەئلايى ئەلەيىندەدۇر[13].
بەئزەلەرى رويى زەمىندە ھەيات،
ھەر بىرى بىر ئايىنەئى شەش جىھات[14].
كۆز تۇتەرەم دايىم ئۇلەردىن ئۈمىد،



خاس نەزەرگەھلەرىدىن ئېئتەمىد.
بىشەك ئۇلەر باقسە بولۇر خاك زەر،
بولدى زەلىلى خاك، تۈشەر دەپ نەزەر.
تا نەزەرى قىلماسە بىر نېكى بەخت،
يوغناماغاي رويى زەمىندە دەرەخت.
تەۋف ئېتىپ رەۋزەلەرىن دەمبەدەم،
يۈردۈم ئۆتۈبان تەرفى بەشكەرەم[15].
بولدى نەمايان بىر-ئىككى تېرەك،
ئاندا يېتىپ ھەزرەتى مىرزا زېرەك.
مىرزا زېرەك دەرلەر خەتادۇر بەسى،
چۈنكى خەتا بولدى جەفادۇر بەسى.
ئەۋۋەلىكىم ئەردى چالىشدە مۈلۈك،
ئاخىرىدە مۇرشىدى بابى سۈلۈك.
شەھرى ھەبەشدىن ئىدىلەركىم بىلال،
ھەشەردە ھۆرلەرگە قاراسىدۇر خال.
يەئنى قاراخانىكى لەقەب ئەلىق ئاتا،
كىم دىدى ئەلىق خەتادۇر خەتا.
مىسلى ئۇلەر بارچە ئەزىزلەر بىلىڭ،
قائىدەئى شەرتى ئەدەبنى قىلىڭ.
ھەر بىرى ئول تايىفەنىڭ زۇلفىقار،
تۇتمە ھەقارەتدە ئاتىن زىنھار.
يانە ياشىم بىرلە تەھارەت قىلىپ،
ھەزرەتى مىرزانى زىيارەت قىلىپ.
يولغە كىرىپ نالە بىلەن زار-زار،

قويدۇم ئاياغ دامىنەئى كوھسار.
تاغى بەلەندىكى ئېرۇر قاتۇ قات،
مەئنى قات بار يوقۇقىنى بۇ قات.
يۈك بىلە سەن كەلمە[4] بۇ يۇلغە دەلىل،
بولسە يولۇك يولدا هارارسەن زەلىل[5].
يۈرگەلى بۇ يولغە فەنا ئەهلى خوب،
يەتكەلى مەنزىلگە بەقا ئەهلى خوب.
پىرى تەرىقەت دىدىلەر كىم بايا،
ئەهلى بەقانىڭ نەزەرى كىمىيا.
مەسسى ۋۇجۇدۇڭنى سىپنىڭ زىر قىلۇر،
زەرگەرى هەققانى چۇ مەنزەر قىلۇر.
مەن زەر ئېتىپ مەنزۇر ئۈچۈن بارمادىم،
بىر ۋەلىنىڭ ئىتەكىن قارمادىم.
زەرنى سىيەھ تابىدە زەرگەر تانۇر،
ئەرنى تونۇر بولسە يانا ئەر تانۇر[6].
ئەلغەرەز ئول تاغ تۈبىدىن ئۈيان،
سەر هەددى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تۆرت جەۋانىبدە هەمە تاغلەر،
سەهنە گۈلستان يەنە باغلەر.
يازۇ قىشىن مەشهەد ئىچىدە ئاقار،
چەشمەلەدىن جوي بەجوي ئاشار.
جۈمئە كۈنى ئەرتەسىدىن تابەشام،
جەمئ بولۇپ تەۋف ئۈچۈن خاسۇئام.
خەلق قىلۇر رەۋزەلەرىغە هۇجۇم،



سەق ـ سەف ئولۇپ مىسلى مەلەك يا نۇجۇم.
بارچەلەرى خادەمى مەشهەد بولۇپ،
مەشهەدى ئەئلايى زەبەر[15] ئولۇپ.
تەئبىيە[16] قەندىل چەراغان هەمە،
بەيزە[17] سىمۇرغى چۇلەرزان هەمە.
بوسە قىلىپ باسقان ئىزىن شاھلەر،
نەشئە تاپىپ هەر نەفەس ئاگاهلەر.
زابىتەئى[18] دىنغە نىگەهدار[19] ئۈچۈن،
ئاجىزۇ هەيرانغە مەدەدكار ئۈچۈن.
گوشە نىشىنان دۇئاگويلەرى،
سومئەداران رىزا جويلەرى.
هەر نەفەسى تەۋفكە هازىر دۇلەر،
تەۋبە قوبۇغلەرىغە نازىر دۇلەر.
سىدقى بىلەن هەر بىرى هاجەت تىلەپ،
هەزرەتى سۇلتاندىن ئىجابەت تىلەپ.
ئاررزويى ۋەسلى بىلەن ئىنتىزار،
هەرنە تىلەر بولسە مۇرادىن تاپار.
ئۈچ يىلۇ ئۈچ ئاي زەلىلى غەرىب،
ياتىپ ئىدىم مىسلى خەزان سارغارىب.
ژەندە بىمەئنى كەفەن ئەيلەبان،
دەربەدەر تەركى ۋەتەن ئەيلەبان.
خىرقەئى ئەهمەدنى قىلىپ پەردە پۇش،
رەئد[20] كەبى ئەيلەر ئىدىم مەن خۇرۇش.
بەرقى سۇفەت خەندە[21] قىلىپ هەر نەفەس،

بۇلبۇل گوياكى ئەسىرى قەفەس.
ئېيتىپ ئايا شاھ[8] ساتۇق بۇغراخان،
راز دىلىم سەندىن ئەمەسدۇر نىھان.
ھەددىن ئاشىپ نالەئى ئاھىم مېنىڭ،
دەئۋى ئىشقىڭغە گۇۋاھىم مېنىڭ.
خەستە زەلىلىنى بۇگۇن[9] شاد قىل،
كۆڭلى بۇزۇغ كەلدى[10] سەن ئاباد قىل.
سەن ماڭا گەر لۇتف ۋەفا قىلماساڭ،
يول تونۇتۇپ ئەھلى رىزا قىلماساڭ.
غەفلەت ئىلە راھى زەلالەتدە مەن،
تاڭلا قىيامەتدە نەدامەتدە مەن.
كۆندۇرابان يولغە ئىشارەت بەر،
ۋەئدەئى دىدارغە ئىشارەت بەر.
كېتۇر كۆزۈم پەردەسىدىن خىرەلىك،
بەلكى كۆڭۈل لەۋھىدەكى تىيرەلىك.
نەقش ئاڭا باغلا سوخالىڭ سېنىڭ،
جىلۋەگەر ئولسۇن بۇ جەمالىڭ سېنىڭ.
ئەيلە تەجەممۇلنى ھۇۋەيدا ماڭا،
ھەشەرغىچە بولسۇ تاماشا ماڭا.
قىل كەرەمىڭ بىرلە دۇئا مۇستەجاب،
خاھ خەتا بولدىيۇ خاھى سەۋاب.
تۈشمەگۈچە سايەئى ساھىب نەزەر،
سەبزە قاچان بولغۇسى بۇ بەھرۇ بەر.



ساقىئى گۇلچېھرە ماڭا بەر ئاياغ،
كۆڭلۈم ئېرۇر لالە سىفەت داغ داغ.
خار سىتەم بىرلە ھەم ئاغۇش مەن،
غۇنچە سەۋسەن كەبى خامۇش مەن.
تابەكى ئەي دوست چەككەي ئىزتىراب،
مىسلى بىنەفشە سەھەرى پېچتاب.
باش چىقاراي چۇن گۇلى رەئنا كەبى،
جان بېرەيىن سۆزگە مەسىھا كەبى.
شەرھ[11] قىلاي ئەنجۇمەنى ياركەند،
تاپسۇ تەراۋەت چىمەنى ياركەند.
شەھەر ئىدى شاھ نىشىن كانى رەخت،
بارچە موغۇلىيە ئارا پاي تەخت.
مۇلكى مۇرەسسەئ شەھرى تازە،
ئاقسۇ-كۇچانىڭ يۈزىگە غازە.
بىر تەرەفى ئابى رەۋانى مىشار،
جەزبە ئىلى بارسە قازاندەك تاشار.
ئالدىدەدۇر رەۋزەئى ئەھلى رىزا،
خوجە مۇھەممەد شەرىفى ئەۋلىيا.
سەرۋەرى سەردار سەر ئاشقان،
تالىبى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تازە ئۇلەردىن شەھەرى يار كەند،
خوجەئى ۋالا[21] گۆھەرى ياركەند.
پىرى ھەمەشاھ-گەدادۇر، بىلىڭ،
ھامىيۇ مەردان خۇدادۇر، بىلىڭ.

گۇنبەزى ئالىيۇ يەنە خانىقاھ،
ئاندا ئالۇر بارچە مۇسافىر پەناھ.
يەئنى تويار ھەر كىشى كىم ئاچدۇر،
پۇشەش ئالۇر كىمكى يالاڭاچدۇر.
جۇمئەۋۇ پەنجشەنبە كۇنى كېچەسى،
خەلق زىيارەتكە بارۇرلەر بەسى.
نەزرۇ نىيازىنى ئالىپ دەمبەدەم[12]،
تۇرك، تاجىكۇ ئەرەب ھەم ئەجەم.
شەھەر ئىچىدىن[13] ياسانىپ شوخلەر،
ھۆرى بېھىشتىچە بولۇپ جىلۋەگەر.
مەست قىلىپ ئەلنى بېتەرزى كەلام،
ھەر بىرى بىر كىبىك دەرى خۇشخۇرام.
قىرمىزى كۆڭلەكدە كۆرۈپ ئەھلى ھۇش،
بىھۇش ئولۇپ بولدى چۇ نارەنجى پۇش.
ھەئزى پەرىزادى ئېرەمدەك ھەمان،
باشدىن ئاياغ ياسىمەنى ئەرغەۋان.
زېب بېرىپ باشدە مولۇن[14] تۇماغ،
چېھرە مۇنەۋۋەر گۆھەرى شەب چىراغ.
ئىشرەت ئېتىپ[15] قىزۇ يىگىت جۇۋان[16]،
ئەرتەدىن ئاخشامغىچە خىرەد كالان[17].
خەلق تەۋاف ئىچرە دۇئاگوي ئۇچۇن،
ھەفتە ئول يەردە ئەجەب توي ئۇچۇن.
ھالى ئۇ يەر مەنزىلى ئاباددۇر،
روھى راۋانى خوجەھەم شاددۇر.



راۋى يەنە تازە رىۋايەت ئېتىپ،
كۆرگەن ـ ئىشتكەنىنى ھىكايەت ئېتىپ.
يەتتە مۇھەممەدنى بەيان ئەيلەگىل،
مەرقەدى پاكىنى ئەيان ئەيلەگىل.
غافىل ئولۇپ يەتتە مۇھەممەد دىمە،
غەيب ئىرانلەردىن ئىدىلەر ھەمە.
بائىسى ئول ئەھمەدى مۇختاردىن،
تۇشكەن ئۇلەر گۇنبەزى دەۋۋاردىن.
كۆردى جاھاننى كەزىبان يەتتە تەن،
ئاقىبەتى بولدى بۇ مەنزىل ۋەتەن.
رەۋزەنىڭ ئەترافى قومۇشلۇقدۇر،
فەيزىلەرىدىندۇر گۆرىستانى نۇر.
جەمئ بولۇپ بارچە يىقىنۇ يىراغ،
جۇمئەۋۇ پەنجشەنبە ئىبەر چىل چىراغ.
سومئە ھوجرەلەرى ھەر قايان،
تۇغ ـ ئەلەم مەرقەد ئۆزە سايىبان.
فەيزى فۇتۇھاتلەرى كەم ئەمەس،
كىمكى تەۋاف ئەتمەدى ئۆمرى ئەبەس.
ئۆكسۇمەس ئول رەۋزەدە نەزرۇنىياز،
ھاجەت ئېلى كەلسە بولۇر بى نىياز.
يىغىلىشىبان مەردۇ زەنى ياركەند،
بارچە ئۆيدىن ئېرۇر بەھرەمەند.
ئۆمرى بۇ ياڭلىغ ئۆتەدۇر سۇبھى شام،
بەھرە ئالىبان كېتەدۇر خاسۇ ئام.

تەكيە[22] قىلىپدۇرلەر غەرىبان شەھەر،
گۇرۇسنە[23]ۋۇ تەشنە فەقىران شەھەر.
بىرسى تىكىپ ژەندە بىرسى كۇلاھ،
ھەر بىرى بىر پادىشەھى بى سىپاھ.
كەلتۈرۈبان قۇرب[24] ئىشىكىگە روي،
جەللى جەلالىغە[25] ئانىڭ ھەمد گوي.
”جىم“ جەمالىدىن ئىچىپ بادەلەر،
”مىم“ مۇجەررەد بىلە ئازادەلەر.
”قاف“ قەلەندەرگە قەنائەت قىلىپ،
”لام“نى زىكرىغە دەلالەت قىلىپ.
”نۇنى“ نەدامەت كۆڭلىدىن ئەسەرى،
”دال“ دىيانەت كۆڭلىدىن خەبەرى،
”رى“كى رىيازەتكە ئىشارەتدۇر،
بىلگۈچىگە تۇرفە بىشارەتدۇر.
كىم بۇ ھۇرۇفلەرغە خەبەردار ئەمەس،
ھەيف ئانىڭ ئۆمرىگە، بىدار ئەمەس.
نەچە فەقىران تەرىقەت شىناس،
پاكىزە تەبەئان، مۇرەسسەئ لىباس.
چېھرە كۇشايان نىھانى ھەمە،
ۋاقىفى ئەسرار مەئانى ھەمە.
سۆزلەرى ئەسرار ئوتىدىن تابدار،
تىغى زەبانى ھەمەنىڭ ئابدار.
بىرسى بولۇپ قۇلزۇم مەئنىدە غەرق،
بىرسى جۇنۇن شىددەتىدىن مىسلى بەرق.



مۇندە نەزەر ئەردى نەزارى زور،
مەن ئەيدىمۇ گۇنبەزىيۇ ئەسكى گۆر.
ئىككى يىل ئول[18] جاي ئىچىدە بار ئىدىم،
ئىشق بەلاسىغە گىرىفتار ئىدىم.
گاھ ئۆزۈم بىرلە قىلىپ گۇفتگوي،
گاھ چېكىپ ھوي بۇ ژۇلىدە موي.
كېچە قەدەم بىرلە ئىدى دەمدە مەن،
خەلق ھەمە ئۇيقۇداۋۇ غەمدە مەن،
ئولتۇرۇپ ئەردىم سەھەرى بىقەرار،
كەلدى گۇرۇھى كى چۇ بادى بەھار.

## ئايەتى ئىننەللاھۇ بەھۇببۇل جەمال مەزمۇنى بىرلە كۆكۈل نازەنىنى مەشھەدكە سەيد بولغانى

لېبىڭ ئۇلەرنىڭ ئىچىدە دىلبەرى،
ھۆرلىقا ماھ، پەرى پەيكەرى.
قىرمىزى لەب، ئىشۋەگەرى شوخۇشەڭ،
جىلۋەگەر ئولدىچۇ بوستانى فەرەڭ.
كاكۇلى يەلدا كېچەسىدەك قارا،
شانە كەشى كاكۇلى بادى سەبا.
شەمئ يۈزىدىن بەدەنى شۆئلە پۇش،
سىلسىلەئى زۇلفى تۇشۇبان يەدۇش.
لەئلى لەبى ئۆززە خەتتى ئەنبەرىن،
قاشى زۇمۇررەد گون ئولۇپ ئوسمەدىن.

ساچى خىتا مۇشكى بىلەن ئەردى تەك،
ھىندۇيى خالىچۇ ئەسرى فەرەك[19].
ئىككى قۇلاقى گۇلدە يافۇرماغدەك،
ئىككى بىجى سىنەدە قايماغدەك.
ھەر نەزەرى خەنجەرى[20] شەمشىر تىز،
كۆزلەرى مەھشەرگە سالىپ رۇستەخىز.
قامەتى رەئنا گۇلنىڭ خۇمچەسى،
جىلۋەدە رەفتارى قىيامەت بەسى.
بادى بەھارىدەك ئۆتۈپ كەتتى ئول،
بەنــدەنى رەسـۋاۋۇ خەراب ئەتــتى ئول.
لېيك قىيا سالمادى ھەرگىز نەزەر،
كۆرمەدىم ئانداغ سەنەمى ئەلھەزەر.
ئول كۈنى تا كېچە چېكىپ ئىشتىياق،
ئەيتۇر ئىدىم نالەئى ھەزا فىراق.
بىر كېچە-كۈندۈز ئىچىدە مەست ئىدىم،
سايە سىفەت[21] تۇفراغ ئۈزە پەست ئىدىم.
ئىشق يولىدا ياراشۇر خارلىق،
ئەينى ۋەفادۇر بۇ ستەمكارلىق.
كىمكى بەلا چەكمەدى ئاشىق ئەمەس،
بۇلبۇل ئۇشۇلدۇركى ئەسرى قەفەس.
ئۇچماغ ئۈچۈن ھەر دەمى جۇش ئەيلەگەي،
نالەسىدىن خەلق خۇرۇش ئەيلەگەي.
باغى جۇنۇنۇنىڭ[22] سەمەرى ئىشقدۇر،
ئىككى جەھان ھەم ئەسەرى ئىشقدۇر.



كەئبەدە ھەم بۇتكە[26]دە دۇر ئىشقدىن،
بادە ۋۇ مەيكەدە دۇر ئىشقدىن.
ئىشق ئەگەر بولماسە، پەرۋەردەگار،
ھەرگىز ئۆزىن قىلماس ئىدى ئاشكار.
ئىشق بىلەن زاھىر ئولۇپ مۇنچە نۇر،
ئىشق ئۈچۈن كەلدى[23] شەرابەن تۇھۇر.
ئىشق پەدىد ئەيلەدى بۇ كاينات،
ئىشق ئەگەر بولماسە كوھنە رەبات.
بەندە ئۆزىن ھەق سارىغە باشلاغاي،
پىرى تەرىقەت ئاڭا يول باشلاغاي.
قافىلەنىڭ ئىچىدە ۋەر سەفەر،
يولچى ئەگەر بولماسە بولغاي خەتەر.

كەلتۈر، ئايا، ساقىئى پەرخەندە پەي،
بادە بەئاۋازى رۇباب ئىلە نەي.
جامى لەبالەبنى بېرىپ مەست قىل،
ئىككى جەھان جان كۆزىگە پەست قىل.
نەغمەئى باتىننى قىلىپ گەرمۇ گەرم،
ساقى قۇلاقىغە دىدى نەرمۇ نەرم.
نەغمە بىلەن تازە دۇرۇر جانلەر،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلەر.
نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۆزدى مىھارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر.
نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن،

نەغمە بىلەن قىلدى فەرامۇش ۋەتەن.
بىلمەدىكىم بولدى جۇدا ئەسلىدىن،
قۇربى ئىلاھا ۋەتەنى ئەسلىدىن.
ھالىكى بۇ يەردە مۇسافىر مەن،
قەند ئەگەر بەرسەلە دىلگىر مەن.
كۆڭلۈم ئىتەدۇر يادىڭىھى ياركەند،
كوچەئى بازار رەھى ياركەند.
چەشم چىراغى ھەمە مەملەكەت،
رەۋنەقى باغى چىمەن مەئرىفەت.
بار ئىدى بىر تەكيەئى ئالى ئەجەب،
ساھىبى كىم ئەردى ئەسلۇن نەسەب.
نام مۇبارەكلەرى ساقى ئىدى،
نەقلى مەيى مەجلىسى باقى ئىدى.
مەھرەمى ئەسرار جەۋاھىر فۇرۇش،
مۇرشىد گەنج گىرىھ ژەندە پۇش،
قىلمە ئۇنى ئۆزگە قەلەندەر قىياس،
سىلسىلەئى جۇنۇبان تەرىقەت شىناس.
بەيت ئوقۇر بولسە ئىدى شۆئلە رىز،
دادى سۇخەن بەرگەلى شەمشىر تىز.
كانى سۇخەندىن ئالىيان لەئلى دۇر،
ئەيلەپ ئەيدى مەئنى قۇلاقىنى پۇر.
مەشغۇل ئولۇپ ھەر كۈندە بىر سەلەۋات،
ئۇچراسە قۇرئان ئىچىدە مۇشكىلات.
رەۋشەن ئىتىپ مەئنىئى ئايەت بىلە،



كۆندۈرۈبان يولغە ھىدايەت بىلە.
ئىلمى ھەقايىق بىلەكىم جەندەۋەر،
نۇرى ئىلاھا يۈزىدىن جىلۋەگەر،
نىيەتى تەۋف ھەرەمەين ئەيلەبان،
ھىندۇ يولىن تۇتتىلەر ياھۇ دىبان.
تەۋف دەغى ئەتمەپ ئىدىلەر ھۇنۇز،
بالتىغە ھەم يەتمەپ ئىدىلەر ھۇنۇز.
ئالەمى ئوقباغە گۆزەر قىلدىلەر،
شاھىدى مەئنىغە نەزەر قىلدىلەر.
ئىتەدۇر مەن يەئنى بىباكۇ سۇرۇد،
روھى رەۋانىغە بەلاھەد دۇرۇد.
ھال ئوشول تەكيەكى ۋەيرانەدۇر،
مەنزىلى ھىزان لولىخانەدۇر.
ئولتۇرۇبان بىر بىرىگە روبروي،
جۇببە قىمارباز غەرىب مۇردە شوي.
بىھىل ئىلىك ئۆزرە تەبىلباز يوق،
سەيد ئۇچۇپ كەتتىيۇ شەھباز يوق،
مەۋسۇمى گۈل ئۆتتى قۇرۇغ باغلەر،
مەسكىنى بۇلبۇلدە يۈرۈر زاغلەر.
داغى كوھەن تازە بولۇپ باشدىن،
باغلادى فەۋۋارە كۆزۈم ياشدىن.
لالە سىفەت داغى نىھان ئولمىشەم،
جانىبى سوسى كارۋان ئولمىشەم.
كىردى نەۋايى سوسى بازارلەر،

ھەر تەرەفى جوش خەرىدارلەر.
نېئمەتى ئەلۋان فەراۋان ھەمە،
كۆلچەلەر چېچەكۇ دەندان ھەمە.
سانبۇسە، قاتلاما بىر يان بولۇپ،
بەش پۇلى بار ئادەمى سۇلتان بولۇپ.
باشدىن ئاياغ سوسىدە شەرب فۇرۇش،
يەتمىش ئۇچ تايىفە جوش خۇرۇش.
زىننەتى بازار بۇ باققاللەر،
ئولتۇرۇبان نەچە كوھەن ساللەر.
ھەر بىرسى ئەردى چۇ ساھىبى ھۇنەر،
بەر ئوغۇلى چۇ ئابى گۆھەر.
نەقلى گۇلى قەند سۆزىدىن خىجىل،
سىبى سەمەرقەند يۈزىدىن خىجىل.
مىۋەلەنى خونغە تىزىپ خىل-خىل،
بۇيى قەلەمفۇر، يىدى زەنجىبىل.
گوشەئىدىن ئاچچىغ ئېتىپ قىياز،
فەررەكچىنىڭ زەردەكى قىل-قىل دەراز.
سەير ئېتىپ باز دىلۇجان بىلە،
كەيف فۇرۇشلۇق رەگىستان بىلە.
بار ئىدى يادىمدە مۇقەددەم سۆزى،
سەھنى رەگىستان دۇ شەھەرنىڭ كۆزى.
بىر تەرەفى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۇلىستانىدۇر.
ۋەقتى پىشىن ئەردى ئىبادەت ئۇچۇن،



ئەھلى فەزىلەتنى زىيارەت ئۇچۇن.
كىردىم ئوشول مەدرەسەگە دەرد ئىلە،
ھويى چېكىپ يەئنى رۇخزەرد ئىلە.
سالدىم ئوشول لەھزە بەھەر سو نەزەر،
مەدرەسە يوق جەننەتى ئەئلا مەگەر.
ھوجرەلەرى بىر - بىرىدىن دىل پىسەند،
پەنجىرەۋۇ لەنفەۋۇ تاقى بەلەند.
جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان.
بىرلەرى ياش ئەردى، بىرسى قارى،
بارچەسىدىن ئىككى ئەزىز يۇقارى.
پىر ئىدى گەرچە دەرەختى كۆھەن،
مىۋە بېرۇر ئەردى بېۋەقتى سۇخەن.
خىزرى سۇفەت تەگرى يولىغە ئەسا،
ھاجى مۇھەممەد يۇسۇف پارسا[27].
مۇتتەقىيۇ مۆئمىنۇ پەرھىزكار،
ئارىف ھەم ئاشىق، شەب زىندە دار[28].
شامۇ سەھەر ئارەزىدە نۇر ئىدى،
سۇبھى ساقاللەرىدە كافۇر ئىدى.
يەرگە قويۇپ كىچەلەر رويى نىياز،
